# دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى

(2006 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە)

# پائالىيەت دوكلاتى

(دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 3 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا دوكلات)

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باش كاتىپلىقى

2009 ـ يىلى 5 ـ ئاي

ميۇنخېن ـ گېرمانىيە

# World Uyghur Congress

## Activities Report

(November 2006 – April 2009)

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەت دوكلاتى

(دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 3 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا دوكلات)

2009 - يىلى 5 - ئاي

ميۇنخېن - گېرمانىيە

# مۇندەرىجە

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پائالىيەت دوكلاتى (خۇلاسە دوكلات) ........................... 005
دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن قىسقىچە نەمۇنىلەر........................ 019
2006 ـ يىل ............................................................ 019
2007 – يىلى........................................................... 030
2008 – يىلى........................................................... 098
2009 – يىلى........................................................... 153
ب د ت كىشىلىك هوقۇق يىغىنى ھەققىدە قىسقىچە دوكلات ........................... 165
د ئۇ ق نىڭ سىياسىي پائالىيەتلەر ھەققىدە قارارى .................................... 170
د ئۇ ق نىڭ تەشكىلى مەسىلىلەر ھەققىدە قارارى...................................... 176
د ئۇ ق نىڭ فوند ھەققىدىكى قارارى .................................................. 179
د ئۇ ق نىڭ سىياسىي ئىلتىجاچىلار ۋە مۇھاجىرلار مەسىلىسى ھەققىدە قارارى........ 181
د ئۇ ق نىڭ نەشرىيات ـ تەشۋىقات ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ پائالىيەتلىرى ھەققىدە قارار ...183

# دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پائالىيەت دوكلاتى

## (خۇلاسە دوكلات)

شەرقىي تۈركىستان مىللىي دەۋاسىنىڭ ئېھتىياجى، خەلقىمىزنىڭ كۈچلۈك ئارزۇ تەلەپلىرىگە ئاساسەن، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئىككى چوڭ ۋەكىللىك ئورگىنى بولغان شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى، 2004 - يىلى ئاپرېلدا، گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك بىرلەشمە قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ بىردىنبىر تولۇق ھوقۇقلۇق مەركىزى ئورگىنى «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نى قۇرۇپ چىققان ئىدى.

د ئۇ ق قۇرۇلۇپ، 2004 - يىلدىن 2006 - يىلىغىچە بولغان ئىككى يىل جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىدە يىللاردىن بۇيان ئېھتىياج ھېس قىلىپ كەلگەن سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن بىر مەركەزلىك سىستېمىنى شەكىللەندۈرۈپ، مىللىي ھەرىكىتىمىزنى تەشكىلىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن مۇستەھكەملەشنى ئىشقا ئاشۇردى. شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىگە بىر مەركەزدىن رەھبەرلىك قىلىدىغان تەشكىلىي قۇرۇلمىنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈپ، 2006 - يىلى 11 - ئايدا ميۇنخېندا د ئۇ ق نىڭ 2 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى (شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتىيى) نى چاقىردى.

2006 - يىلى 11 - ئايدا چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم رەئىسلىكىدە د ئۇ ق نىڭ يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن يېڭى بىر دەۋرى ئېچىلدى.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى، سىياسىي كومىتېت، مۇھاجىرلار كومىتېتى، نەشرىيات - تەشۋىقات كومىتېتى، تەشكىلىي كومىتېت، مالىيە كومىتېتى، مائارىپ – مەدەنىيەت، دىنىي ئىشلار كومىتېتى قاتارلىق 6 كومىتېتقا بۆلۈنگەن ھالدا 4 كۈنلۈك جىددىي مۇزاكىرىلەر، مۇنازىرىلەر ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي دەۋاسىنى سىياسىي، ئىقتىسادى، تەشكىلىي جەھەتلەردىن كۈچلەندۈرۈشنىڭ پىلان - پروگراممىلىرى تۈزۈپ چىقىلدى ۋە مۇھىم قارارلار قوبۇل قىلىندى.

د ئۇ ق نىڭ يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتى، قۇرۇلتاي قارارلىرىنىڭ روھى بويىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سىستېمىلىق ۋە پىلانلىق ھالدا، ئىنتايىن چەكلىك ئىمكانلار ۋە قىيىنچىلىقلار ئىچىدە زور شىجائەت بىلەن پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

قۇرۇلتىيىمىز ئۆتكەن 3 يىل جەريانىدا، تاشقى جەھەتتە خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى خەلقئارادا «تېرروررىزم» قالپىقى بىلەن قارىلاپ، ئۇجۇقتۇرۇش سۇيىقەستىنى تارمار قىلىش، ئىچكى قىسىمدا بولسا، تەشكىلىي

جەھەتتە مەركەزلەشتۈرۈش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ مىللىي دەۋايىمىزغا بولغان ساداقىتىنى، قىزغىنلىقىنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىدا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. نەتىجىدە د ئۇ ق نىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازى، ھۆرمىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ۋە ھەقىقەتەنمۇ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا خەلقئارادا ۋاكالەتچىلىك قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە مەركىزى ئورگان بولۇپ تونۇلدى. خەلقىمىز ئىچىدە بولسا، يۈكسەك ئىشەنچ ۋە مۇتلەق ئېتىراپ قىلىشقا مۇيەسسەر بولدى.

رەئىسىمىز رابىيە قادىر خانىم ۋە باشقا د ئۇ ق رەھبەرلىرىنىڭ ئامېرىكا، ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئاۋستىرالىيە قىتئەلىرىدە ئېلىپ بارغان تىنىمسىز پائالىيەتلىرى بىلەن، ئۇيغۇر دەۋاسى دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا «بىلىنمىگەن مەسىلە، بىلىنمىگەن مىللەت» كاتېگورىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، خەلقئارادا ئۆزىگە زور تەرەپدار تاپلاش، ھەتتا دۆلەتلەرنىڭ سىياسەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش سەۋىيىسىگە ئۇلاشتى.

دۇنيا سىياسىتىنى بەلگىلەيدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى خەلقئارا سورۇنلاردا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان ھېسداشلىقىنى، قوللىشىنى ۋە ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش ۋە ئادالەتسىز سىياسىتىنى ئاشكارا تەنقىد قىلدى.

ئامېرىكا پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن 2 قېتىم رەئىسىمىز رابىيە خانىمنى قوبۇل قىلىشى، بولۇپمۇ چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى پراگا شەھىرىدە ئېچىلغان خەلقئارا «دېموكراتىيە ۋە بىخەتەرلىك» مۇنبىرىدە، پرېزىدېنت بۇشنىڭ رابىيە خانىمنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، «رابىيە خانىمنى دېموكراتىيە، ئەركىنلىك جەڭچىسى» دەپ تەرىپلىشى، كانادا باش مىنىستىرى Stephan Herbler ئەپەندى، ب د ت باش كاتىپى كوفى ئاننان ئەپەندى، ياپونىيە باش ۋەزىرى Shinzong Abi ئەپەندى قاتارلىق دۇنيا رەھبەرلىرىنىڭ، ياۋروپا پارلامېنت ۋە مىللىي پارلامېنتلەرنىڭ رەئىسلىرى، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ كۆپلىگەن پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ رابىيە خانىمنى د ئۇ ق نىڭ رەئىسى سالاھىيىتى بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە جىددىي مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بارغانلىقى بۈگۈنكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى مەركەز قىلغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىدۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق كۈرىشىنى دەھشەتلىك رەۋىشتە باستۇرۇپلا قالماي، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنى تېرروررىزم تۆھمىتى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇش، ئۇيغۇر مىللىي مۇجادىلىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەرلىرىنى يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن بارلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىك ۋاسىتىلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ تىنىم تاپماي ۋاتقان بىر پەيتتە، د ئۇ ق نىڭ ئامېرىكا، كانادا، ياپونىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە، شۋېتسىيە، نورۋېگىيە، شۋېتسارىيە، ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، بېلگىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتلىرىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ھەمدە ب د ت مۇنبىرىدە، ياۋروپا پارلامېنتىدا

تەسر قوزغىغان پائالىيەتلىرى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ھەقلىق بىر دەۋا ئىكەنلىكىنى خەلقئاراغا قوبۇل قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىنى، دىققىتىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ مىللىي دەۋايىمىزغا بولغان ئۈمىدىنى، ئىشەنچىنى تىكلەشتە زور تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقەلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

د ئۇ ق ۋە ئۇنىڭ رەئىسى رابىيە قادىر خانىمنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، 2007 ـ يىلى ئامېرىكا كونگرېسىدە، ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەخسۇس قارار لايىھەلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، گېرمانىيە پارلامېنتىدا خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كۆنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەخسۇس 16 ماددىلىق تەكلىپنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ خەلقئارادا قانۇنى ئاساسىنىڭ تىكلىنىشىدە مۇھىم قەدەم باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

د ئۇ ق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى بايقۇت قىلىش  چاقىرىقى ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دوستلۇق، تىنچلىق، باراۋەرلىكنىڭ سىمۋولى بولغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە خەلقئارا جامائەتچىلىكنى ئۈزلۈكسىز ئاگاھلاندۇرۇپ كەلدى. گەرچە بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا قارشى،  بېيجىڭدا ئولىمپىك ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئولىمپىكنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تىبەت، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، خەلقئارا جامائەتچىلىكنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. د ئۇ ق، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بارلىق دۆلەتلەردە زور كۆلەمدىكى نارازىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ پائالىيەتلەر خەلقئارادا خېلىلا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى.

د ئۇ ق ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ب د ت مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقىش ۋە بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى. ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى كومىتېتلىرىغا دوكلات ۋە ماتېرىياللارنى يوللاش، خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ب د ت دە دوكلات بېرىش يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇش، ب د ت نىڭ ئالدىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى نارازىلىق نامايىشلىرى تەشكىللەش ... ئارقىلىق، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ، دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە تارتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى.

2008 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن،  ب د ت «تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى»نىڭ يىغىنىغا ۋە 2009 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ «كىشىلىك ھوقۇقنى ئومۇميۈزلۈك كۆزدىن كەچۈرۈش» يىغىنىغا مەخسۇس ۋەكىل ئەۋەتىپ، ب د ت دا بىر قاتار پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى، نەتىجىدە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ب د ت مۇنبىرىدە خېلىلا غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.

د ئۇ ق شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئالىي سىياسىي مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش، تىنچلىق پرىنسىپى بويىچە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا قانۇن – نىزاملار ئاساسىدا ھەل قىلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىش ۋە بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى دۆلەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ كەسپلىشىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇلارنىڭ خەلقئارا قانۇن،

دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرى ساھەلىرى بويىچە چۈشەنچىلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، 2007 ـ يىلدىن ئېتىبارەن «ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش پروگراممىسى» نى يولغا قويدى. ھازىرغىچە 3 قارار ئېلىپ بېرىلغان بۇ پروگراما، تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي دەۋايىمىزنى خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ بېرىش، كەسپلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنىڭ خەلقئارا يىغىنلار، ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتلار بىلەن بولغان ئۇچرىشىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بارغان كۆپ قېتىملىق زىيارەتلەر، ئۇيغۇر دەۋاسىنى خەلقئارا جامائەتچىلىككە توغرا تونۇتۇش، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىغا رەددىيە بېرىش ۋە ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈن خەلقئارا مۇنبەر شەكىللەندۈرۈشىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

د ئۇ ق نىڭ 3 يىلدىن بۇيانقى پائالىيەتلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە ئىزاھلاش مۇمكىن:

## 1. دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر

د ئۇ ق ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم پائالىيەت پىلانلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلەپ، بۇ جەھەتتە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى. بولۇپمۇ دۇنيا سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇققا ئەھمىيەت بېرىدىغان دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتلىرى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەت قۇرۇپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئاڭلىتىش جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. دۆلەتلەرنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىگە، ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتلىرىگە تەسىر قىلىشنىڭ يولى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردى.

رەئىسىمىز رابىيە قادىر خانىم باشتا بولۇپ، د ئۇ ق رەھبەرلىرى ئامېرىكا، كانادا، گېرمانىيە، نورۋېگىيە، شۋېتسارىيە، شۋېتسىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، فىلىپپىن، ئۇكرائىنا، پولشا، چېخ، ئەنگلىيە، تۈركىيە، ئاۋستىرىيە، فرانسىيە، دانىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئىستونىيە، بوسنىيە، ئالبانىيە، ئىتالىيە... قاتارلىق دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلدى. بۇ زىيارەتلەردە دۆلەتلەرنىڭ رەسمىي ئورگانلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن مەخسۇس ئۇچرىشىشلار ئېلىپ بېرىلدى. مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇچرىشىشلار دۆلەت رەئىسى، باش مىنىستىر، مىنىستىر، پارلامېنت رەئىسلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى سەۋىيەسىدە ئېلىپ بېرىلدى.

يۇقىرىقى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتلىرىغا شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان خەتەرلىك ۋەزىيەتلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا مەخسۇس دوكلات ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرى سۇنۇلدى. نەتىجىدە دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت، پارلامېنتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان قىزىقىشى، ھېسداشلىقى قولغا كەلتۈرۈلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئۇچرىشىشلار، كىشىلىك ھوقۇق سۆھبەتلىرىدە بىر قىسىم

دېموكراتىك دۆلەتلەر ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى جىددىي ئاگاھلاندۇردى.

د ئۇ ق نىڭ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتلىرىدا ئېلىپ بارغان جىددىي پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەخسۇس قانۇن لايىھەلىرى ماقۇللاندى، تەكلىپ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھۆكۈمەتلەرنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تەسىر قىلىدىغان شەكىلدە بېسىم ئىشلىتىشكە قىستىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن دىپلوماتىيە كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، د ئۇ ق ۋە ئۇنىڭ رەئىسى رابىيە قادىر خانىمنى «تېرروررىست» قالپىقى بىلەن قارىلاپ، نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرگە، جۈملىدىن 2007 - يىلىدىكى ياۋروپا پارلامېنتىغا رابىيە قادىر خانىم ۋە باشقا د ئۇ ق رەھبەرلىرىنى كىرگۈزمەسلىك، د ئۇ ق نىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش ھەققىدە ئېلىپ بارغان سىياسىي سۈيقەستلىرى، د ئۇ ق نىڭ ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىشى بىلەن ۋە يۈزلىگەن پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىغا بولغان توغرا تونۇشى، ھېسداشلىقى ۋە قوللىشى بىلەن مەغلۇپ قىلىندى. نەتىجىدە 2007 - يىلى مايدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 60 دىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئىنقىلابچىلار ياۋروپا پارلامېنتىدا يىغىن ئۆتكۈزدى ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مۇنبىرىگە ئېسىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي سۈيقەستلىرىنىڭ خەلقئارادا بازار تاپالمايدىغانلىقىغا ئاشكارا جاۋاب بولدى.

بولۇپمۇ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، رەئىسىمىز رابىيە خانىمنىڭ دۇنيا رەھبەرلىرى تەرىپىدىن قىممەتلىك مېھمان سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە مىللىي دەۋايىمىزغا كۆرسىتىلگەن ھۆرمەت بولۇش بىلەن بىرگە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي سۈيقەستلىرىگە بېرىلگەن زەربە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، د ئۇ ق ئۆتكەن 3 يىل جەريانىدا خەلقئارادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش بىلەن بىرگە، خېلىلا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.

## 2 . خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىق ۋە خەلقئارادىكى پائالىيەتلەر

د ئۇ ق قۇرۇلغاندىن بۇيان خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ئىدى. ئۆتكەن 3 يىل جەريانىدا خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىق يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، خەتەر ئاستىدىكى خەلقلەر تەشكىلاتى، خەلقئارا مۇھاجىرلار تەشكىلاتى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى، چېگرىسىز ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى، رافتو فوندى، ئامېرىكا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى، خىتايدا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى قاتارلىق دۇنيادىكى نوپۇزلۇق تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇلدى. ئۇلار بىلەن ئۆز

ئارا ھەمكارلىق ئاساسىدا، بىرلىكتە خەلقئارادا كۆپلىگەن پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. بۇ پائالىيەتلەر بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ خەلقئارا سورۇندا بەلگىلىك تەسىر قوزغىشىغا تۈرتكە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بۇ تەشكىلاتلار ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم پائالىيەت پىلانلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتتى. قۇرۇلتىيىمىز بۇ تەشكىلاتلارنى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ تۇردى.

د ئۇ ق رەھبەرلىرى شىمالى ئامېرىكا، ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان خەلقئارا تەشكىلاتلار، پارتىيە، تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئۇنىۋېرسىتېتلەر ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن يۈزلەرچە خەلقئارالىق يىغىنغا قاتنىشىپ، بۇ يىغىنلاردا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئوخشىمىغان تېمىلار بويىچە دوكلات بەردى.

## 3 . تەشۋىقات خىزمەتلىرى

قۇرۇلتىيىمىز، تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنىڭ مىللىي دەۋايىمىزدا ئوينايدىغان رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئىقتىسادى ۋە ئىختىساسلىق ئادەم كۈچى جەھەتلەردىكى ئىنتايىن چەكلىك ئىمكانلار ئىچىدە بولسىمۇ، يەنىلا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بىر قاتار پائالىيەتلەرنى نەتىجىلىك ئېلىپ باردى.

قۇرۇلتىيىمىز ئىنتېرنېت تور بېتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. د ئۇ ق نىڭ ئىنتېرنېت تور بېتى 2005 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن ئېتىبارەن ئىنگلىزچە ۋە ئۇيغۇرچە تىللاردا رەسمىي يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، قەدەم باسقۇچ بىلەن خىتايچە، نېمىسچە ۋە ياپونچە تىللاردىمۇ يولغا قويۇلۇپ، شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلىرىمىزنى ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكنى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى، دۇنيا مەتبۇئاتىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەلۇماتلار، مۇنازىرىلەر، شۇنداقلا د ئۇ ق پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەشكە تىرىشتى. د ئۇ ق تور بېتىنى يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەزمۇنلار بىلەن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يېڭىلاپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. بۈگۈن د ئۇ ق تور بېتىنى زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا تەخمىنەن 40.000 دىن 50.000 قېتىم ئەتراپىدا بولماقتا.

قۇرۇلتاينىڭ نەشرىيات ـ تەشۋىقات مەركىزى تەرىپىدىن چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن ئىنگلىزچە، نېمىسچە تىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە د ئۇ ق تونۇشتۇرۇلغان كىتابچىلار، تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بولسا، چەت ئەل تىللىرىدا يېزىلغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت كىتابلار (ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى دېمۇكراتىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ماتېرىياللىرى، دېمۇكراتىيە كىشىلىك ھوقۇق ۋە خەلقئارا قانۇن قوللانمىسى) ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

بۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل شەكىلدىكى تەشۋىقات بۇيۇملىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرىدىغان ۋىدىيو كاسىتلىرى، رابىيە خانىمنىڭ خەلقئارا ئۇيغۇر مەسىلىسى ئىچىدىكى مۇراجىئەت كاسىتلىرى، شەرقىي تۈركىستان بايراقلىرى، ئىزنەكلەر، شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ۋە بېيجىڭ ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىدىغان سۈرەت(لوگو) لار چۈشۈرۈلگەن شارلار، شەپكە، مايكا ۋە ھەر خىل خاتىرە بۇيۇملىرى... بېسىپ تارقىتىلغانلىقى سىرتىدا ئالاھىدە مەخسۇس لايىھەلەنگەن (شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەرىتىسى، بايرىقى، دۆلەت گېربى چۈشۈرۈلگەن) تام سائىتى، تارىخى ۋەقە ۋە تارىخى شەخسلىرىمىز ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 2009 ـ 2010 ـ يىللىق كالېندار نەشر قىلىنىپ، خەلقئارا تەشكىلات، ھۆكۈمەت، پارلامېنتلەرگە ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىغا ھېسداشلىق قىلغۇچى كىشىلەرگە يېڭى يىل سوۋغىسى قىلىپ ئەۋەتىلدى. يۇقىرىقى بۇيۇملارنى لايىھەلەش ۋە باستۇرۇش ئىشلىرىغا باشتىن – ئاخىر د ئۇ ق نەشرىيات _ تەشۋىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئابدۇلجېلىل تۇران ئەپەندى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى.

## 4 . مەتبۇئات خىزمەتلىرى ۋە خەلقئارا مەتبۇئات بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر

قۇرۇلتىيىمىز خەلقئارا مەتبۇئات بىلەن بولغان ئالاقىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى د ئۇ ق رەھبەرلىرى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردىكى گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيون ئورگانلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قۇرۇشقا تىرىشىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا بەلگىلىك تەسىر قوزغىشىنى قولغا كەلتۈردى. دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ تېلېۋىزور قاناللىرى، گېزىت ـ ژۇرنال ۋە رادىئولىرىدا كەينى ـ كەينىدىن ئۇيغۇرلار ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ماقالىلەر، پروگراممىلار ئېلان قىلىندى. بولۇپمۇ بېيجىڭ ئولىمپىكىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن بەزى ۋەقەلەر ۋە د ئۇ ق نىڭ بېيجىڭ ئولىمپىكىنى بايقۇت قىلىش چاقىرىقى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلەر دۇنيا مەتبۇئاتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان قىزىقىشىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

دۇنيانىڭ نوپۇزلۇق مەتبۇئاتلىرىدىن CNN، BBC، ZDF، Roiter، AP، Al-jazire، ARD، TBS ... قاتارلىق مەتبۇئاتلارنىڭ مۇخبىرلىرى د ئۇ ق ئىشخانىسىنى ۋە د ئۇ ق نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى رەھبەرلىرنى زىيارەت قىلىپ مەخسۇس پروگراممىلار ئىشلەپ، تارقاتتى. بۇ جەرياندا ئامېرىكا، ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئاۋستىرالىيە قىتئەلىرىدىكى ھەر خىل مەتبۇئاتلارنىڭ يالغۇز رەئىسىمىز رابىيە خانىم بىلەن ئېلىپ بارغان مەخسۇس سۆھبەت پروگراممىلىرى يۈزلەرچە قېتىمدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ پروگراممىلار دۇنيانىڭ ئۇيغۇرلارنى بىلىشى ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ تەرەپدار توپلىشىدا زور رول ئوينىدى.

ئامېرىكا پرېزىدېنتى باراك ئوباما ئەپەندىنىڭ گۇئانتانامو تۈرمىسىنى تاقاش ھەققىدىكى يېڭى سىياستى، دۇنيا مەتبۇئاتىنىڭ دىققىتىنى ئۇيغۇرلارغا، جۈملىدىن گۇئانتانامو تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە يېڭىدىن قارىتىشىنى قوزغىدى. پۈتۈن دۇنيا مەتبۇئاتىدا ئۇيغۇر مەسىلىسى بەس ـ بەستە خەۋەر قىلىندى. ھەتتا د ئۇ ق رەھبەرلىرى دۇنيا مەتبۇئاتىنىڭ زىيارەتلىرىگە ۋاقىت

يېتىشتۈرەلمەسلىكتەك ئەھۋاللار يۈز بەردى. دۇنيا مەتبۇئاتلىرىدا ئىنگلىزچە، نېمىسچە، فرانسۇزچە، ياپونچە، خىتايچە، ئەرەبچە، تۈركچە، رۇسچە، ئىتالىيانچە، ئىسپانىيەچە.... تىللاردا نەچچە يۈزلىگەن ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

تېخى بىر قانچە يىللار ئىلگىرىكىچە، خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇرلار ھەققىدە چىققان بىر ـ ئىككى پارچە ماقالىلەر، زور ۋەقە دەپ قارىلىپ كەلگەن ئىدى. كېيىنكى بىر قانچە يىلدا د ئۇ ق نىڭ خەلقئارا مەتبۇئاتلار بىلەن بولغان يېقىن ھەمكارلىقى نەتىجىسىدە، خەلقئارا مەتبۇئاتنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان قىزىقىشىدا بۆسۈش خارەكتېرلىك ئىلگىرىلەش مەيدانغا كەلدى.

## 5 . سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدىكى پائالىيەتلەر

د ئۇ ق نىڭ مەركىزى رەھبەرلىك سالاھىيىتى ئۆتكەن 3 يىل جەريانىدا، مۇھاجىرەتتىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋەتەنداشلىرىمىز تەرىپىدىن بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بۈگۈن د ئۇ ق تاشقى جەھەتتە خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ، ئىچكى جەھەتتە بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بىردىنبىر ئېتىراپ قىلىشىغا، قوبۇل قىلىشىغا ۋە زور ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ بىردىنبىر ۋەكىللىك ئورگىنىدۇر. د ئۇ ق بۇ سالاھىيىتى بىلەن بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر تۇتاش پائالىيەتلەرگە تەشكىللەش، تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ئالاقىنى كۈچلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى.

د ئۇ ق نىڭ چاقىرىقى ۋە يوليورۇقىغا ئاساسەن، بارلىق تەشكىلاتلار شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن تارىخى ۋەقەلەر، تارىخى شەخسلەر ۋە خەلقئارالىق ئەھمىيەتكە ئىگە كۈنلەرنى خاتىرىلەش، شۇنداقلا خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ چەت ئەل زىيارەتلىرى جەريانىدا نارازىلىق نامايىشلىرى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق ھەر خىل شەكىلدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

قۇرۇلتىيىمىز بارىن ئىنقىلابى، غۇلجا ۋەقەسى، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنلىرى، خىتاي دۆلەت بايرىمى، خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ زىيارىتى ۋە بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى مۇناسىۋىتى بىلەن چاقىرىق ئېلان قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى نارازىلىق نامايىشلىرى، سىياسىي مۇھاكىمە، مەتبۇئات يىغىنلىرى قاتارلىق سىياسىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. شۇنى مىسال قىلىش مۇمكىنكى، پەقەت بېيجىڭ ئولىمپىك مۇناسىۋىتى بىلەن د ئۇ ق نىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن 120 قېتىمدىن ئارتۇق نامايىش ۋە ھەر خىل نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

قۇرۇلتىيىمىز يەنە مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش كۈنى، تارىخى، دىنى ۋە مىللىي بايرام كۈنلىرىمىز مۇناسىۋىتى بىلەن ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ پائالىيەتلەر ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇتۇش، خەلقئارا جامائەتنى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە قىلىش يولىدا زور ئىجابىي رول ئوينىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قۇرۇلتىيىمىز يەنە چەت ئەللەردىكى ياش ـ ئۆسمۈرلىرىمىزنى مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي مائارىپىمىز بىلەن تەربىيىلەشكە سەپەرۋەرلىك قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى، مائارىپى ۋە مەدەنىيىتىگە قاراتقان شىددەتلىك قىرغىنچىلىقى، ھەر بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن، ئەۋلادلارنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە جىددىي ئويلىنىش مەجبۇرىيىتىنى پەيدا قىلدى. ۋەتەن سىرتىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر نوپۇسى ئىنتايىن ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلغان، ئەمما مۇھاجىرەتتىكى دەۋايىمىزدا يادرولۇق رول ئويناۋاتقان ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىدە بولسا

تېخىمۇ نازۇك بىر مەسىلە بولۇشقا باشلىدى. شۇڭا ياش - ئۆسمۈرلىرىمىزنى تەربىيىلەش ۋە دەۋايىمىزنىڭ ئەبەدىلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش زۆرۈر بىر مەجبۇرىيەت بولۇپ قالدى. قۇرۇلتىيىمىز ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلاتلارنى، جامائەتچىلىكنى، ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش مەكتەپلىرى ئېچىشقا چاقىردى. د ئۇ ق نىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 2005 - يىلىدىن بۇيان، گېرمانىيىدە يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش پروگراممىسى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلمەكتە. د ئۇ ق نەشرىيات - تەشۋىقات مەركىزى مەخسۇس ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى نەشر قىلىپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ماتېرىيالى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ ھەل قىلىشقا تىرىشتى.

د ئۇ ق نىڭ تەشەببۇسى بىلەن گېرمانىيە، نورۋېگىيە، شۋېتسىيە، تۈركىيە... قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر ياش - ئۆسمۈرلىرىنى ئۇيغۇر تىل - يېزىقى، تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە دىنى ھەققىدە تەربىيىلەش يولغا قويۇلدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، مەدەنىيىتى... گە ئائىت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ئۆسمۈرلەرنىڭ زېھىن سىناش مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈپ، نەمۇنىلىك ياش - ئۆسمۈرلىرىمىزنى مۇكاپاتلاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ مىللىي مائارىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە بولغان قىزىقىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى.

## 6. مۇھاجىرلارغا ياردەم بېرىش خىزمەتلىرى

د ئۇ ق نىڭ 2 - نۆۋەتلىك ئومۇمى قۇرۇلتىيىدا، مەخسۇس مۇھاجىرلار كومىتېتى قۇرۇلۇپ، مۇھاجىرلار مەسىلىسى مۇھىم مەسىلىلەر قاتارىدا مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە مۇھاجىرلار خىزمەتلىرى ھەققىدە مەخسۇس قارارلار قوبۇل قىلىنغان ئىدى. بۇ قارار بويىچە قۇرۇلتىيىمىز شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار مەسىلىسىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئېلىپ باردى. ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلقىمىزنىڭ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا بولغان ئىشەنچى ۋە ئۈمىدىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، دۇنيانىڭ نەرىدە بولسا بولسۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ھەرقانداق بىر شەرقىي تۈركىستانلىق د ئۇ ق نىڭ ياردىمىگە مۇراجىئەت قىلىشقا باشلىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىمۇ قانچىلىك قىيىن شارائىتتا بولسا بولسۇن، ئۇ ۋەتەنداشلارغا ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىشقا تىرىشىپ كەلدى. ھەتتا جىددىي ئەھۋاللاردا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ يەرلەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلارنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئىقتىسادى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا تىرىشىپ كەلدى. سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ مەسىلىسىنىڭ تېزرەك ھەل بولۇشى ئۈچۈن ب د ت مۇھاجىرلار يۇقىرى كومىسسارلىقى، ئۇلار تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئەلچىخانىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئېلىپ باردى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئوخشاش ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

سىياسىي سەۋەبتىن ۋەتەندىن قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان ۋە ئۈچىنچى بىر دۆلەتتە ياكى ئۈچىنچى بىر دۆلەتتىكى ب د ت مۇھاجىرلار يۇقىرى كومىسسارلىقىغا ئىلتىجا قىلغان ئۇيغۇر سىياسىي

پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ئىلتىجا مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، مۇھاجىرلار جەمئىيەتلىرى ۋە ھۆكۈمەت، پارلامېنت دائىرىلىرى بىلەن جىددىي كۆرۈشمىلەر ئېلىپ بېرىلدى، دوكلاتلار تەقدىم قىلىندى، خەتلەر يېزىلدى. رابىيە قادىر خانىم باشچىلىقىدا د ئۇ ق رەھبەرلىرى ب د ت مۇھاجىرلار يۇقىرى كومىسسارلىقىنىڭ جەنۋەدىكى مەركىزى ئورگىنى بىر قانچە قېتىم زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان يۇرتداشلىرىمىزنىڭ ئىلتىجاسى ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇپ، دېموكراتىك دۆلەتلەرگە سالامەت ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئىلتىجاچى، ئوقۇغۇچى ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن تۇرۇۋاتقان، ئەمما ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان يۇرتداشلىرىمىزغا ماددىي ياردەم قىلىنىپ كەلدى. قۇرۇلتىيىمىز غەرب دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان يۇرتداشلىرىمىز ئارىسىدا رامىزان ئېيى ۋە قۇربان ھېيت مەزگىللىرىدە سەدىقە پىتىر، زاكات، قۇربانلىق توپلاش سەپەرۋەرلىكى قوزغاپ، يىغىلغان ئىئانىلەرنى ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان يۇرتداشلىرىمىزغا يەتكۈزۈپ بەردى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇھاجىر ۋە ئىلتىجاچى يۇرتداشلارغا قانۇنى مەسلىھەت بېرىش، يول كۆرسىتىش، ئادۋۇكاتلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىش، سىياسىي پائالىيەتلىرىگە ئائىت گۇۋاھلىق ئىسپاتلىرى يېزىپ بېرىش، تەرجىمانلىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش خىزمەتلىرى د ئۇ ق تەرىپىدىن بىۋاستە ياكى د ئۇ ق تەلىماتى بويىچە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى.

## 7 . باياناتلار ۋە چاقىرىقلار

قۇرۇلتىيىمىز خەلقئارادا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەلەر، بولۇپمۇ خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنى يېقىندىن كۆزىتىپ، تەتقىق قىلىپ، دۇنيا ۋە رايون خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر، ھادىسلەر ۋە بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بولغان تەسىرلىرى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندا جەريان قىلغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتلەر ھەققىدە ئەستايىدىل مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، ۋەقەلەرگە قارىتا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، باياناتلار ئېلان قىلىپ، د ئۇ ق نىڭ مەيدانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى.

بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە ئوخشاش پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەر جەريانىدا بولسۇن، ياكى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ھادىسىلەردە بولسۇن، دۇنيا مەتبۇئاتى بۇ ۋەقەلەر ھەققىدە د ئۇ ق نىڭ باياناتىغا، قاراشلىرىغا زور ئەھمىيەت بەردى. قۇرۇلتىيىمىزمۇ دەل ۋاقتىدا بايانات ئېلان قىلىپ، دۇنيانى ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتىدىن خەۋەردار قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي ئاۋازى بولۇشتەك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. قۇرۇلتىيىمىز ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە، نېمىسچە، تۈركچە، خىتايچە ۋە

ياپونچە تىللاردا يۈزلەرچە بايانات ئېلان قىلدى. بۇ باياناتلارنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى، جۈملىدىن خەلقئارا مەتبۇئاتلاردىكى رولى ئىنتايىن زور بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، د ئۇ ق مۇھىم ۋەقەلەر ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە كۆپلىگەن چاقىرىقلارنى ئېلان قىلدى. تەشكىلاتلىرىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز د ئۇ ق چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، پائالىيەتلەردە بىردەك بولۇش، سىياسىي جەھەتتە د ئۇ ق بەلگىلىمىلىرىنى شەرتسىز ئىجرا قىلىش پرىنسىپى بارلىققا كەلدى.

## 8 . د ئۇ ق نىڭ ب د ت دا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى

د ئۇ ق نىڭ ئۆتكەن 3 يىللىق پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم ھالقىلىرىدىن بىرى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ب د ت مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقىشتىن ئىبارەت بولۇپ، د ئۇ ق بۇ جەھەتتە جىددىي پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى. ب د ت دە كۆزەتكۈچى سالاھىيىتىگە ئىگە خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ب د ت دە مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇش، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ ۋە ھەرقايسى كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىش، ئۇلارغا ئۇيغۇرلار ھەققىدە دوكلات بېرىش، ماتېرىيال تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەخسۇس دوكلاتلارنى تەييارلاپ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە يوللاش، دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ب د ت دىكى ئەلچىلىرىنى زىيارەت قىلىش، ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان پاجىئەلەردىن خەۋەردار قىلىش ۋە ئۇلارغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى بىلدۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر چىڭ تۇتۇپ ئىشلەندى.

د ئۇ ق نىڭ ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە تەييارلىغان ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتىغا يوللىغان «شەرقىي تۈركىستاندىكى تەن جازاسى ۋەزىيىتى» ھەققىدىكى دوكلات، ب د ت تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى ۋە د ئۇ ق ۋەكىللىرى ب د ت تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا كومىتېت ئەزالىرىغا مەخسۇس دوكلات بەردى. بۇ دوكلات كومىتېت ئەزالىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنى سوراققا تارتىش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 2009 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى ئومۇميۈزلۈك كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ب د ت دا ۋە خەلقئارا سورۇندا كۈن تەرتىپكە كېلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە مۇھىم پۇرستى دەپ قاراپ بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. د ئۇ ق ۋە ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمئىيىتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەخسۇس دوكلات سۇندى ۋە بۇ دوكلات ب د ت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە جەنۋەدە ۋە ب د ت دا بىر قاتار دىپلوماتىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە ئەزا دۆلەتلەر، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر، خىتايغا قوشنا دۆلەتلەر ۋە

باشقا دېموكراتىك دۆلەتنى ئاساس قىلغان ھالدا 65 دۆلەتنىڭ ب د ت دىكى جەنۋەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم خەت ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇلارغا دوكلات تەقدىم قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە بولغان جەرياندا تۆۋەندىكى 35 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئېلىپ باردى. چېخ، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، كانادا، شۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرغا قاراتقان بېسىملىرىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئەنگلىيە، دانىيە، شۋېتسىيە، نورۋېگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بولسا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىگە يوللىغان يازما سوئاللىرىدا ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس توختالدى. بۇ ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ب د ت رەسمىي مۇنبىرىدە كەڭ دائىرىدە 1 ـ قېتىم تىلغا ئېلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىنتايىن چەكلىك ئىقتىساد ۋە ئادەم كۈچىنى ئىشقا سېلىش بىلەن ھەرقايسى دۆلەتلەردە ۋە جەنۋەدە ب د ت دا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە جەمئىي 9 دۆلەت تەرىپىدىن ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ زور ئۇتۇقى دەپ قاراش مۇمكىن.

## 9 . بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىنى بايقۇت قىلىش پائالىيەتلىرى

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، خىتاي ھۆكۈمىتى 2008 ـ يىللىق ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش ئالدىدا، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش ھەققىدە زور ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما 2008 ـ يىلىنىڭ كىرىشى، ئولىمپىكنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى تېخىمۇ خەتەرلىك باسقۇچقا كىردى. 3 ـ ئايدا تىبەت خەلقىنىڭ تىنچلىق نامايىشى قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، تۇتقۇن قىلىش، باستۇرۇش ۋە ھەتتا ئۆلۈم جازاسىنى شىددەت بىلەن ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. خوتەن ئاياللىرىنىڭ تىنچلىق نامايىشى باستۇرۇلدى، نەچچە يۈزلىگەن گۇناھسىز ھەدە ـ سىڭىللىرىمىز تۇتقۇن قىلىنىشقا ئۇچرىدى.

خىتايدەك بىر دىكتاتور دۆلەتنىڭ دوستلۇق، تىنچلىق، باراۋەرلىكنىڭ سىمۋولى بولغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە د ئۇ ق نىڭ خەلقئاراغا قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشى ۋە ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش چاقىرىقىنىڭ نەقەدەر ھەقلىق ئىكەنلىكى كۈندىن ـ كۈنگە نامايان بولۇشقا باشلىدى. د ئۇ ق 2007 ـ يىلى مەخسۇس ئولىمپىك كومىتېت تەشكىل قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى قىرغىنچىلىقلىرىغا دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىش، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىنىڭ يوقلىقىنى جاكارلاش، بولۇپمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك مەشئىلىنى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدىن ئۆتكۈزۈشىگە قاتتىق نارازىلىقىمىزنى بىلدۈرۈش مەقسىتى بىلەن

دۇنياۋى خاراكتېرلىك نارازىلىق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىپ، تەشكىلاتلىرىمىزنى، ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ «ئەركىنلىك مەشئىلى» پائالىيىتىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشقا ۋە بۇ پائالىيەتكە جىددىي سەپەرۋەر بولۇشقا چاقىردى. نەتىجىدە دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا بېيجىڭ ئولىمپىككە قارشى ھەر خىل شەكىلدىكى نۇرغۇنلىغان پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. بۇ پائالىيەتلەر شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ بىلىنىشى ۋە خەلقئارا تەسىر پەيدا قىلىشىدا زور رول ئوينىدى.

## 10 . د ئۇ ق نىڭ ئۇيغۇر رەھبەرلەرنى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىيىلەش پروگراممىسى

د ئۇ ق نىڭ 3 يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان سىستېمىلىق پائالىيەتلىرىدىن بىرى، ئامېرىكا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش پروگراممىسىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، د ئۇ ق شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئالىي سىياسىي مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان مىللىي دەۋاسىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش، تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ ۋە مىللىي دەۋا سېپىمىزدىكى سىياسىي پائالىيەتچىلىرىمىزنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا قانۇن – نىزاملار ئاساسىدا ھەل قىلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىش مەقسىتىدە، 2007 ـ يىلدىن ئېتىبارەن «ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش پروگراممىسى» نى يولغا قويۇپ كەلدى. تۇنجى قېتىملىق پروگرامما 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ 11 ـ كۈنلىرى گوللاندىيەنىڭ گاگا شەھىرى ۋە بېلگىيەنىڭ برۇكسەل (ياۋروپا پارلامېنتىدا)، 2 ـ قېتىملىق پروگرامما 2008 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ 23 ـ كۈنلىرى گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلدى. ھەر ئىككى قېتىمدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 60 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر رەھبەرلەر خەلقئارا قانۇن، دىپلوماتىيە، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، ب د ت خىزمەت پرىنسىپلىرى ساھەلىرى بويىچە ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، خەلقئارا سوت مەھكىمىسى، خەلقئارا ئادالەت سارىيى، ياۋروپا پارلامېنتى، گېرمانىيە پارلامېنتى قاتارلىق ئورۇنلارنى زىيارەت قىلىپ زور ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

د ئۇ ق نىڭ ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش پروگراممىسى مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتى تارىخىدىكى بىر تۇنجى باشلانغۇچ بولۇپ، مىللىي دەۋا بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر تەشكىلات رەھبەرلىرى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنى خەلقئارا قانۇنلارغا ۋە ھوقۇقلارغا تاياندۇرۇپ ئېلىپ بېرىشنىڭ سىستېمىلىق نەزەرىيىۋى بىلىملىرىگە ئىگە بولدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان ئالىملار، پروفېسسورلار، خەلقئارا قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ لېكسىيەلىرى بىلەن، ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۇنىۋېرسال باياننامىسى، ب د ت خىزمەت مېخانىزمى، ياۋروپا پارلامېنتى ۋە ھەرقايسى ئورگانلىرىنىڭ ۋەزىپىسى، خىزمەت ئۇسۇلى، ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ ب د ت ۋە ياۋروپا بىرلىكىگە تەسىر كۆرسىتىش

شەكلى، قارار قوبۇل قىلدۇرۇشقا مەجبۇرلاش تاكتىكىلىرى، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ كونكرېتنى لايىھىلىرى ھەم كۈرەش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى چۈشەنچىلەر ۋە كۈرەش يوللىرى شەكىللەندى. ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ئۆزۈن يىللىق كۈرەش مۇساپىلىرىنى بۇ كۇرس بىلەن ئىگە بولغان چۈشەنچىلەرگە سىېلىشتۇرۇپ، بۇندىن كېيىنكى كۈرەش نىشانلىرىغا يېتىشنىڭ يېڭى ستراتېگىيىلىرىنى زامانغا لايىق رەۋىشتە بەلگىلەش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. كۇرسقا قاتناشقان ئۇيغۇر رەھبەرلەر ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىنىڭ روھىنى شۇ دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە شۇ دۆلەتلەردىكى ئەمىلى پائالىيەتلىرىدە تەتبىقلاپ ئۇنۇم ھاسىل قىلدى.

2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ 19 ـ كۈنلىرى د ئۇ ق ۋاشىنگتوندا «كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشىنىڭ 60 – يىللىقى» دېگەن تېمىدا، خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى ئېلىپ باردى. بۇ يىغىندا ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، پائالىيەتچىلەرنىڭ، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان 60 يىلدىن بۇيان مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ـ مائارىپ ۋە دىنىي ساھەلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى ئۆتمۈش ۋە بۇندىن كېيىنكى ۋەزىيەت ھەققىدە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى.

يۇقىرىقىلار، د ئۇ ق نىڭ ئىنتايىن چەكلىك ئىمكانلار ئىچىدە، زور پىداكارلىقلار بىلەن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنىڭ قىسقىچە خۇلاسىلىنىشى بولۇپ، مىللىي دەۋايىمىزنىڭ ئېھتىياجى، خەلقىمىزنىڭ كۈتكەنلىرىدىن كۆپ ئۇزاقتا ئىكەنلىكى بىر رېئاللىق.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتىيىمىزدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن رەھبەرلىرىمىز، ئىنقىلابچىلىرىمىز، مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرى، تەجرىبىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە جىددىي مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئېھتىياجىغا، تەقەززاسىغا ئۇيغۇن، مىللىتىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قارارلارنىڭ ئېلىنىشى، قابىلىيەتلىك يېڭى رەھبەرلەرنىڭ سايلىنىشى، بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئالدىمىزدىكى مۇددەت ئىچىدە يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

د ئۇ ق يېڭى قارار ۋە يېڭى رەھبەرلىرى بىلەن، خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئىرادىسىگە چەكسىز ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، مىللىي دەۋايىمىزنىڭ يۈكلىگەن ۋەزىپىلىرىنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇنلايدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ھۆرمەت بىلەن:

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باش كاتىپلىقى

2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

# دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن قىسقىچە نەمۇنىلەر

2006 - يىلى 11 - ئايدىن 2009 - يىلى 4 - ئايغىچە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر

## 2006 - يىل

♦ 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى داغدۇغا بىلەن باشلانغان 2 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بارلىق پروگراممىلىرىنى ئورۇنلاپ، 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. قۇرۇلتايدا ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم باشچىلىقىدىكى يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتى تۇرغۇزۇپ چىقىلدى. شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ستراتېگىيىلىرى، پىلان – پروگراممىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە قارار قوبۇل قىلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا گېرمانىيە جۇمھۇر رەئىسى Köhler، باش مىنىستىرى Angela Markel باشتا بولۇپ، مىنىستىرلەر، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ھەرقايسى دۆلەتنىڭ ئەلچىخانىلىرىدىن بولۇپ، 50 تىن ئارتۇق كىشى تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. نۇرغۇنلىغان خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى ئېچىلىش مۇراسىمىدا تەبرىك نۇتۇقلىرى سۆزلىدى.

♦رابىيە قادىر خانىم 2 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىش ھارپىسىدا يەنى 11 - ئاينىڭ 21 – 23 - كۈنلىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئالىم سېيىتوف، مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلھەكىم ئىدرىسنىڭ ھەمراھلىقىدا بېرلىنگە بېرىپ، گېرمانىيە پارلامېنتىنى زىيارەت قىلدى. بۇ زىيارەتتى جەريانىدا گېرمانىيە فېدېرال پارلامېنتىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى، يېشىللار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنتىكى مەسئۇلى Volker Back ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە تەپسىلىي سۆھبەت ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

♦ 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قارار قوبۇل قىلىش يىغىنىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ، شۇنداقلا يۈزلىگەن گېرمانىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ميۇنخېندىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا ھەيۋەتلىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ يېڭى كۈچ، يېڭى رەھبەرلەر بىلەن تېخىمۇ كۈچلىنىۋاتقانلىقىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە نامايان قىلدى.

♦ 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىم، مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەرجان، سېيىت تۈمتۈرك، ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئالىم سېيىتوف ۋە ئاياللار كومىتېتى

مۇدىرى تامارا خانىملاردىن تەشكىل تاپقان ھەيئەت باۋارىيە شتاتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى، پارلامېنت ۋە پارتىيىلەر رەھبەرلىرى بىلەن ئالاھىدە ئۇچرىشىش ئېلىپ باردى. د ئۇ ق ھەيئىتى باۋارىيىدىكى ئەڭ چوڭ پارتىيىلەردىن بىرى بولغان «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى»نىڭ رەھبەرلىرى Franz Maget ئەپەندى بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ميۇنخېن شەھىرىنىڭ ھۆكۈمەت بىناسىغا كېلىپ، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى Hep Mauatzeder بىلەن ئۇچراشتى. كېيىن «يېشىللار پارتىيىسى» نىڭ باۋارىيىدىكى مەسئۇلى Margarita خانىم بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. سۆھبەتتە مارگارىتا خانىم خىتاي تەرەپنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك د ئۇ ق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلىشتىن ئىلگىرى باۋارىيە پارلامەنتىگە كېلىپ، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قۇرۇلتايغا قاتناشماسلىقىنى تەلەپ قىلىپ، بوزغۇنچىلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىدىن رابىيە خانىمنى خەۋەردار قىلدى، شۇنداقلا «يېشىللار پارتىيىسى» نىڭ خىتاينىڭ مىيۇنخېندىكى باش كونسۇلى ياڭنى ئىشپىيونلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەپ، ئۇنى سوتقا بېرىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. بۇ ھەقتىكى خەۋەر مىيۇنخېندا نەشردىن چىقىدىغان «كەچلىك گېزىت» نىڭ 24 ـ نويابىردىكى سانىدا «خىتاي ئىشپىيونلىرى ھۆكۈمەت بىناسىدا» دېگەن نامدا ئېلان قىلىنغان ئىدى.

♦ د ئۇ ق رەئىسى رابىيە قادىر خانىم 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى گېرمانىيىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئالىم سېيىتوف ئەپەندىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا 28 ـ نويابىر كۈنى بېلگىيەنىڭ پايتەختى بىروسېلغا بېرىپ، 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ 29 ـ كۈنلىرى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. د ئۇ ق رەھبەرلىرى بۇ قېتىمقى ياۋروپا پارلامېنتىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «دۇنيادىكى دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسى» ناملىق يىغىنغا ۋە «خىتايدىكى دىنىي ئەركىنلىككە ئىسپات بېرىش يىغىنى» قاتارلىق يىغىنلارغا قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي زۇلۇملار ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

♦ رابىيە خانىم 29 ـ نويابىر كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن «ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنى»غا قاتنىشىپ نۇتۇق سۆزلىدى. مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان ئەپەندى بۇ يىغىندا خىتايدىكى سىياسىي مەھبۇسلارنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارنى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە دوكلات بەردى. ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئالىم سېيىتوا ئەپەندى بولسا، بۇ يىغىندا 1989 ـ يىلىدىن بۇيان ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ خىتايغا قارىتا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان قورال – ياراق ئېمبارگوسىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشنى، بۇ ئېمبارگو بىكار قىلىنسا، خىتاينىڭ بۇ قوراللارنى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى.

♦ 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى گېرمانىيە پارلامېنتىدىكى يېشىللار پارتىيىسىنىڭ باشلىقى Volke Beck ئەپەندى، گېرمانىيە پارلامېنتىدە 600 دىن ئارتۇق پارلامېنت ئەزالىرىغا ئۇيغۇرلار ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەققىدە مەخسۇس سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇرۇۋاتقانلىقىنى، تېخى بىر قانچە كۈن ئىلگىرى

گېرمانىيىدە د ئۇ ق نىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغانلىقىنى ۋە قۇرۇلتايدا رابىيە خانىمنىڭ رەئىس بولۇپ سايلىنىشى بىلەن ئەتىسى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئوغلىنى 7 يىل قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىقىنى، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن جىددىي سۆزلىشىپ، رابىيە خانىمنىڭ بالىلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 1 – كۈنى د ئۇ ق نىڭ سابىق باش تەپتىشى مەرھۇم كۈرەش كۆسەن ئەپەندىنىڭ 40 نەزىرى شۋېتسىيەنىڭ ئەسكىلستونا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق رەئىسى، باش مەسلىھەتچىسى ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندى، باش كاتىپى دولقۇن ئىيسا ئەپەندى باشچىلىقىدىكى د ئۇ ق رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرى بىلەن بىرگە، ئەتراپ دۆلەتلەردىكى قۇرۇلتاي خادىملىرى، شۋېتسىيىدىكى ئۇيغۇر كومىتېتى خادىملىرى ۋە ئۇيغۇر جامائىتى قاتناشتى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى د ئۇ ق رەئىسى رابىيە قادىر خانىم ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئالىم سېيتوفف ئەپەندى 4 ـ دېكابىر كۈنى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ياردەمچى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى Ellen Sauerbrey خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيىتى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇمى، ئۇيغۇر كۆچمەنلەر مەسىلىسى ۋە د ئۇ ق ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ياردەمچى مىنىستىر Ellen Sauerbrey خانىم ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

♦ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ، 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىنى «خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى»دە بارلىق تەشكىلاتلار، مۇھاجىرەتتىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتتىكى خىتاي كونسۇلخانىلىرى ئالدىدا نامايىش قىلىش، يىغىن ئۇيۇشتۇرۇش ياكى باياناتلار ئېلان قىلىش قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈشكە چاقىردى.

♦ Transnational Radikal رادىكال پارتىيىنىڭ ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن 2006 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ 7 ـ كۈنلىرى ياۋروپا پارلامېنتىدا لىبېرالىزم ۋە دېموكراتىيە دېگەن تېمىدا خەلقئارالىق يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى سىياسىي پارتىيەنىڭ رەھبەرلىرى، دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. بۇ يىغىنغا تەكلىپ بىلەن د ئۇ ق سابىق رەئىسى ئەنۋەرجان ۋە باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا ئىشتىراك قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى.

♦ يىغىن جەريانىدا ئەنۋەرجان ۋە دولقۇن ئىيسا ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى Edward Mc-Millan Scott، ياۋروپا پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى Benita Ferrero-Waldner، ياۋروپا لىبېرال ۋە دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى، پارلامېنت ئەزاسى Graham

Waston, رادىكال پارتىيەنىڭ رەھبىرى Marco Pannella، مەركىزى ئامېرىكىدىكى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋەقفىنىڭ رەئىسى Karl Gershman قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچرىشىپ، سۆھبەت ئېلىپ باردى ۋە ئۇلارغا ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەردى.

♦ لىبىرالىزم ۋە دېموكراتىيە دېگەن تېمىدىكى يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ 9 ـ كۈنلىرى ياۋروپا پارلامېنتىدا Transnational Radikal پارتىيىسىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. بۇ يىغىندا پارتىيىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى ئەزالىرى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدىن كەلگەن سىياسەتچىلەر، پارلامېنت ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بىلەن بىرگە ئەنۋەرجان ۋە دولقۇن ئىيسالارمۇ ئىشتىراك قىلدى.

♦ تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە 2006 ـ يىلى 12 – ئاينىڭ 10 – كۈنى «تۈرك دۇنياسى ئىنسان ھەقلىرى يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا قىرغىزىستان، قىرىم، ئەزەربەيجان، ئىراق، ئىران، گرۇزىيە، داغىستان، غەربى تراكىيە، بۇلغارىيە، ماكىدونىيە ۋە كوسوۋودىن كەلگەن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. تۈرك دۇنياسى ئىنسان ھەقلىرى جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركىي مىللەتلەر دۇچار بولۇۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. بولۇپمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى قىرغىنچىلىقلىرى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان بېسىم سىياسىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشتەك قىلمىشلىرى ئىنسان ھەقلىرى قوغدىغۇچىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلەندى. يىغىندا ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن كاتىپى دوكتۇر ئەركىن ئەمەت ئەپەندى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇھىم دوكلات بېرىپ ئۆتتى.

♦ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان چاقىرىقىغا ئاساسەن، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى جىددىي سەپەرۋەرلىك دولقۇنى قوزغاپ، نامايىش ئۇيۇشتۇرۇش، ئىلمىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىش قاتارلىق ھەر خىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

## (1) گېرمانىيىدە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر

♦ 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتى مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلھېكىم ئىدرىس ئەپەندى يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلتاي خىزمەت بىناسىدا «خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا قۇرۇلتاينىڭ گېرمانىيىدىكى رەھبەرلىرى ۋە ۋەكىللىرى، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى ئىشتىراك قىلدى.

♦ 12 – ئاينىڭ 9 – كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان ئەپەندى مەركىزى مىيۇنخېندىكى «بىر دۇنيا ئۆيى» دە چاقىرىلغان ئىنسان ھەقلىرى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ھەققىدە دوكلات بەردى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئىيسا ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە گېرمانىيىنىڭ فرانكفۇرت شەھىرىدە، فرانكفۇرت ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

### (2) نورۋېگىيىدە خىتايغا قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

♦ «خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى» مۇناسىۋىتى بىلەن 9 - دېكابىر كۈنى، «Zhong Guo دىكى ئىنسان ھەقلىرى» دېگەن تەشكىلاتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن نورۋېگىيەنىڭ پايتەختى ئوسلو شەھىرىدە خىتايغا قارشى نامايىش، كوچا يۈرۈشى ۋە نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان نورۋېگىيىلىكلەر، فالۇنگۇڭچىلار، خىتاي دېموكراتلىرى ۋە تىبەت ۋەكىللىرى قاتناشقان بولۇپ، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بىر قىسىم ئەزالىرىمۇ بۇ پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلدى.

### (3) شۋېتسىيىدە نامايىش

♦ 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شۋېتسىيەنىڭ پايتەختى ستوكھولم شەھىرىدە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ نامايىشقا ئۇيغۇرلاردىن سىرت شۋېتسىيەدىكى بىر قىسىم ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرىمۇ قاتناشتى. نامايىش شۋېتسىيەدىكى ھەر خىل ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، نامايىش جەريانىدا شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتچىسى دىلشات رىشىت «يېڭى تاڭلىق»لار تېلېۋىزىيىسىنىڭ، «ئۈمىد يۇلتۇزى» رادىئوسىنىڭ ۋە شۋېتسىيە دۆلەتلىك رادىئوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ بۇ قېتىمقى نامايىش ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

### (4) گوللاندىيىدە نامايىش

♦ 12 - ئاينىڭ - 10 - كۈنى گوللاندىيەنىڭ ئامستېردام شەھىرىدە كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى، نامايىشقا گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇر جامائىتى، تىبەتلەر ۋە كۆپلىگەن يەرلىك خەلقلەر قاتناشتى. نامايىشتا د ئۇ ق ياشلار كومىتېتى مۇدىرى ۋە گولاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى رەئىسى بەختىيار شەمسىددىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

### (5) ئامېرىكىدا نامايىش

♦ 10 - دېكابىر كۈنى ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى نامايىش تەشكىللىدى. نامايىشقا ۋاشىنگتون ئەتراپىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار قاتناشتى.

### (6) كانادادا نامايىش

♦ 10 - دېكابىر كۈنى تورونتو شەھىرىدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا كانادا ئۇيغۇر جەمئىيىتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، شۇنىڭدەك تىبەتلەر ۋە تەيۋەن مۇستەقىلچىلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن نارازىلىق نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. مەزكۇر نامايىشقا كانادادا رەسمىي زىيارەتتە

بولۇۋاتقان د ئۇ ق رەئىسى رابىيە قادىر خانىم، باش مەسلىھەتچىسى سىدىق ھاجى روزى، كانادا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد توختى قاتارلىق كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارمۇ قاتناشتى.

### (7) تۈركىيەدە نارازىلىق پائالىيىتى

♦ 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ئەنقەرە شۆبىسى ئەنقەرەنىڭ مەركىزىدىكى ساقارىيە كوچىسىدا ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر كۆرگەزمە ئاچتى ۋە مۇخبىرلارغا مەتبۇئات باياناتى بەردى. بۇ پائالىيەتكە تۈركىيىدىكى ئاممىۋى تەشكىلات مەسئۇللىرى، سىياسىي پارتىيە مەسئۇللىرى، ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىدىن بولۇپ، كۆپ ساندا كىشى قاتناشتى.

♦ رابىيە خانىم رىياسەتچىلىكىدە، باش مەسلىھەتچى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى، ئىجرائىيە كومىتېت رەئىسى ئالىم سېيتوف ئەپەندى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان د ئۇ ق ھەيئىتى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە كانادادا رەسمىي زىيارەتتە بولۇپ، كانادا ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنت رەھبەرلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. د ئۇ ق رەھبەرلىرى كانادا زىيارىتى جەريانىدا تۆۋەندىكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى:

♦ 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن رابىيە خانىم باشچىلىقىدىكى ئۆمەك ئايروپىلان بىلەن كانادانىڭ تورونتو شەھىرىگە يېتىپ كەلدى، د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئۇيغۇر كانادا جەمئىيىتى رەئىسى مۇھەممەد توختى ئەپەندى باشچىلىقىدىكى كانادا ئۇيغۇرلىرى ئۇلارنى ئايرىپورتتا گۈل ـ چېچەك بىلەن قارشى ئالدى. رابىيە خانىم تورونتوغا كېلىپلا شۇ كۈنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، CBC TV قانىلىنىڭ ۋە كانادادىكى ئەڭ چوڭ گېزىت بولغان Globe - Mail نىڭ ئوبزورچىسى Omar El Akkad ئەپەندىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەچتە د ئۇ ق رەھبەرلىرى خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان، كانادا پۇقراسى ھۈسەن جېلىلنىڭ خانىمى كامىلە خانىمنى يوقلاپ، ھۈسەن جېلىلنىڭ ئائىلىسىدىن ھال سورىدى، شۇ كۈنى ئاقشىمى يەنە تورونتودا رابىيە خانىم باشلىق د ئۇ ق رەھبەرلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن زىياپەتكە قاتنىشىپ ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى تورونتو شۆبىسى تەرىپىدىن ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرغان كۈتۈۋېلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى ۋە CBC TV قاتارلىق كۆپلىگەن ت ۋ، گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرنىڭ نەق مەيداندىكى زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن، خىتاينىڭ تورونتودىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئۇيغۇر كانادا جەمئىيىتى، كانادا تىبەت كومىتېتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە باشقا ئورگانلار تەرىپىدىن بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ كۆلەملىك نارازىلىق نامايىشىغا قاتناشتى. نامايىش جەريانىدا كۆپلىگەن تېلېۋىزىيە ۋە گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرلىرى رابىيە خانىمنى زىيارەت قىلدى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى رابىيە خانىم باشچىلىقىدىكى د ئۇ ق ھەيئىتى ئوتتاۋاغا قاراپ يولغا چىقتى. د ئۇ ق رەھبەرلىرى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئوتتاۋادىكى 1 ـ پائالىيىتىنى كانادا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش پروگراممىسى بىلەن باشلىدى. بۇ قېتىمقى مەتبۇئات يىغىنىغا 12 دىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە ۋە كۆپلىگەن گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرلىرى قاتناشقان بولۇپ، بۇ قېتىمقى ئاخبارات يىغىنىدا ھۆسەيىن جېلىلنىڭ مەسىلىسى ۋە رابىيە خانىمنىڭ بالىلىرىنىڭ مەسىلىسى ئاساسلىق مەسىلىلەر قاتارىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى كانادادىكى CPAC تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن نەق مەيداندىن خەۋەر قىلىندى ۋە ئارقىدىنلا، CPAC تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ستۇدىيوسىدا رابىيە خانىم ئۈچۈن مەخسۇس 15 مىنۇتلۇق سۆھبەت پروگراممىسى بېرىلدى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى د ئۇ ق ھەيئىتى، كانادا خەلقئارا تەرەققىيات ئاگېنتلىقىنىڭ ئاسىيا ئىشلىرى دىرېكتورى Jeff Nankivell ئەپەندى باشچىلىقىدىكى 4 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك CIDA رەھبىرى بىلەن كۆرۈشتى. بىر سائەت پىلانلانغان كۆرۈشۈش 2 سائەتكە يېقىن داۋام قىلدى. CIDA رەھبەرلىرى بىلەن بولغان كۆرۈشۈش جەريانىدا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كەچتە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى باش كاتىپى Alex Neve ئەپەندى د ئۇ ق رەھبەرلىرى شەرىپىگە كۈتۈۋېلىش زىياپىتى بەردى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 9،00 دا د ئۇ ق زىيارەت ھەيئىتى كانادا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى Peter Van Praag ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى. بىر سائەت داۋاملاشقان كۆرۈشۈشتە كانادانىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىغا ۋە كانادانىڭ ئۇيغۇرلارغا قانداق ياردەم بېرىشى ھەققىدە كونكرېتنى مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سائەت 11 بىلەن، كانادا پارلامېنتىدا مەخسۇس ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق ئىسپات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى. ئىسپات بېرىش يىغىنىغا كانادا باش مىنىستىرىنىڭ پارلامېنتدىكى باش كاتىپى Jason Kenney ئەپەندى رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ قېتىمقى ئىسپات بېرىش يىغىنىغا ھاكىمىيەت بېشىدىكى كونسىرۋاتىپلار (ئەن ـ ئەنچىلەر) پارتىيەسى پارلامېنت ئەزالىرى، لىبىرال پارتىيەنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى ۋە سابىق ئەدلىيە مىنىستىرى Irwin Cotler قاتارلىق ئەرباپلاردىن باشقا يەنە يېڭى دېموكرات پارتىيەنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى، شۇنداقلا باشقا ئۆكتىچى پارتىيەنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ كۆپلىگەن پارلامېنت ئەزالىرى ئىشتىراك قىلدى. ئىسپات بېرىش يىغىنىدا رابىيە قادىر خانىم تەرىپىدىن بېرىلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدىكى ئىسپاتنامە بارلىق پارلامېنت ئەزالىرى ۋە پارلامېنت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى تەرىپىدىن كۈچلۈك ھېسداشلىققا ئېرىشتى. ئىسپات بېرىش يىغىنىدا يەنە خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان كانادا پۇقراسى ھۆسەيىن جېلىلنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بېسىلىدىغان كونكرېتنى قەدەملەر بىر ـ بىرلەپ مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا يەنە مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد توختىمۇ ئىسپات بېرىپ ئۆتتى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، باش مىنىستىرنىڭ پارلامېنتتىكى باش كاتىپى Jason Kenney ئەپەندى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرنىڭ پارلامېنتتىكى باش كاتىپى Obhrai ئەپەندى تەرىپىدىن پارلامېنتتا د ئۇ ق ھەيئىتىنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىلدى. زىياپەتتە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى قانداق قىلىپ كانادا تاشقى ئىشلار سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىگە ئايلاندۇرۇش ھەققىدە كونكرېتنى تېمىلار بويىچە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، رابىيە خانىم باشچىلىقىدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەيئىتى كانادا پارلامېنتىغا شەرەپ مېھمىنى سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىنىپ شەرەپ كۇرسىسىدىن ئورۇن بېرىلدى. كونسېرۋاتىپ پارتىيەسى پارلامېنت ئەزاسى Mike Wallice ئەپەندى تەرىپىدىن رابىيە خانىمنىڭ كاناداغا قاراتقان زىيارىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەندىن كېيىن كانادا باش مىنىستىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مىللەت ۋەكىللىرىگە رابىيە خانىمنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. Mike Wallice ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كانادا پارلامېنتىدىكى بارلىق پارلامېنت ئەزالىرى ئورنىدىن تۇرۇپ رابىيە خانىمنى ئۇزۇنغىچە ئالقىشلىدى ۋە ھۆرمەت بىلدۈردى. باش مىنىستىر Stepehn Harper ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى Peter Mackay قاتارلىق كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى رابىيە خانىم ئولتۇرغان شەرەپ كۇرسىسىغا كېلىپ، رابىيە خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىنى ۋە سالامىنى ئىپادىلىدى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، رابىيە خانىم، مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد توختى ۋە ئىجرائىيە رەئىسى ئالىم سېيتوف قاتارلىق د ئۇ ق رەھبەرلىرى، كانادا باش مىنىستىرى Stepehn Harper ئەپەندى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. رابىيە خانىم باش مىنىستىر Stepehn Harper ئەپەندىگە ئۇيغۇر دوپپىسى تەقدىم قىلدى ۋە مۇخبىرلارنىڭ ئالدىدا بىرگە خاتىرە رەسىمگە چۈشتى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كەچتە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەيئىتى يەنە كانادا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى خىتاي دىۋىزىيەسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق دىۋىزىيەسى مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان 5 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشتى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كەچتە يەنە رابىيە خانىم كانادا پارلامېنتىدا شەرىپىگە بېرىلگەن كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە قاتناشتى. بۇ قېتىمقى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتىگە Jason Kenney ئەپەندى رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ قېتىمقى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتىگە كۆپ سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىدىن باشقا «يېڭى دېموكرات پارتىيەسى» نىڭ رەئىس مۇئاۋىنى Bill Blaike ئەپەندى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دوستى، سابىق دۆلەت كاتىپى David Kilgour ئەپەندىلەر قاتناشتى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 12 – كۈنى 1985 ـ يىلى يۈز بەرگەن 12 ـ دېكابىر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ 21 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، د ئۇ ق مەخسۇس باياناتا ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ياشلار كۈنىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. د ئۇ ق 2 – نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ «ياشلار كۈنى» دەپ بېكىتىلگەن 12 – دېكابىر كۈنى، شەرقىي

تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتى تارىخىدىكى شانلىق بىر سەھىپىدۇر. 1985 – يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇن مىڭلىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىتاي مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەيۋەتلىك نامايىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كوممۇنىزم رىجىمىغا قارشى ئىرادىسىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرىگە بولغان ئارزۇ – تەلەپلىرىنى دۇنياغا جاكارلىغان ئىدى.

♦ د ئۇ ق دىنىي ئىشلار كومىتېتى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان مۇبارەك قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چاقىرىق ئېلان قىلىپ، ۋەتەن ئىچى ـ سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، د ئۇ ق رىياسەتچىلىكىدە بىرقانچە يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر مەركەزدىن سەدىقە ۋە قۇربانلىق توپلاپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىقتىسادى جەھەتتىن قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم قىلىش پائالىيىتىنى بۇ يىلمۇ قانات يايدۇرۇش سەپەرۋەرلىكى باشلاتتى.

♦ شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن مەرھۇم ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋاپاتىنىڭ 11 يىللىق خاتىرە كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتى، 17 – دېكابىر كۈنى قۇرۇلتاي خىزمەت بىناسىدا مەرھۇمنىڭ روھىغا دۇئا – تىلاۋەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئىش – پائالىيەتلىرىنى خاتىرىلەش يىغىلىشى ئۆتكۈزدى.

♦ مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 12 ـ ئاينىڭ 16 – 17 ـ كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە «مەھمۇد كاشغەرى ۋە شەرقىي تۈركىستان» تېمىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا تۈركىيەدە مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان 20 دىن ئارتۇق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر سۆز قىلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا سابىق دۆلەت مىنىستىرى پروفېسسور، دوكتۇر ئەھەد ئەندىجان، ئىستانبۇلنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى مۇرات قوجاباش ئەپەندى، بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسى مۇئاۋىن باشلىقى ئەرتۇغرۇل موگانباي قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ قاتناشتى. د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك، خەيرۇللاھ ئەپەندىلەر قاتنىشىپ، سۆز قىلدى. يىغىن شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى رەئىسى، د ئۇ ق پەخرى رەئىسى، گېنېرال مۇھەممەد رىزا بەكىن ئەپەندىنىڭ ئېچىلىش نۇتقى بىلەن باشلاندى. يىغىندا 20 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئىككى كۈن داۋام قىلغان بۇ يىغىندا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى دىۋانۇ لۇغاتىتتۈرك ئەتراپلىق بىر شەكىلدە ئاڭلىتىلغاندىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتى ۋە كېلەچىكى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلدى.

♦ 18 ـ دېكابىر كۈنى رابىيە قادىر خانىم ۋە ئالىم سېيتوف بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش شتابىغا بېرىپ، ئۇنىڭ دىرېكتورى ۋە كۆچمەنلەر ئىشىغا مەسئۇل يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرى بىلەن ئۇيغۇر كۆچمەنلەر مەسىلىسى ئۈستىدە ئالاھىدە كۆرۈشتى. ب د ت كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى رابىيە خانىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ

بولغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلەرگە ياردەم قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

♦ د ئۇ ق 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، تىبەتلىكلەر، خىتاي دېموكراتلىرى، فالۇنگۇڭچىلار ۋە ئىچكى موڭغۇل تەشكىلاتلىرى بىلەن جىددىي ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭمۇ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئورتاق سەپەرۋەرلىك قوزغاپ، غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 10 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن زور كۆلەمدە نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى باشلاشنى جىددىي تەلەپ قىلدى.

♦ ئىجرائىيە رەئىسى ئالىم سېيتوف 19 ـ دېكابىر كۈنى ئامېرىكا ئاۋازى خىتاي بۆلۈمىنىڭ «ئاممىۋى مۇنازىرە» نەق مەيدان سۆزئىي ھەمراھ تېلېۋىزور پروگراممىسىغا قاتنىشىپ، د ئۇ ق نىڭ مەقسىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە خىتاي مۇستەملىكىسىگە گىرىپتار بولۇش جەريانى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە سۆز قىلدى ۋە بۇ جەرياندا خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى خىتايلارنىڭ تېلېفون بىلەن سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

♦ 21 ـ دېكابىر كۈنى رابىيە قادىر بىلەن ئالىم سېيتوف ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى كۆچمەنلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى Charlott Ponticelli خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئۇيغۇر كۆچمەنلەر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ياش ئۇيغۇر قىزلارنى خىتاينىڭ شەرقىدىكى شەھەرلەرگە مەجبۇرلاپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاتالمىش ئوقۇتۇش دېگەننى باھانە قىلىپ ئېلىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. Charlott Ponticelli خانىم ۋە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى باشقا ئەمەلدارلار بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەپسۇسلاندى. ئۇلار بۇ خىل ئەھۋالنى خىتاي بىلەن بولىدىغان سۆھبەتتە جىددىي بىر مەسىلە قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان ئەپەندى، باۋارىيە پارلامېنتى يېشىللار پارتىيىسىنىڭ رەئىسى Margarete Bause خانىمغا ۋە باۋارايە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ رەئىسى Franz Maget ئەپەندىلەرگە ئايرىم خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ د ئۇ ق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى جەريانىدا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ بېسىملىرىغا پىسەنت قىلماي، قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنى پارلامېنتتا قوبۇل قىلغانلىقىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئىيسا، شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىئون مەركىزى تەرىپىدىن ئىنتېرنېت ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان «ئۇ ت ۋ» نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، 1980 ـ يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن 2 قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە ئائىت سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ ئۆتتى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى رابىيە خانىم د ئۇ ق نامىدىن باياناتى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلارنىڭ مۇبارەك قۇربان ھېيتى ۋە يېڭى يىلىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئۇ باياناتىدا «بايراملىق سوۋغا سۈپىتىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان قارارلارنى شەخسىي قەسىمىم ۋە ۋەدەم سۈپىتىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تەقدىم قىلىمەن» دەپ تەكىتلىدى.

♦ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە قۇربانلىق توپلاش سەپەرۋەرلىكى ئېلان قىلىنغان ئىدى. بۇ سەپەرۋەرلىك ئاساسىدا دىنىي ئىشلار كومىتېتى 50 دىن ئارتۇق قۇربانلىق توپلاپ، ئېغىر قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان يۇرتداشلىرىمىزغا يەتكۈزۈپ بەردى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 31 – كۈنى د ئۇ ق ئاياللار كومىتېتى مۇدىرى ئايگۈل يۈسۈپ خانىم بارلىق د ئۇ ق ۋەكىللىرى ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ رەئىسلىرىگە مۇراجىئەتنامە يېزىپ، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى مىللىي دەۋايىمىزدا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى خالايدىغان خانىم ـ قىزلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دۇنيا مىقياسىدا ئۇيغۇر ئاياللىرىدىن مىللىي دەۋا قوشۇنى تەشكىللەش ۋە تورسىمان ھالەتتە مۇناسىۋەت ئورنىتىش خىزمىتى باشلىدى.

♦ ئاياللار ۋە بالىلارغا قارىتا تەشۋىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن «ھۆر ئۇيغۇر» ئىنتېرنېت بالىلار رادىئوسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەم بالىلار ھەم خانىم ـ قىزلار ئۈچۈن ئاڭلىتىش ئېلىپ بارىدىغان رادىئو قىلىپ بېكىتىلدى ۋە ئاياللار ئۈچۈن سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش يولغا قويۇلدى.

ھۆر ئۇيغۇر رادىئوسىدا ئېلان ـ سەنئەت پروگراممىسى يولغا قويۇلۇپ، قۇرۇلتاي نامىدا ئېلان قىلىنماقچى بولغان ۋە ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان مۇنەۋۋەر كىتابلىرىمىزنى ئېلان ـ سەنئەت شەكلى ئارقىلىق باشقىلارغا تەشۋىق قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى.

♦ 31 ـ دېكابىر كۈنى كەچتە ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمدا رابىيە قادىر خانىم نۇتۇق سۆزلەپ، ۋەتەن ئىچى ـ سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى يىلى ھەم قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلىدى. شۇنىڭدەك بارلىق ئۇيغۇرلارنى ئۈمىدۋار بولۇشقا، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئۆز ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى.

# 2007 - يىلى

د ئۇ ق 2 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ۋەكىللەرنىڭ بىردەك ماقۇللىقى بىلەن قوبۇل قىلىنغان «سىياسىي پائالىيەتلەر ھەققىدە قارار»، «تەشكىلىي خىزمەتلەر ھەققىدە قارار»، «فوندى ھەققىدە قارار»، «مۇھاجىرلار مەسىلىسى ھەققىدە قارار» ۋە «نەشرىيات - تەشۋىقات خىزمەتلىرى ھەققىدە قارار» لار، رەئىس رابىيە خانىمنىڭ ئىمزاسى بىلەن 2007 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئېلان قىلىندى.

♦ د ئۇ ق دىنىي ئىشلا كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، مىيۇنخېندا قۇربان ھېيتلىق پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە مىيۇنخېن شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلادىن باشقا، قوشنا شەھەرلەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر جامائىتى قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1168194446

♦ ئاتالمىش ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى نۇر بەكرى ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى جەريانىدا ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىرغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئانىسى» دەپ ئاتاشقا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نۇر بەكرىگە قاتتىق رەددىيە بەردى. 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دولقۇن ئىيسا نۇر بەكرىنىڭ رابىيە قادىر خانىمغا قاراتقان تەلۋىلەرچە ھۇجۇمغا قارىتا «رابىيە خانىم مەڭگۈ بىزنىڭ ئانىمىز» دېگەن تېمىدا مەخسۇس بايانات ئېلان قىلدى.

♦ خىتاي دائىرىلىرى ئاخبارات ئېلان قىلىپ، 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پامىر تاغلىق رايونىدا تېررورچىلار بازىسىغا ھۇجۇم قىلىپ 18 تېررورچىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە 17 تېررورچىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇ ۋەقەگە قارىتا خەلقئارادا ھەر خىل ئىنكاسلار پەيدا بولدى.

♦ د ئۇ ق 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بۇ قانلىق ۋەقە ھەققىدە جىددىي ئىنكاس قايتۇردى. باياناتتا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقنى قاتتىق لەنەتلەش بىلەن بىرگە بۇ ۋەھشىي قانلىق ھادىسىنى، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئېچىنىشلىق ۋە يىرگىنىشلىق پاجىئەلەرنىڭ بىرى دەپ بايان قىلدى. شۇنداقلا بارلىق دېموكراتىك ئەللەرنى، خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلارنى، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ قېتىمقى ياۋۇز قىرغىنچىلىقنى قاتتىق ئەيىبلەشكە چاقىردى.

♦ ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بۇ ۋەقە ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىپ، ب د ت نى بۇ ۋەقە ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ۋە ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا چاقىردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/pressrelease. asp?ItemID=1168368390

♦ 1 - ئاينىڭ 10 – كۈنى رابىيە قادىر خانىم «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىئوسى خىتاي تىلى تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى

ھەققىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. رابىيە قادىر خانىم ئۆز سۆزىدە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى پاكىتلار ئاساسىدا پاش قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1168087929

♦ 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى، كانادا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد توختى، كانادا باش مىنىستىر Stephen Harper، يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن دۆلەت كاتىپى Jason Kenney، باش مىنىستىر Stephen Harper نىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە باش مەسلەھەتچىسى Wajit Khan قاتارلىق مۇھىم شەخسلەر بىلەن كۆرۈشتى.

♦ كۆرۈشۈشتە، مۇھەممەد توختى، رابىيە خانىم نامىدىن ئۆتكەن يىل 12 - ئايدا Stephen Harper نىڭ د ئۇ ق ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ھۆسەيىن جېلىل دېلوسىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتقاندىن باشقا، خىتايدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان كانادا خەلقئارا سودا مىنىستىرىنىڭ خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشتا ھۆسەيىن جېلىل مەسىلىسىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇشىنى تەلەپ قىلدى. باش مىنىستىر Stephen Harper مۇھەممەد توختى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رابىيە خانىمغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ۋە سالىمىنى يوللىدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=973338556

♦ 1 - ئاينىڭ 13 - ۋە 14 - كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل ۋە قەيسەرى شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار خىتاي قوراللىق قىسىملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن 18 كىشىنىڭ روھىغا ئاتاپ فاتىھە ئوقۇتتى. شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ۋە شۇنداقلا ئىستانبۇلدىكى بەزى ئاقساقاللارنىڭ بىر ئارىغا يىغىلىشى بىلەن توقۇنۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن 18 كىشىنىڭ روھىغا ئوقۇتۇلغان بۇ پاتىھە 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونىدىكى يىپەك يولى تۈركىستان تاماقخانىسىدا، 14 - چېسلا بولسا قەيسىرى شەھىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىدە ئوقۇلدى. شېھىتلەرنىڭ روھىغا خەتمە قۇرئان ئوقۇش يىغىلىشىغا ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەردىن بولۇپ كۆپ ساندا كىشى قاتناشتى.

♦ 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت - ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى، پامىر قىرغىنچىلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بايانات ئېلان قىلىپ، پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنى بۇ ۋەقەگە دىققەت قىلىشقا چاقىردى.

♦ 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ تونۇلغان يازغۇچىسى ئاننا ئەپەندى، بوخۇن تور بېتىدە «دولقۇن ئىيسا ۋە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ، باش كاتىپ دولقۇن ئىيسانىڭ سىياسىي ھاياتى، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ باردى.

http://www. peacehall. com/news/gb/pubvp/2007/01/200701160143. shtml

♦ مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋە 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يېشىللار پارتىيىسىنىڭ گېرمانىيە فېدېرال پارلامېنتىدىكى باش كاتىپى Volker Beck ئەپەندىگە ئايرىم - ئايرىم هالدا ئىككى قېتىم خەت ئەۋەتىپ، Volker Beck ئەپەندىنىڭ گېرمانىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 10 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان نارازىلىق نامايىشىغا قاتنىشىشىنى ئىلتىماس قىلدى. Volker Beck ئەپەندى 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گېرمانىيە پارلامېنتىدا رابىيە قادىر خانىمنى قوبۇل قىلغان ۋە 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گېرمانىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رابىيە قادىرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تۈرمىدىن ئازاد قىلىنىشى ئۈچۈن گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ جىددىي قول تىقىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

♦ 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى باش كاتىپ ۋە ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش پروگراممىسىنىڭ مۇدىرى دولقۇن ئىيسا ئەپەندى، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپ د ئۇ ق، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن 5 - ئايدا گوللاندىيىدە ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيە ساھەلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچىدىغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1169486279&mid= - 2139923529

♦ 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ياۋروپا پارلامېنتى كىشىلىك هوقۇق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى - خىتاي دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ رەئىسى Nirja Déwa 22 - يانۋار كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ياۋروپا پارلامېنتى ئەزالىرىغا بىر خەت ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن د ئۇ ق ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىمنىڭ پائالىيەتلىرىنى قوللىماسلىققا چاقىرغان. ئۇ ياۋروپا پارلامېنتى ئەزالىرىغا ئەۋەتكەن خېتىدە ئاساسەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە پائالىيەتچىلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى تەكرارلىغان. Nirja Déwa نىڭ بۇ خېتى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭلا ئەمەس، ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ، شۇنداقلا خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىدى ھەمدە ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بىلەن يېڭى تونۇشۇۋاتقان ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۇيغۇر مەسىلىسى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتى ھەققىدە چوڭ مۇنازىرە قوزغىلىشىغا سەۋەب بولدى.

♦ رابىيە قادىر خانىم ياۋروپا پارلامېنتىغا خەت يېزىپ، مەزكۇر پارلامېنتنىڭ كىشىلىك هوقۇق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ياۋروپا - خىتاي دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ رەئىسى Nirja Déwa ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى بايانلىرىغا رەددىيە بەردى. رابىيە قادىر خانىمنىڭ Nirja Déwa نىڭ خېتىگە جاۋاب قايتۇرۇپ، ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرىغا ئەۋەتكەن خېتىدىن كېيىن، ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدىكى ئەزالىرى Nirja Déwa ھەمدە پۈتۈن پارلامېنت ئەزالىرىغا خەت

ئەۋەتىپ، Nirja Déwa نىڭ قاراشلىرىنى رەت قىلىپ، پارلامېنت ئەزالىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك هوقۇق ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىنى قوللاشقا چاقىردى.

◆ 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا باۋارىيە پارلامېنتى يېشىللار پارتىيىسىنىڭ رەئىسى Margarete Bause خانىم بىلەن باۋارىيە پارلامېنتىدا ئۇچرىشىش ئېلىپ باردى. بۇ ئۇچرىشىشتا Margarete Bause خانىمغا شەرقىي تۈركىستاندىكى يېقىنقى ۋەزىيەت، پامىر ۋەقەسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى. بۇ ئۇچرىشىشتا يەنە غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 10 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، يېشىللار پارتىيەسى بىرلىكتە مەتبۇئات يىغىنى ئېچىش قارار قىلىندى.

♦ 1 ـ ئاينىڭ 23 – كۈنى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ۋە ياۋروپا لىبېرال ـ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى **István Szent-Ivanyi** ئەپەندى، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىغا خەت ئەۋەتىپ، ياۋروپا ـ خىتاي دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ رەئىسى Nirj Déwa ئەپەندىنىڭ د ئۇ ق ۋە ئۇنىڭ رەئىسى رابىيە قادىر خانىم ھەققىدىكى بايانلىرىغا رەددىيە بەردى. ئۇ خېتىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1949 ـ يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ دېموكراتىيە، كىشىلىك هوقۇق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بارلىق ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق باستۇرۇۋاتقانلىقىنى، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇ ھەقتە كۆپلىگەن دوكلاتلارنى ئېلان قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، پارلامېنت ئەزالىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا ئالدانماسلىققا، ھەقىقەتنى بىلىشكە چاقىردى.

http://www. unpo. org/article. php?id=6213

♦ 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئىجرائىيە كومىتېتى مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلھېكىم ئىدرىس، باش كاتىپ ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى رەئىسى دولقۇن ئىيسا، 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بېرلىنگە بېرىپ، گېرمانىيە پارلامېنتىنىڭ بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا ئۇلار پارلامېنت ئەزالىرىغا نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنى مەجبۇرى ھالدا خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىۋاتقانلىقى، يەنە يېقىندىن قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى قوزغاپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئىنسانلارنى تۇتقۇن قىلىۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ، گېرمانىيىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

♦ بېرلىن زىيارىتى جەريانىدا گېرمانىيە پارلامېنتىدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن، مەركىزى بېرلىندىكى تىبەتنى ھىمايە قىلىش تەشكىلاتىنى زىيارەت قىلىپ، تىبەتنى ھىمايە قىلىش تەشكىلاتى بىلەن د ئۇ ق نىڭ ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش مەسىلىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە شۇنداقلا ئالدىمىزدىكى ئايلاردا بېرلىندە بىرلىكتە بەزى بىر پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە پىكىر بىرلىكىگە كەلدى.

♦ 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تۈركىيە ئىنسان ھەقلىرى ۋە مەزلۇملار ھەمكارلىق جەمئىيىتى د ئۇ ق رەئىسى رابىيە قادىر خانىمغا ئىنسان ھەقلىرى مەخسۇس مۇكاپاتى بەردى. 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

ئىستانبۇلدىكى بايرامپاشا مەدەنىيەت مەركىزىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىنسان ھەقلىرى كېچىلىكىدە ئالدى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىستانبۇل شۆبە باشلىقى مۇستافا ئەرجان تۈركىيە ئىنسان ھەقلىرى ۋە مەزلۇملار ھەمكارلىق جەمئىيىتى قۇرۇلغان 16 يىلدىن تارتىپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان خىزمەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى. يىغىنغا قاتناشقان ئاممىۋى تەشكىلات مەسئۇللىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، شائىرلار ۋە جەمئىيەت ئەزالىرى ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلدى. مۇراسىمدا رابىيە قادىر خانىمنىڭ ھاياتى ئاكس ئەتتۈرۈلگەن بىر فىلىم كۆرسىتىلگەندىن كېيىن رابىيە قادىر خانىمغا «ئىنسان ھەقلىرى مۇكاپاتى» بېرىلدى. بۇ مۇكاپاتنى رابىيە قادىر خانىم نامىغا د ئۇ ق تەپتىشى خەيرۇللاھ ئەپەندى تاپشۇرۇپ ئالدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1170151735&mid= ـ 2139923529

♦ 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئابدۇلھېكىم ئىدرىس ۋە دولقۇن ئىيسالار 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بېرلىندىكى زىيارىتى جەريانىدا گېرمانىيە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشتا، قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نەزەربايېۋنىڭ 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىگە قىلىدىغان زىيارىتىمۇ تىلغا ئېلىنىپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا توختاملارغا خىلاپلىق قىلىپ ھازىرغىچە 20 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر سىياسىي ئىلتىجاچىنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، شۇڭا گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قازاقىستان پرېزىدېنتى بىلەن بولغان سۆھبەتتە بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئىلتىماس قىلغان ئىدى. 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى گېرمانىيە پارلامېنت ئەزاسى ئۆمىد نۇرىپور ئەپەندى، نەزەربايېۋنىڭ گېرمانىيە زىيارىتى جەريانىدا گېرمانىيە پارلامېنتىدا قازاقىستاننىڭ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك مۇھاجىرلارنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوئال سورىدى.

♦ 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى د ئۇ ق ۋە باۋارىيە يېشىللار پارتىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، د ئۇ ق ئىشخانىسىدا «5 – فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى»نىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، باش كاتىپ، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئىيسا، شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى رەئىسى ئابدۇلجېلىل قاراقاش ئەپەندىلەر بىلەن بىرگە، باۋارىيە پارلامېنتى يېشىللار پارتىيىسىنىڭ مەسئۇلى Margereta Bause خانىم، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى مىيۇنخېن شۆبىسىنىڭ باشلىقى Jürgen Thirak ئەپەندى، تېبەتنى ھىمايە قىلىش تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە گېرمانىيىدىكى تۈرك، ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. مەزكۇر ئاخبارات كونفرانسىغا تەكلىپ بىلەن گېرمانىيىدىكى گېزىت – ژۇرناللارنىڭ كۆپلىگەن مۇخبىرلىرى ئىشتىراك قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1170251968&mid= 2139923529

♦ 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى مىيۇنخېن شەھىرىنىڭ باشلىقى Christian Ude ئەپەندى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت سارىيىدا مۇھاجىرلارنى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ مۇراسىمغا ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنت ئەزالىرى، چەت ئەللىك تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى

قاتناشتى. بۇ مۇراسىمغا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەرجان، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئەركىن زۇنۇن ئەپەندىلەر ئىشتىراك قىلدى. ئۇلار بۇ مۇراسىم جەريانىدا شەھەر باشلىقى Christian Ude ئەپەندى ۋە باشقا ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى، ئۇلار سۆھبەتتە ئۇيغۇر مەسىلىسى، جۈملىدىن گېرمانىيىدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى.

♦ 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى د ئۇ ق ۋە ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى بىناسىدا ختايدا باشقا مىللەتلەرنىڭ بېسىمغا ئۇچراش ئەھۋالى توغرىسىدا ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىنغا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ دېموكراتىيە كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەمگەكچىلەر مەسىلىلىرى خادىملىرى قاتناشتى. يىغىندا ھازىر ختاي تۈرمىسىدە تۇرۇۋاتقان ھۈسەنجان جېلىلنىڭ ئايالى كامىلە خانىم، خەلقئارا تىبەت ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى Buchung Sérin قاتارلىق كىشىلەر ختايدا باشقا مىللەتلەرنىڭ بېسىمغا ئۇچراش ئەھۋالى توغرىسىدا ئىسپات بەردى. كامىلە خانىم ئىسپات بېرىش يىغىنىدا يولدىشى ھۈسەين جېلىلنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 1 – كۈنى رابىيە قادىر خانىم نورۋېگىيە، شۋېتسىيە ۋە ئىتالىيىلىك ئەربابلار تەرىپىدىن 2007 ـ يىل يەنە نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى. رابىيە قادىر خانىم بۇ يىلقى نامزاتلىققا شۋېتسىيە پارلامېنت ئەزاسى Anéksén خانىم، شۇنداقلا نورۋېگىيە ۋە ئىتالىيە پارلامېنت ئەزالىرى ھەم نورۋېگىيە رافتو فوندى جەمئىيىتى قاتارلىق شەخس ۋە ئورگانلار تەرىپىدىن كۆرسىتىلدى. رابىيە قادىر خانىمنى 2006 ـ يىلى شۋېتسىيە پارلامېنت ئەزاسى Anéksén خانىم تەرىپىدىن نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەن ئىدى.

♦ ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2007 ـ يىللىق 1 ـ قېتىملىق ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنى بېلگىيە پايتەختى برۇكسەلدە ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا باش كاتىپ، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئىيسا ئەپەندى گېرمانىيىدىن بېرىپ قاتناشتى. ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2006 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلگەن 8 ـ قېتىملىق ئومۇمى قۇرۇلتىيىدا دولقۇن ئىيسا ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغان ئىدى. يىغىننىڭ 2 ـ كۈنى، يەنى 2 ـ فېۋرال كۈنى يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن دولقۇن ئىيسا ئەپەندى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى رەئىسى Lindum ئەپەندىگە ئىلتىماس قىلىپ، غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىق خاتىرە كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى ۋە رەئىسنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن دولقۇن ئىيسا ئەپەندى غۇلجا ۋەقەسى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى. رەئىس Lindum ئەپەندى پۈتۈن يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى غۇلجا شەھىتلىرى ئۈچۈن بىر مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ئىجرائىيە ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنى بولسىمۇ، يىغىن كۈن تەرتىپىدە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى زور سالماقنى ئىگىلەپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي دەۋاسىنىڭ تونۇلۇشىدا زور رول ئوينىدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1170447481&mid= - 2139923529

♦ 2 ـ ئاينىڭ 3 – كۈنى شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ئەنقەرە شۆبىسى بۇيۇك ئاناتولىيە مۇكاپاتىغا لايىق كۆرۈلدى. تۈركىيە بۇيۇك ئاناتولىيە بىرلىكى جەمئىيىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتنى خەيرۇللاھ ئەپەندى مۇراسىم بىلەن تاپشۇرۇۋالدى. 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمغا تۈركىيىدىكى ھەرقايسى ئاممۇۋى تەشكىلات مەسئۇللىرى ۋە ۋەكىللىرى قاتناشتى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ، 8 ـ كۈنلىرى ئىتالىيىلىك تەتقىقاتچى Elena Caprioni خانىم ۋە فرانسىيىلىك تەتقىقاتچى Rewi ئەپەندىلەر گېرمانىيىگە كېلىپ، د ئۇ ق مەركىزى ئورگىنىنى زىيارەت قىلدى. ئۇلار مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، باش كاتىپ دولقۇن ئىيسالار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. بۇلاردىن باشقا يەنە Elena Caprioni خانىم ۋە Rewi ئەپەندىلەر گېرمانىيىدىكى سىياسىي ۋە دىنى زاتلار بىلەنمۇ ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ، ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە نەشردىن چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقان، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقات كىتابى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىدى.

♦ مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى باۋارىيە پارلامېنتىسىدا سوتسىيال دېموكرات پارتىيىسى ساھىپخانلىق قىلغان «گېرمان ۋە تۈرك مەدەنىيەت ھەپتىسى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. بۇ يىغىندا سوتسىيال دېموكرات پارتىيىسىنىڭ باشلىقى Franz Maget، تۈركىيە باش كونسولى ئابدۇرراھمان بىلگىچ ۋە پارلامېنتو ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارغا ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى توغرۇلۇق مەلۇمات بەردى.

♦ د ئۇ ق نىڭ «5 – فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى» نىڭ 10 يىللىقىنى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كەڭ كۆلەمدە خاتىرىلەش ھەققىدىكى چاقىرىقىغا بىنائەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە ھەر خىل شەكىللەردە داغدۇغىلىق خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ باردى.

♦ **پارىژدىكى نامايىش**

2 ـ فېۋرال كۈنى فرانسىيىدىكى ئۇيغۇرلار سانىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماستىن، پارىژدىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ، «5 ـ فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى» نىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ھەرقايسى دۆلەتلەردە كېيىنكى بىرقانچە كۈن ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. بۇ پائالىيەتكە ئۇيغۇرلاردىن باشقا، دېموكراتچى خىتايلار، فالۇنگۇڭ مۇرىتلىرى، تۈرك دوستلار، بىر قىسىم فرانسىيىلىكلەر ۋە گېزىت ـ ژۇرنال مۇخبىرلىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1170676427&mid=-2139923529

♦ سىدنىيدىكى نامايىش

ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھۇسەن ھەسەن ئەپەندىنىڭ بىر ئايدىن ئارتۇق جىددىي تەييارلىق قىلىشى ۋە تەشكىللىشى بىلەن 2 ـ فېۋرال كۈنى ئاۋستىرالىيىنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى سىدنىيدا غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 10 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن داغدۇغىلىق نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. نامايىشقا سىدنىي شەھىرىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار، مەلبورن، ھەتتا 1500 كم يىراقلىقتىكى ئادېلايد شەھىرىدىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى زور قىزغىنلىق بىلەن قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1170676427&mid=-2139923529

♦ برۇكسەلدىكى نامايىش

2 – فېۋرال كۈنى بېلگىيە پايتەختى برۇكسەلدىكى ئۇيغۇرلار نامايىش قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ فاشىستىك سىياسىتى ۋە زوراۋانلىق جىنايەتلىرىنى ياۋروپا پارلامېنتى ئەزالىرىغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1170676427&mid=-2139923529

♦ ئوسلودىكى نامايىش

3 ـ فېۋرال نورۋېگىيەدىكى ئۇيغۇرلار، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشىدە ئوسلو شەھىرىدە خىتايغا قارشى داغدۇغىلىق نامايىش ۋە كوچا يۈرۈشى ئېلىپ باردى. نامايىشقا ئوسلو شەھىرى ۋە نورۋېگىيەنىڭ باشقا جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە مۇخبىرلار ئىشتىراك قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1170591301&mid=-2139923529

♦ بېرگېن شەھىرىدە «غۇلجا ۋەقەسى» دە قۇربان بولغانلار ئۈچۈن گۈلچەمبىرەك قويۇلدى

ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلار «5 ـ فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى» نىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر تۈرلۈك نامايىش ۋە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر پەيتتە، نورۋېگىيە رافتو فوندى جەمئىيىتى ۋە نورۋېگىيە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىرلىكتە بېرگېن شەھىرىدە بىر خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، 10 يىل بۇرۇنقى قانلىق باستۇرۇشتا ھاياتىدىن ئايرىلغان شېھىدلار ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە ھەمدەردلىك كۆرسەتتى. بۇ پائالىيەت، 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بېرگېندىكى رافتو فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئالدىغا جايلاشقان «كىشىلىك ھوقۇق مەيدانى» دا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، پائالىيەت قاتناشچىلىرى ئالدى بىلەن «5 ـ فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى»دە قۇربان بولغان قەھرىمانلار ئۈچۈن بىر مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈردى ۋە ئۇلارغا

ئاتاپ گۈلچەمبەرەك قويدى. بۇ پائالىيەتكە رافتو فوندى جەمئىيىتى ۋە نورۋېگىيە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بېرگېن شۆبىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ۋە بېرگېن شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئىشتىراك قىلغان.

### ♦ مىيۇنخېندىكى داغدۇغىلىق نامايىش

د ئۇ ق باش شتابىنىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن، 3 ـ فېۋرال گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. Sendlinger tor مەيدانىدىن Odions مەيدانىغىچە بولغان 5 كم مۇساپە ئۇزۇنغا سوزۇلغان نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ جاراڭلىق شوئار سادالىرى بىلەن تولدى. نامايىشچىلار قوشۇنى مەشھۇر Odions مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندە مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، باش كاتىپ، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئىيسا، باۋارىيە يېشىللار پارتىيىسىنىڭ مەسئۇلى Margareta Bause خانىم، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىنىڭ مىيۇنخېندىكى مەسئۇلى Jürgen Therak، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ مىيۇنخېندىكى مەسئۇلى Hèrman Shimd، باۋارىيە مۇھاجىرلار تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى، Ludwek ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى ۋە باشقا ئىنسان ھەقلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى زاتلار ئارقا ـ ئارقىدىن نۇتۇقلار سۆزلەپ، خىتاينىڭ 1997 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە ئېلىپ بارغان قانلىق قىرغىنچىلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. بۇ قېتىمقى نامايىشقا گېرمانىيىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھەر قايسى يۇرتلاردىن كەلگەن يۈزلىگەن ئۇيغۇر جامائىتى قاتناشقاندىن سىرت، گېرمان تەشكىلاتلىرى، تۈرك ۋە ئىسلام تەشكىلاتلىرى ھەمدە خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. بۇ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ چوڭ، تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بىر نامايىش بولدى. گېرمانىيە پۇقرالىرى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى يەنە بىر قېتىم تونۇدى. ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1170522266&mid=-2139923529

### ♦ تۈركىيىدىكى نامايىش

تۈركىيىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقىنى تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن خاتىرىلىدى. ئىستانبۇلدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى باشلىقى تىبەت ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى زەيتىنبۇرنۇ رايونىدا بىر كونفىرانس چاقىرىلدى. كونفرانستا پروفېسسور ئابدۇلقادىر دونۇق، دوكتۇرئۆمەر قۇل ۋە ئارسلان ئالپتېكىن قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى ئورتاقلىشىپ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىشقا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە كۆپ ساندا ئۇيغۇر قاتناشتى.

♦ 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بولسا ئەنقەرەدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا كەڭ كۆلەملىك بىر نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نامايىشنى شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ئەنقەرە شۆبىسى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، نامايىشقا قەيسېرى ۋە ئەنقەرەدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار، شۇنداقلا تۈركىيىدىكى ئەڭ چوڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن بىرى بولغان تۈركىيە كادىرلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى ۋە كەڭ ئۇيغۇر دوستلىرىدىن تەشكىل تاپقان نامايىشچى ئامما قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1790710458&mid=
.2139923529

**♦ ۋاشىنگتوندا نامايىش**

5 - فېۋرال كۈنى ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا، ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ نامايىش ئېلىپ باردى. نامايىشقا باش بولۇپ قاتناشقان رابىيە قادىر خانىم نامايىشچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ناھايىتى جۇشقۇن كەيپىياتتا شوئار توۋلاپ، نامايىش ئەھلىنىڭ جاسارىتىگە جاسارەت، كۈچىگە كۈچ قوشتى. نامايىشقا ئامېرىكىدىكى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى قاتنىشىپ سۆز قىلدى.

**♦ تورونتودا نامايىش**

ئۇيغۇر كانادا جەمئىيىتى تورونتودىكى خىتاي كونسۇلى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، غۇلجا قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلىدى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. نامايىش ئۆچۈن مونترېئال، ھاملتون قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار تورونتو ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە خىتاينىڭ تورونتودىكى باش كونسۇلۇسلۇق بىناسى ئالدىدا توپلىنىپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلدى. بۇ نامايىشقا ئۇيغۇرلاردىن باشقا ئۇيغۇر دوستلىرى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ كۆپلىگەن جامائەت قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=326243514&mid=-
.2139923529

**♦ ۋانكوۋەردە نامايىش**

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كانادانىڭ ۋانكوۋەر شەھىرىدەكى خىتاي كونسۇلى ئالدىدا تۇنجى قېتىملىق خىتايغا قارشى نامايىش بولۇپ ئۆتتى. كانادانىڭ ۋانكوۋەر شەھىرىگە خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلار كېلىپ يەرلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر خىتايغا قارشى نامايىش بولمىغان ئىدى. بۇ يىل دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاساسەن، د ئۇ ق نىڭ ۋانكوۋەردىكى ۋەكىلى ئۆمەرجاننىڭ تەشكىللىشى بىلەن نامايىش ئېلىپ بېرىلدى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1170766231&mid=-2139923529

**♦ گوللاندىيىدە نامايىش**

2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى د ئۇ ق ياشلار كومىتېتى ۋە گوللاندىيە شەرقى تۈركىستان ۋەقفىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا گوللاندىيىدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار، تۈركمەنلەر، ھەرقايسى تۈرك تەشكىلاتلىرى ۋە گوللاندىيەلىكلەردىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. .asp?ItemID=1170762633&mid=2139923529

### ♦ قازاقىستاندا غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقى خاتىرلەندى

5 – فېۋرال كۈنى ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان دۇرۇژبۇ مەھەللىسىدىكى يۇلتۇز كافېخانىسىدا د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى بىلەن، قازاقىستان ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئابدۇرېشىت تۇردىيوپلارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقى خاتىرلەندى.

### ♦ قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلار غۇلجا ۋەقەسىنى خاتىرلىدى

غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دۆلەتلەردە ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن خاتىرلەندى. غەرب ئەللىرىدىكى ئۇيغۇرلار سەيشەنبە كۈنى شۇ دۆلەتلەردىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزگەن بولسا، قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلار غۇلجا ۋەقەسىدە ئۆلگەنلەر ئۈچۈن نەزىر ئۆتكۈزدى ۋە خەتمە قۇرئان ئوقۇتۇپ، ۋەقەدە ئۆلگەنلەرنى ئەسلىدى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 5 – كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان تەكلىپ بىلەن ئامېرىكىنىڭ مىيۇنخېن باش كونسۇلوسلۇقى تەرىپىدىن تەرتىپلەنگەن «ئىسلامىيەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غەرب دۇنياسىغا بولغان قارىشى، ماسلىششتىكى قىيىنچىلىقلار» دېگەن تېمىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. ئەسقەرجان 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش گۇناھسىز ئىنسانلارنىڭ، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ ۋەقەنى ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش ۋە ئېزىش ئۈچۈن بىر قالقان قىلىپ ئىشلىتىۋاتقانلىقى، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ بۇ ئويۇنىغا ناھايىتى دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 6 – كۈنى د ئۇ ق ياشلار كومىتېتى ۋە گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى، گوللاندىيىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە «خىتاي ھۆكۈمىتى نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەرىجىدە دەخلى ـ تەرز يەتكۈزمەكتە. سىز خىتاينىڭ بۇ خىل قىلمىشىغا قارشى ئۆز ئىمزايىڭىزنى قويۇپ، بىز بىلەن بىرلىكتە ئۇلارغا قارشىلىق بىلدۈرەمسىز؟» دېگەن نام بىلەن ئىمزا توپلاش پائالىيىتى باشلىدى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ 8 ـ كۈنلىرى «5 ـ فېۋرال ۋەقەسى»نىڭ ئون يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىپ بارغان تۈرلۈك خاتىرلەش، نامايىش پائالىيەتلىرى دۇنيا مەتبۇئاتىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، 6 ـ فېۋرال كۈنى د ئۇ ق

باياناتچىسى دىلشات رىشىت ستوكھولمدا بىر قانچە خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرى مۇخبىرلىرىنىڭ بىرلەشمە تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، دىلشات رېشىت 6 - فېۋرال ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسى، ئەركىن ياۋروپا رادىئوسى، ئەركىن تىبەت رادىئوسى، تەيۋەن مەركىزى ئاخباراتى قاتارلىق خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرى مۇخبىرلىرىنىڭ بىرلەشمە تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارنىڭ غۇلجا ۋەقەسى ھەمدە ئۇيغۇر مەسىلىلىرى ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. دىلشات رېشىت: «دۇنيا مەتبۇئاتىغا د ئۇ ق خەلقئارا جەمئىيەتتىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 5 - فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن مەخپىي تۇتقۇن قىلىش، ئۆلتۈرۈش، قىيناش ھەرىكەتلىرى ئۈستىدىن ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ» دەپ بايانات ئېلان قىلدى. شۇ كۈنى يەنە ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيىسى، ئىسلام ئۇچۇر تور بېتى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدىمۇ 5 - فېۋرال ئىلى ۋەقەسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر مەسىلىلىرىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلدى.

♦ 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا ئەپەندى ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيەسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

♦ ئۇيغۇر پائالىيەتچىسى ئىسمائىل سەمەت 8 - فېۋرال پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دا خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 2005 - يىلى 31 - ئۆكتەبىر كۈنى سوت ئېچىپ، ئىسمائىل سەمەتنىڭ دۆلەتنى پارچىلاش ۋە پارتلاتقۇچ ياساش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشتەك بۇ خىل ۋەھشىيانە قىلمىشى د ئۇ ق باشچىلىقىدا پۈتۈن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ خىتاي دائىرىلىرىگە بولغان قاتتىق نارازىلىقى ۋەغەزەپ - نەپرىتىنى ئويغاتتى. د ئۇ ق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسمائىل سەمەتكە قاراتقان ئەيىبلەشلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى، ئىسمائىل سەمەتنىڭ تىنچلىق يولىدا ئۆز خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارغان جەڭچى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ بايانات ئېلان قىلدى.

♦ مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، ئىجرائىيە كومىتېتى مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلھېكىم ئىدرىس ۋە شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزىنىڭ رەئىسى ئابدۇلجېلىل قاراقاش ئەپەندىلەر، 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۈركىيىدىن گېرمانىيەگە رەسمىي زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن تۈركىيە سابىق مۇئاۋىن باش مىنىستىرى، جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسى رەئىسى دەنىز بايقال، مۇئاۋىن رەئىسلەر ئونۇر ئۆيمەن، مۇستافا ئاق يۈرەك ۋە گېرمانىيە پارلامېنتو ئەزاسى پروفېسسور ھەققى كەسكىن ئەپەندىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە مەخسۇس راپور تەقدىم قىلدى.

♦ ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك يىغىنى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ب د ت نىڭ جەنۋەدىكى سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى

ۋەزىيىتىنى ئۇتتۇرىغا قويۇش ۋە يىغىن جەريانىدا بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنى د ئۇ ق مۇھىم پائالىيەت پىلانلىرىدىن بىرى دەپ بەلگىلىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن د ئۇ ق خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن جىددىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى قۇرۇپ، 2 ـ نۆۋەتلىك ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىنىڭ يىغىنى جەريانىدا ب د ت دە بىر مەلۇمات بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق ئېلىپ باردى. 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خىتايدا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى، تىبەت تەشكىلاتى، خەتەر ئاستىدىكى خەلقلەر تەشكىلاتى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىرلىكتە تېلىفون يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ب د ت دا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەلۇمات بېرىش يىغىنى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، يىغىننىڭ كۈن تەرتىپى بېكىتىلدى. بۇ يىغىنغا د ئۇ ق غا ۋاكالىتەن دولقۇن ئىيسا قاتناشتى.

♦ «شىنجاڭ خەۋەر تورى»نىڭ بەرگەن ئۇچۇرىدا، تۇرپان ۋىلايىتى پىچان ناھىيىسىدىن 167 نەپەر ئۇيغۇر ياشنىڭ خىتاينىڭ جېنياڭ ئۆلكىسىنىڭ خەيەن ناھىيىسىدىكى بىر كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىغا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ «نامرات ئۇيغۇر دېھقان ياشلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» باھانىسىدە ياش ئۇيغۇر دېھقان قىزلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئېلىپ كېتىشى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا ۋە ئەندىشە ئويغاتقان بولۇپ، باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا، مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد توختى، ئاياللار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئايگۈل يۈسۈپ، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى دوكتور قاھىر باراتلار «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» نىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۆز كۆز قارىشىنى بايان قىلدى. ئۇلار بىردەك ھالدا، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش باھانىسىدە ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەش ھەرىكىتىنىڭ ئارقىسىغا، ئۇيغۇرلارنى تېزدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇشتەك سىياسىي سۇيقەستىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى  د ئۇ ق تەركىبىدىكى «ئالپتېكىن تەلىم – تەربىيە مەركىزى»نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى كوللېكتىپ ھالدا ميۇنچېن شەھىرىدىكى سۇ ئاستى ھايۋانلىرى مۇزېيىغا زىيارەت قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. «ئالپتېكىن تەلىم – تەربىيە مەركىزى»، گېرمانىيىدىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي تۇيغۇلىرىنى كۈچەيتىش، ئۇلارنى مىللىي ئۆرپ – ئادەت ۋە مەدەنىيەت – سەنئەت جەھەتتە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن قۇرۇلغان ئىدى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى  يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر دىيارىدىن تۈركىيەگە كېلىپ پاناھلىق تىلەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بۇلارنىڭ بىر قىسمى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولماقتا. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن د ئۇ ق نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مۇئاۋىن رەئىسى سېيت تۈمتۈرك، تەپتىشى خەيرۇللاھ ئەپەندى ۋە مۇئاۋىن كاتىپى دوكتور ئەركىن ئەمەت ئەپەندىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر ھەيئەت تۈركىيە پارلامېنتوسى پارلامېنتى ئىچ ئىشلىرى كومىسسىيونى باشلىقى زىيائۇددىن ئاق بۇلۇت ئەپەندىنى زىيارەت قىلدى. د ئۇ ق ھەيئىتى

تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار دۇچار بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ئاڭلاتقان بىر دوكلاتنى ئۇنىڭغا سۇندى. تۈركىيە پارلامېنتوسى ئىچ ئىشلىرى كومىسسىيونى باشلىقى زىيائۇددىن ئاق بۇلۇت ئەپەندى تۈركىيەنىڭ بۇ ھەقتىكى قانۇنلىرىغا ئاساسلانغان ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ياردەمنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

♦ 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مۇئاۋىن رەئىس سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى ۋە خەيرۇللاھ ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر باشچىلىقىدىكى د ئۇ ق ھەيئىتى تۈركىيە پارلامېنتىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆكتىچى پارتىيە بولغان جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنى زىيارەت قىلدى ۋە پارتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن مۇستافا ئاق يۈرەك ۋە ئونۇر ئۆيمەن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى. ھەيئەت ئۇچرىشىشتا ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتى، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ خەلقئارادىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ۋە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ماۋزۇلۇق 65 بەتلىك دوكلاتنى سۇندى. جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسى مۇئاۋىن باشلىقى، تۈركىيە - ياۋروپا پارلامېنتلىرى بىرلىكى مۇئاۋىن باشلىقى، تۈركىيە پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىسسىيونى ئەزاسى ئونۇر ئۆيمەن ئەپەندى بۇ ئۇچرىشىشتا ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتى بىلەن تۈركىيە پارلامېنتىدا كۈن تەرتىپكە كېلىشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

♦ 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كۇتۇپخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا سۆز قىلغان چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى Waslaw Xawel ئەپەندى، ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر قاتارلىق 8 نەپەر كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە پائالىيەتچىسىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئاكتىپ ئەركىنلىك كۈرەشچىلىرى دەپ ئاتاپ، ئۇلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىدە بۇرۇنقى ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە كۈرەشچىلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشقا چاقىردى. يىغىندا، رابىيە قادىر خانىمنى ئامېرىكا دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى Carl Grishman ئەپەندى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ سۆزگە تەكلىپ قىلدى. Carl Grishman ئەپەندى، رابىيە خانىمنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىر پائالىيەتچى دەپ تونۇشتۇردى. رابىيە قادىر خانىمنىڭ يىغىندا قىلغان سۆزلىرى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ پرېزىدېنت Waslaw Xawel نىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

♦ 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ياپونىيىنىڭ ئەڭ چوڭ گېزىتىدىن بىرسى بولغان The Asahi Shimbun گېزىتىنىڭ 2007 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈندىكى سانىدا «ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدىن ئەركىنلىك ئىستىمەكتە» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇ ماقالىدە د ئۇ ق نىڭ باش كاتىپى دولقۇن ئىيسا ئەپەندى ۋە د ئۇ ق نىڭ پائالىيەتلىرى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، دولقۇن ئىيسانىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان تەكلىپ بىلەن «گېرمانىيىنىڭ ئىچكى بىخەتەرلىكى ۋە كۆچمەنلەر» ناملىق يىغىنغا قاتناشتى. بۇ يىغىندا باۋارىيە ھۆكۈمىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى Günter Beckstein ئەپەندى، گېرمانىيىنىڭ ئىچكى بىخەتەرلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى. يىغىندا ئەسقەرجان خىتاي باش كونسۇلسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە ھەتتا ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقان سىياسىي پارتىيەنى بىئارام قىلىپ، ئۇلارغا كەلگەن ـ كەتكەن خەت ۋە ئېلىكترونىك پوشتىلانى ئوغرىلىقچە ئوقۇۋاتقانلىقىنى، بۇ ھەقتە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ جىددىي تەدبىر قوللىنىشى لازىملىقىنى ئىزھار قىلىپ ئۆتتى.

♦ باش كاتىب دولقۇن ئەيسا، 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە تۈركىيەدە زىيارەتتە بولدى. ئۇ زىيارىتى جەريانىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسىم ھۆكۈمەت خادىملىرى، مىنىستىرلىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈش بىلەن بىرگە، تۈركىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلاتلارنى زىيارەت قىلىپ، تەشكىلات رەھبەرلىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەت ئېلىپ باردى، ئۇلارغا د ئۇ ق نىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، مىللىي دەۋايىمىزنىڭ غەرب دۆلەتلىرىدىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. تەشكىلاتلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى.

♦ سېيىت تۈمتۈرك، دولقۇن ئەيسا، خەيرۇللاھ ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلىك بىناسىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مىنىستىرى مۇھەممەد ئايدىن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ خەلقئارادىكى ئەھۋالى ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەنقەرەدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك، باش كاتىپ دولقۇن ئەيسا، مۇئاۋىن باش كاتىپ دوكتۇر ئەركىن ئەمەت، تەپتىش خەيرۇللا ئەفەندى، ياشلار كومىتېتى تۈركىيە ۋەكىلى ئابدۇللاھ تۇرسۇن ئەپەندىلەر بىر ئارىغا كېلىپ، د ئۇ ق ۋە تۈركىيەدىكى پائالىيەتلەر ھەققىدە مۇزاكىرە يىغىنى ئېلىپ باردى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1173186496&mid= ـ 2139923529

♦ 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى رەھبەرلىرى، شىۋېتسىيەنىڭ ھوقۇق تۇتۇۋاتقان پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى Mien Hinders خانىم بىلەن شىۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى ئىشخانىسىدا كۆرۈشتى. بۇ ئۇچرىشىشقا شىۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن رەئىس ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى مۇئاۋىن رەئىسلەردىن ماھنۇر ھەسەنوۋا، پەرھات ئىبراھىموۋ، كاتىپ ئابدۇشۈكۈر سامساق ۋە ياشلار بۆلۈمىنىڭ رەئىسى ئابدۇمىجىت تۇردىيۇۋلار قاتناشتى. بۇ ئۇچرىشىشتا شىۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە شىۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلدى. Modratlar پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى ئۇيغۇرلارنىڭ شىۋېتسىيەدە

قىلىشۋاتقان پائالىيەتلىرىگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە بۇندىن كېيىن داۋاملىق ئۇچرىشىش ئېلىپ بېرىشنى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۆزلىرىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

♦ مۇئاۋىن رەئىس سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى، 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تۈركىيەنىڭ ت ۋ 5 قانىلىدا «دۇنيا كۈن تەرتىپى پروگراممىسى»دا بىر سائەتلىك زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. بۇ پروگراممىدا 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋە 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنلىرى ئىككى قېتىم ت ۋ 5 تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 3 – كۈنىدىن باشلاپ د ئۇ ق نىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى ئۇيغۇر ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش پروگراممىسىنى يولغا قويدى. ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخىدىن ساۋات بېرىشكە باشلىدى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مۇئاۋىن رەئىس سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى رىياسەتچىلىكىدىكى د ئۇ ق ھەيئىتى، تۈركىيە ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي تەتقىقات مەركىزىنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت جەريانىدا مەركەزنىڭ باش كاتىپى پروفېسسور. دوكتۇرر ئارىف ئەرسوي ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەردى.

♦ ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدىكى ۋەكىلى، 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرىغا يەنە بىر قېتىم خەت يېزىپ، د ئۇ ق ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى تېررورىزم بىلەن ئەيىبلىدى. ئەمما ختاينىڭ بۇ ئەيىبلىشى خەلقئارادىكى تەشكىلاتلارنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى، خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتى، ختايدا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى، ئادالەت ـ تىنچلىق تەشكىلاتى، رافتو كىشلىك ھوقۇق فوندى، رادىكال پارتىيە، ئىنسان ھەقلىرى فوندى تەشكىلاتى، كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت ئۈچۈن بىرلەشمە قاتارلىق خەلقئارالىق سەككىز تەشكىلات بىرلەشمە باياتات ئېلان قىلىپ، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ سەپسەتىسىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

http://www. uyghurcongress. com/En/news. asp?ItemID= ـ 2086483818

♦ 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئاياللار كومىتېتى «8 ـ مارت ئاياللار بايرىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن باياتات ئېلان قىلىپ، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى ۋە ئاياللارنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالىيەت كۈرىشى يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشكە چاقىردى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1173444405&mid= ـ 2139923529

♦ 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ـ ھەمكارلىق جەمئىيىتى، ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە بالىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتىنى تۈركىيە جامائەتچىلىكىگە تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە بىلدۈرۈش مەقسىتىدە، تەشكىلات قارمىقىدا مەخسۇس بىر ئاياللار كومىتېتى تەشكىل قىلدى، بۇ كومىتېت دەسلەپكى قەدەمدە 8 ـ مارت خەلقئارا ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن تەشكىلات مەركىزىدە

بىر مەتبۇئات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تۈركىيە مەتبۇئاتىغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت باھانىسى بىلەن ئۇيغۇر ئانا ـ بالىلىرىغا يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىقلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 9 – كۈنى گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى ۋە ياشلار كومىتېتى ئەزالىرى گوللاندىيەنىڭ دەنھارگ شەھرىدە ئىراق تۈركمەنلىرى تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك نامايىشقا قاتناشتى. گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئىراق تۈركمەنلىرىگە بولغان قېرىنداشلىق ھېسداشلىقىمىزنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرلىكتە دۇنيادىكى ئېزىلىش ۋە زۇلۇم ئاستىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىپ دۇنيادىكى ئېزىلىش ۋە كەمستىشكە قارشى ئورتاق غايىسىنى بىلدۈردى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 9 – كۈنى شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى ياشلار بۆلۈمى ۋە مائارىپ بۆلۈمىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 8 ـ مارت ئاياللار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىلىشتا شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى رەئىسى ئابدۇشۇكۇر ئەپەندى د ئۇ ق نىڭ رەئىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئانىسى رابىيە خانىمنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ، سالىمىنى يەتكۈزدى.

♦ تىبەت ئىنقىلابىنىڭ 48 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تىبەتنى ھىمايە قىلىش تەشكىلاتىنىڭ تەشكىللىشىدە گېرمانىيىنىڭ بېرلىن ۋە ميۇنخېن شەھەرلىرىدە بىرلا ۋاقىتتا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى نامايىشقا د ئۇ ق نىڭ تەشكىللىشى بىلەن بىر قىسىم شەرقىي تۈركىستانلىقلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. نامايىش جەريانىدا د ئۇ ق تەرىپىدىن تەييارلانغان 500 پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ۋاراقچىسى تارقىتىلدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1173696665&mid= ـ 2139923529

♦ 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كانادانىڭ ۋانكوۋېر شەھرىدە، «تىبەت ۋانكوۋېر جەمئىيىتى»نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، خىتاي كونسۇلى ئالدىدا نامايىش بولۇپ ئۆتتى. نامايىشقا كانادادىكى ھەر خىل ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرى ۋە خەلقلەردىن بولۇپ 300 ئەتراپىدا كىشى قاتناشتى ۋە شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلاردىن ئۆمەرجان بۆرە قاتارلىقلار تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت خەلقىنىڭ تەقدىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنى، تىبەت مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ھەم خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى پائالىيەتلەرنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1173579508&mid= ـ 2139923529

♦ 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى  د ئۇ ق باش كاتىپلىقى ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش پروگراممىسى ھەققىدە ئاخىرقى ئۇقتۇرۇشنى تارقىتىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي دەۋاسىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش، مىللىي دەۋا سېپىدىكى سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا قانۇن ـ نىزاملار ئاساسىدا ھەل قىلىنىش

قەدىمىنى تىزلىتىش مەقسىتىدە «ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى» ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەييارلىق خىزمەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات ئېلان قىلدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/events. asp?ItemID=1939472354&mid=1207551763

♦ 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۈركىيە بۈيۈك بىرلىك پارتىيىسى باشلىقى مۇھسىن يازىجى ئوغلۇ باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت قەيسىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. زىيارەتكە بۈيۈك بىرلىك پارتىيىسى مۇئاۋىن باشلىقى، سابىق پارلامېنت ئەزاسى ئۆزەير تۈنچ، ئوككەش شەمدىنلەر، ھەسەن ھۈسەيىن بوزوك قاتارلىق كىشىلەرمۇ قاتناشتى. شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەھبەرلىرى ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن مەلۇمات بەردى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 15 – كۈنى مۇئاۋىن رەئىس سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇساپىرلار كومىتېتى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، 15 دىن ئارتۇق ئاممىۋى تەشكىلات رەھبەرلىرى ئىشتىراك قىلغان يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى تۈركىيەدە نەتىجە كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گوللاندىيىدە «گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى» ۋە «د ئۇ ق» ياشلار كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى بولغان نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتتە ئالدى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئەركىنلىكى يولىدا قۇربان بولغان شەھىتلىرىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇلدى، ۋەتەننىڭ ئازاد بولۇشى ئۈچۈن دۇئالار قىلىندى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1174496057

♦ 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مۇئاۋىن رەئىس سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى، تەپتىش خەيرۇللاھ ئەپەندى، ياشلار كومىتېتىنىڭ تۈركىيە ۋەكىلى ئابدۇللاھ تۇرسۇن قاتارلىق كىشىلەر تۈركىيە باش مىنىستىرى رەجەپ تايىيىپ ئەردوغان، تۈركىيە دۆلەت مىنىستىرى مۇھەممەد ئەلى شاھىن، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئابدۇلقادىر ئاقسۇ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئابدۇللاھ گۈل، تىجارەتكە مەسئۇل دۆلەت مىنىستىرى كۈرشات تۈزمەن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچرىشىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئاڭلاتتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى پىكىر ـ تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1174738525

♦ 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى رابىيە خانىم «د ئۇ ق» نامىدىن بايانات ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نورۇز بايرىمىنى مۇبارەكلىدى. رابىيە قادىر خانىم ئۆز سۆزىدە: «بىز ھەر يىلى نورۇزنى خۇشاللىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن تەبرىكلىشىمىز كېرەك. بىز شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋەتەن ئىچىدە ئازاب ـ ئوقۇبەتتە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بىز چوقۇم بۇ يېڭى پەسىلدە يېڭى ئىرادىگە ئىگە بولۇپ، ۋەتەن، خەلقىمىز

ئۆچۈن تېخىمۇ كۆپ جاپالىق خىزمەت قىلىشقا بەل باغلىشىمىز كېرەك. مەن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق قېرىنداشلىرىمىنىڭ بىر كۈنى شەرقىي تۈركىستاندا جەم بولۇپ، خۇشاللىق ۋە ھۆرلۈك ئىچىدە نورۇز تەنتەنىسى قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن!» دېدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/pressrelease. asp?ItemID=1174414594

3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۈركىيەنىڭ ئەنقەرە، قوۋيا، ترابزون ۋە قەيسەرى شەھەرلىرىدە، شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ۋاشىنگتوندا، 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بېلگىيە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن برۇكسەلدە، 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ستوكھولمدا، 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئوسلودا نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ 24 – كۈنلىرى «خەلقئارا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى»نىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى دېموكراتىيە ھەمدە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە شۇنداقلا ئۇلارغا ئۇيغۇر ئاياللىرى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى خەلقئاراغا توغرا ھەمدە ئۈنۈملۈك ئاڭلىتىش تاكتىكىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، تەربىيىلەش مەقسىتىدە ۋاشىنگتوندا ئىككى كۈنلۈك دېموكراتىيە ھەمدە كىشىلىك ھوقۇق تەربىيىلەش يىغىنى ئېچىلدى.

http://www. rfa. org/uyghur/xewerler/tepsiliy_xewer/2007/03/26/iuhrdf - xitay/?simple=1

♦ 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى  ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە «ياۋروپادا نورۇز» سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە گېرمانىيىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدىن كەلگەن 400 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. بۇ قېتىمقى نورۇز پائالىيىتىنى نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى، شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى، گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى قاتارلىق تەشكىلاتلار مەخسۇس سەنئەتكارلارنى ئەۋەتىپ، قىزغىن قوللىدى. بۇ قېتىمقى نورۇز سەنئەت كېچىلىكىگە يەنە ئامېرىكىنىڭ ميۇنخېندىكى كونسۇلى، قازاقىستاننىڭ بېلگىيە كونسۇلى، گېرمانىيىدىكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە تۈرك ـ ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ كېلىپ قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1174853246&mid= ـ 2139923529

♦ 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «د ئۇ ق» ھەيئىتى تۈركىيە پارلامېنت ئەزالىرىدىن زەكەرىيا ئاقچام ۋە مەھمەت قىلىچ بىلەن ئۇچراشتى. سىيىت تۈمتۈرك ئەپەندى، تەپتىش ھەيئىتى ئەزاسى خەيرۇللاھ ئەپەندى، مۇئاۋىن باش كاتىپ دوكتۇر ئەركىن ئەمەت، ياشلار كومىتېتى تۈركىيە ۋەكىلى ئابدۇللاھ تۇرسۇن قاتارلىق كىشىلەر تۈركىيە پارلامېنتىغا بېرىپ، ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى پارلامېنت ئەزاسى دوكتۇر مەھمەت قىلىچ، زەكەرىيا ئاقچام قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID= ـ 1646400576

♦ 3 ـ ئاينىڭ 29 – كۈنى سىيىت تۈمتۈرك باشچىلىقىدا، تەپتىش خەيرۇللاھ ئەپەندى، مۇئاۋىن باش كاتىپ دوكتۇر ئەركىن ئەمەت، ياشلار ۋەكىلى ئابدۇللاھ تۇرسۇندىن تەشكىل تاپقان «د ئۇ ق» ھەيئىتى، تۈركىيەدىكى سىياسىي پارتىيەلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ زىيارەت جەريانىدا «توغرا يول پارتىيەسى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇسرەت كاندەمىر، سەففەت ئارىكان بەدۈك، ئۈمىت ئارىك ۋە ئەمىن گۈندۈز بىلەن، «ئانا ۋەتەن پارتىيەسى» مۇئاۋىن رەئىسى مەھمەت كەكىلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار يەنە بۇ زىيارىتى جەريانىدا تۈركىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى فارۇق ئۈنسال ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ 29 – كۈنلىرى رابىيە قادىر خانىم باشچىلىقىدا، قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىدىن مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئالىم سېيتوف، ئىجرائىيە كومىتېتى مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلھېكىم ئىدرىس ۋە باش كاتىپ دولقۇن ئىيسالاردىن تەشكىل تاپقان «د ئۇ ق» ھەيئىتى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە شۋېتسارىيىدە زىيارەتتە بولدى. بۇ قېتىمقى زىيارەت جەريانىدا قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش بىلەن بىرگە، شۋېتسارىيەنىڭ ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، مەتبۇئات ۋە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچرىشىش ئېلىپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ۋە دىنى ۋەزىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بولغان ھېسداشلىقىنى ۋە ياردەملىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن ئىجابىي قەدەملەر بېسىلدى:

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1175256828

♦ د ئۇ ق رەھبەرلىرى شۋېتسارىيە زىيارىتى جەريانىدا تۆۋەندىكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى:

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ب د ت سارىيىنىڭ ئە 27 زالىدا، سائەت 12:00 ـ 14:00 گە قەدەر مەخسۇس خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى بويىچە يىغىن بولۇپ ئۆتتى. بۇ يىغىندا رابىيە خانىم قىلغان سۆزىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي

توختالدى ۋە دېموكراتىك دۆلەتلەرنى، خەلقئارا جەمئىيەتنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىشقا، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىردى. بۇ يىغىنغا نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتلىرى، خەلقئارالىق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرى بولۇپ 100 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن تەييارلانغان «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى» ناملىق دوكلات ۋە رابىيە خانىمنىڭ نۇتقى يىغىن جەريانىدا تارقىتىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، رابىيە خانىم فرانسىيىلىك مۇخبىر Sylvie Lasserre خانىمنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. 3 سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان بۇ زىيارەتتە رابىيە خانىم شەرقىي تۈركىستان، ئائىلەسى ۋە ئۆز كەچۈرمىشىگە ئائىت ھەر تەرەپلىمە سوئاللارغا تەپسىلىي جاۋاب بەردى.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەچتە «د ئۇ ق» رەھبەرلىرى جەنۋەدىكى Excelsior مېھمانخانىسىدا، چېگرىسىز ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى Jim Thomas ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى ۋە «د ئۇ ق» بىلەن چېگرىسىز ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھەمكارلىقلىرى ھەققىدە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى.

3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «د ئۇ ق» رەھبەرلىرى، خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شۋېتسارىيەنىڭ پايتەختى بەرن شەھرىگە يېتىپ كېلىپ، خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە شۋېتسارىيە ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى. رابىيە خانىم ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىپ، شۋېتسارىيە ھۆكۈمەت، پارلامېنتلىرىنىڭ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە دىققەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار شۋېتسارىيە بىلەن خىتاي ھۆكۈمەتلىرى ئارىسىدا 15 يىلدىن بۇيان ئىنسان ھەقلىرى سۆھبىتىنىڭ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە كۆپلىگەن يېڭى مەلۇماتلارغا ئىگە بولغانلىقىنى، بۇندىن كېيىنكى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان سۆھبەتلەردە ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. رابىيە خانىم ئۇلارغا «د ئۇ ق» تەرىپىدىن تەييارلانغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتىگە دائىر دوكلاتنى تەقدىم قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بېرلىندىكى ئۇچرىشىشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، د ئۇ ق ھەيئىتى شۋېتسارىيەنىڭ زۈرىچ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، شۋېتسارىيەنىڭ ئەڭ چوڭ گېزىتى «يېڭى زۈرىچ گېزىتى» نى زىيارەت قىلدى. رابىيە خانىم مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزدى. كېيىن رابىيە خانىم يەنە «يېڭى زۈرىچ گېزىتى»نىڭ ئاتاقلىق مۇخبىرى Oswald Iten ئەپەندىنىڭ 2 سائەتتىن ئارتۇق مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ۋە رابىيە خانىمنىڭ ئۆزى ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەچتە شۋېتسارىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئاندەلى ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن د ئۇ ق رەھبەرلىرى شۋېتسارىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق

ۋەتەنداشلار بىلەن ئۇچرىشىش ئېلىپ باردى. سىياسىي ئىلتىجاسى تېخى ھەل بولمىغاي كېلىۋاتقان يۇرتداشلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولدى ۋە ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنىڭ تېزرەك ھەل بولۇشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئۇچرىشىشتا يەنە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى شۋېتسارىيىدە تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى.

3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «د ئۇ ق» رەھبەرلىرى يەنە بېرلىنگە قايتىپ كېلىپ، شۋېتسارىيە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى. شۋېتسارىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى، ياۋروپا پارلامېنتى كېڭەشنىڭ ئەزاسى ۋە «تىنچلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان 1000 ئايال» ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى Ruth-Gaby Vermot خانىم رابىيە خانىمنىڭ شەرىپىگە چۈشلۈك زىياپەت بەردى. زىياپەت جەريانىدا رابىيە خانىم بىلەن Ruth-Gaby Vermot خانىم شەرقىي تۈركىستان، خىتاي ۋەزىيىتى بىلەن بىرگە خەلقئارا ۋەزىيەتلەر ھەققىدە قىزغىن سۆھبەت ئېلىپ باردى. Ruth-Gaby Vermot خانىم شۋېتسارىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى، شىۋىتسارىيەدىكى ئۇيغۇر ئىلتىجاچىلارنىڭ مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلدى. رابىيە خانىم شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتىگە دائىر دوكلات بىلەن بىرگە، شىۋىتسارىيەدىكى ئىلتىجاسى رەت قىلىنغان ۋەتەنداشلارنىڭ تىزىملىكىنى Ruth-Gaby Vermot خانىمغا تاپشۇردى.

3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شۋېتسارىيە پارلامېنتلىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەيئىتى يەنە جەنۋەگە يېتىپ كەلدى. رابىيە خانىم ۋە دولقۇن ئىيسا ب د ت سارىيىدا ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىنىڭ دىنى ئىشلار مەخسۇس ۋەكىلى جاھانگىر خانىم بىلەن كۆرۈشتى. بىر سائەت داۋام قىلغان ئۇچرىشىشتا، رابىيە خانىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 57 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان دىنى زۇلۇملىرىنى پاكىتلىرى بىلەن تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. رابىيە خانىمنىڭ سۆزىنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن، جاھانگىر خانىم ئۇزىنىڭ خىتايدىكى دىنى ئەركىنلىك مەسىلىسىدىن ئىنتايىن قايغۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا بولۇۋاتقان دىنىي بېسىملاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، بۇ ھەقتە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە دىنىي مەسىلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن خىتايغا تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزلىرىنى داۋاملىق يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

♦ 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مۇئاۋىن رەئىس، ئۇيغۇر كانادا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد توختى ئەپەندىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان ھۈسەيىن جېلىلىنىڭ گۇناھسىز تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنىڭ 1 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تورونتودىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1175510167

♦ خىتاي ھۆكۈمىتى 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارىن يېزىسىدا ئەركىنلىك، دېموكراتىيە تەلەپ قىلغان بىگۇناھ ئىنسانلارنى قورال كۈچى بىلەن قانلىق باستۇرغان، ھەتتا يۈزلەرچە ئانىلار، باللار ئېتىپ تاشلانغان ئىدى. بۇ ۋەقەنىڭ 17 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مىيۇنخېندا، 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ستوكھولمدا، 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گوللاندىيىدە بارىن ۋەقەسىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

4 ـ ئاينىڭ 8 _ كۈنى «د ئۇ ق» نىڭ ئاۋستىرالىيە ۋاكالەتچىسى ۋە ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھۆسەن ھەسەن ئەپەندىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، سىدنىي شەھىرىدە «ئۇيغۇر ياشلىرى پۇتبول مۇسابىقىسى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە ئاۋستىرالىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر پۇتبول كوماندىلىرى، ئۇيغۇر تاماشىبىنلار بىلەن بىرگە ئۇيغۇر مەدەنىيەت پائالىيىتىگە لورى فوگسون قاتارلىق بىر قىسىم ئاۋستىرالىيە پارلامېنت ئەزاسى، سىدنىي شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرى ئىشتىراك قىلدى. ئۇلار پائالىيەتتە سۆز قىلىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە توختالدى. مېھمانلارغا ئۇيغۇر تائاملىرى بىلەن بىرگە ئۇيغۇر مۇزىكا، ناخشا ـ ئۇسۇللىرى تەقدىم قىلىندى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1176282609

♦ 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تۈركىيەنىڭ سەلجۇق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يىغىن زالىدا سەلجۇق ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە «د ئۇ ق» نىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى» دېگەن تېمىدا يىغىن ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى ۋە ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلات مەسئۇللىرى قاتناشتى. يىغىندا سىيىت تۈمتۈرك ئەپەندى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بەردى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىيىت تۈمتۈرك باشچىلىقىدىكى د ئۇ ق ھەيئىتى قونيا ۋالىسى بىلەن ئۇچراشتى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار يەنە قونيا ۋىلايىتىنىڭ يەرلىك تېلېۋىزىيەلىرىدىن ئون تېلېۋىزىيەسى ۋە كون تېلېۋىزىيەسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى تېمىسىدا مەخسۇس پروگراممىغا قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1176722781

♦ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە خانىمنىڭ ئوغلى ئابدۇلھېكىم ئابدۇرەھىمنى 9 يىللىق قاماق جازاسىغا، كانادا پۇقراسى ھۈسەيىن جېلىلنى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنسىز قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن باش كاتىپ دولقۇن ئېيسا، باياناتچى دىلشات رېشىت 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ 18 ـ كۈنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن «د ئۇ ق» نامىدىن بايانات ئېلان قىلدى. بۇ باياناتلار خەلقئارا مەتبۇئاتنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىدى. بىبك، گېرمانىيە دولقۇنلىرى، روتېر، ئامېرىكا ئاۋازى قاتارلىق كۆپلىگەن مەتبۇئاتلاردا نەقىل كەلتۈرۈلدى.

♦ 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلھېكىم ئىدرىس، باۋارىيە يېشىللا پارتىيەسى رەئىسى مارگارىتە بائۇسە خانىم ۋە باشقا رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇچرىشىش جەريانىدا ئەسقەرجان يېشىللار پارتىيەسى خادىملىرىغا ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەتراپلىق دوكلات بېرىپ ئۆتتى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1177229445

♦ باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ 25 ـ كۈنلىرى گوللاندىيەگە بېرىپ، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى بىلەن ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئاخىرقى تەييارلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، سەلام تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ مۇدىرى فاتىمە ئاقتاش خانىم، ئاۋۇراسىيا فوندىنىڭ مۇدىرى Gerard Scargo ئەپەندى ۋە گوللاندىيە تۈرك دوستلۇق بىرلىكىنىڭ رەئىسى ۋەجىس گۆنگۈر قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ۋە «د ئۇ ق» پائالىيەتلىرى، سەمىنەر ھەققىدە مەلۇمات بەردى ۋە ئۇلارنىڭ گوللاندىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان سەمىنەر جەريانىدا ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

♦ 5 ـ ئاينىڭ 1 – كۈنى خەلقئارا ئەمگەكچىلەر كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن، شۋىتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنىڭ قاتتىق بېسىمغا ئۇچراۋاتقانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ستوكھولمدا نامايىش ئۆتكۈزدى.

♦ 5 ـ ئاينىڭ 4 – كۈنى «د ئۇ ق» باش كاتىپلىقىنىڭ بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، گېرمانىيىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. نەتىجىسى ياخشى بولغان ئۆسمۈرلەرگە دەرىجىسىگە قاراپ، «د ئۇ ق» رەئىسى رەبىيە خانىم مۇكاپات تارقىتىپ بەردى. بۇ پائالىيەتكە ئۆسمۈرلەر بىلەن بىرگە ئاتا ـ ئانىلارمۇ ئىشتىراك قىلدى.

/http://www. uygur. tv

♦ 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ 11 ـ كۈنلىرى «د ئۇ ق» بىلەن ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى بىرلىكتە ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش سەمىنەرنىڭ ئېچىلىشى، ئۆتكۈزۈلۈشى ۋە ئاخىرلىشىشى ھەققىدە، 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋە 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 3 قېتىم مەتبۇئات باياناتى ئېلان قىلدى.

♦ 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ 10 ـ كۈنلىرى بىر قانچە ئايلىق جىددىي تەييارلىقلاردىن كېيىن، ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى «د ئۇ ق» ۋە ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىشىشى نەتىجىسىدە، 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە گوللاندىيەنىڭ دەنھارگ ۋە بېلگىيەنىڭ برۇكسەلدە يەنى ياۋروپا پارلامېنتىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 60 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر رەھبەرلىرى قاتناشتى. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى سىستېمىلىق، قانۇنلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ نەزىرىۋى ئاساسلىرى

تىكلەندى، ئەمىلىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدى. خەلقئارا ئادالەت سارىيى، خەلقئارا جىنايى ئىشلار مەھكىمىسى، ياۋروپا پارلامېنتى قاتارلىق ئورۇنلار زىيارەت قىلىندى. بۇ ئورگانلارنىڭ قۇرۇلۇشى، خىزمەت ئۇسۇللىرى، تەرتىبى ھەققىدە مەلۇماتلار ئىگەللەندى.

♦ 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى جەريانىدا، كۈن تەرتىپكە ئاساسەن 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر رەھبەرلەر ياۋروپا پارلامېنتىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى. ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا، ياۋروپا پارلامېنتلىرىنىڭ ئەزالىرىدىن Mr. Jacques Lecarte, Mr. Michael Cashman, Mr. Istvan Szent-Ivanyi ۋە خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىدىن چېگرىسىز ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىنىڭ مۇدىرى دوكتۇر ۋىللي فائۇتره، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى مىس كىندي لانه قاتارلىق كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان تېمىلاردا دوكلات تەقدىم قىلدى ۋە ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

.http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=233136040

♦ 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ياۋروپا پارلامېنتىدىكى يىغىندىن كېيىن، رابىيە خانىم، دولقۇن ئىيسا، دوكتۇر قاھار باراتلاردىن تەركىب تاپقان «د ئۇ ق» ھەيئىتى ياۋروپا پارلامېنتى دېموكراتلار ۋە لىبېراللار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى گراھام ۋاتسون ئەپەندى، ياۋروپا پارتلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بارونەسس ساراھ لۇدفورد خانىم بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچرىشىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە مەجبۇر ئېلىپ كېتىۋاتقانلىق ھادىسىلىرى، گۇئەنتانامودىكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى قاتارلىق كەڭ تېمىلاردا سۆھبەت ھەم مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى. ئۇلار ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ رابىيە خانىمنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىلىرى ھەققىدە جىددىي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. بۇ ئۇچرىشىشلاردىن كېيىن رابىيە خانىم ياۋروپا پارلامېنتىدا مەتبۇئات يىغىنى ئۆتكۈزدى

♦ 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «د ئۇ ق» ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، 5 – ئاينىڭ 11 – كۈنى گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئائىلىرى مېيۇنخېنده، «دۇنيا ئانىلار كۈنى» نى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەتكە، گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر خانىم – قىزلىرى قاتناشتى. ئۇلار ھەرقايسى ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئائىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ ۋە دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئائىللىرىمىزنىڭ مىللىي ھەرىكىتىمىزگە قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى كۈچەيتىش قاتارلىق كەڭ مەزمۇنلاردا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1179179746

♦5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مەركىزى ئەنقەرەدىكى بىرلىك ۋەقفى تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى» دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئۇيغۇرلار بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىندا پارلامېنت ئەزاسى ياقۇپ بۇدا، بىرلىك ۋەقفى رەئىسى سالاھىددىن ئۆزدەمىر ۋە «د ئۇ ق» مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندىلەر دوكلات بەردى. سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بېرىش بىلەن بىرگە، «د ئۇ ق» پائالىيەتلىرى، گوللاندىيىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1179502506

♦ 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ 20 ـ كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ ئەسكىشەھىر شەھىرىدە تۈرك ئوچاقلىرى تەشكىلاتى تەرىپىدىن خەلقئارا ياشلار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا «د ئۇ ق» ياشلار كومىتېتىنىڭ تۈركىيەدىكى مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇللاھ تۇرسۇن ئەپەندى قاتناشتى. ئۇ بۇ يىغىندا سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى دېموكراتىك ياشلار ھەرىكىتى ۋە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بەردى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1179872371

5 ـ ئاينىڭ 19 – كۈنى «د ئۇ ق» ياشلار كومىتېتى ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مىيۇنخېندە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مەدىنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەت جەريانىدا ئۇيغۇر ياش ـ ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇتۇق سۆزلەش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش ۋە پۇتبول مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. بۇ پائالىيەتكە 16 ياش بىلەن 23 ياش ئارىسىدا بولغان 30 دىن ئارتۇق ياشلار قاتناشتى.

♦ گېرمانىيىدىكى پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ۋە مىيۇنخېننىڭ سىرتىدىكى شەھەرلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى تەشكىلى بىرلىك ئاستىغا توپلاش مەقسىتىدە، 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى فرانكفورت ۋە فرانكفورت ئەتراپىدىكى شەھەرلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ فرانكفورت شۆبىسى قۇرۇپ چىقىلدى. (كېيىن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىسمى شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى بولۇپ ئۆزگەرتىلدى). بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمغا «د ئۇ ق»غا ۋاكالىتەن باش كاتىب، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى رەئىسى دولقۇن ئىيسا، «د ئۇ ق» نەشرىيات ۋە تەشۋىقات مەركىزى مۇدىرى ئابدۇلجېلىل تۇران، ئىجرائىيە كومىتېتى مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلھېكىم ئىدرىس، ئىچكى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇلجېلىل ئەمەت قاتارلىقلار كۆزەتكۈچى بولۇپ قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1179664076

♦ 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى گېرمانىيە شۆبىسىنىڭ يىللىق قۇرۇلتىيى مىيۇنخېندا بولۇپ ئۆتتى. ئۈچ كۈن داۋام قىلغان بۇ قۇرۇلتايغا گېرمانىيىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدىن كەلگەن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ 200 دىن ئارتۇق تارماق ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئىشتىراك قىلغان ئىدى. بۇ يىغىنغا «د ئۇ ق» ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلھېكىم ئىدرىس ئەپەندى ۋە باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا ئەپەندىلەر قاتناشتى. دولقۇن ئىيسا شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلىرىنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە بىر سائەت ئەتراپىدا ئەتراپلىق مەلۇمات بەردى. دوكلاتتىن كېيىن ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ھەققىدە بىر سائەتتىن ئارتۇق سوئال - جاۋاب بولۇپ ئۆتتى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1180346500

♦ مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، گېرمانىيىلىك كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، سىياسەتچىلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن تەركىب تاپقان 15 كىشىلىك بىر ھەيئەت 2007 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل، قونيا، نەۋشەھىر ۋە قەيسەرى شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت جەريانىدا بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلەر، سىياسىي پارتىيەلەر، خرىستىئان، يەھۇدىي ۋە مۇسۇلمان جامائەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلار بىلەن سىياسىي، دىنىي، مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

ئۇلار يەنە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفىنى زىيارەت قىلىپ، ۋەقفى مۇئاۋىن رەئىسى سۇلتان ماخمۇت، باش كاتىپ ھامىت گۆكتۈرك ئەپەندىلەر بىلەن ۋە تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەت ئېلىپ باردى.

ئۇلار ئىستانبۇلدىكى پائالىيەتلىرىدىن كېيىن قونيا، نەۋشەھىر ۋە قەيسەرى شەھەرلىرىدە زىيارەتتە بولدى. قەيسەرىدىكى زىيارىتى جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت - ھەمكارلىق جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات ئالدى. مۇئاۋىن رەئىس سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەيسەرى ۋالىسى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرى، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن گېرمانىيە، تۈركىيە ۋە شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت مەسىلىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى زىيارەت گېرمانىيىلىك مۇتەخەسسىسلەر ۋە تۈركىيە دائىرىلىرىگە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى يەنە بىر قېتىم كەڭ دائىرىدە ئاڭلىتىش جەھەتتە ئىنتايىن پايدىلىق بىر پائالىيەت بولدى.

♦ 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى رابىيە خانىم ئامېرىكىدا چىقىدىغان «Wall Street Journal» گېزىتىدە «مېنىڭ تۈرمە ھاياتىم» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە، خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك يىغىنى ھەققىدە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى.

♦ 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، بېرلىندا ئۇيۇشتۇرۇلغان «تۈرك مەدەنىيەت كۈنى» پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ پائالىيەتكە گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە ياشاۋاتقان تۈركلەر ۋە تۈرك دوستلىرى بولۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىشتىراك قىلدى. شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى كۈرەش ئاتاخان ئەپەندى پائالىيەت جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى، نۇرغۇنلىغان ژۇرنالىستلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1183358798

♦ 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئابخازىيا جۇمھۇرىيىتىدە بولۇپ ئۆتتى. بۇ يىغىنغا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالەتەن د ئۇ ق نىڭ سابىق رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندى ئىشتىراك قىلدى. يىغىن جەريانىدا ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندى، رۇسىيە، گروزىيە ۋە ئابخازىيەنىڭ ھۆكۈمەت، پارلامېنت خادىملىرى بىلەن ئۇچراشتى.

♦ 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە گېرمانىيىنىڭ ھەيلىگەندام شەھرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان G 8 دۆلەتلىرىنىڭ يۇقhرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۇچرىشىشى مۇناسىۋىتى بىلەن د ئۇ ق 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، دۇنيا رەھبەرلىرىدىن بۇ يىغىنغا كۆزەتكۈچى سالاھىيىتى بىلەن قاتنىشىۋاتقان خىتاي دۆلەت رەئىسى خۇجىن تاۋغا ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە خاتىرىسىنى ياخشىلىشى ئۈچۈن بېسىم قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

http://www. uyghurcongress. org/En/pressrelease. asp?ItemID= - 1783338279

♦ 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە، چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى پراگا شەھرىدە دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ پرېزىدېنتلىرى، باش مىنىستىرلىرى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى، ئۆكتىچى رەھبەرلەر ۋە خەلقئارادا زور تەسىرگە ئىگە دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن «دېموكراتىيە ۋە بىخەتەرلىك» دېگەن تېمىدا خەلقئارالىق يىغىن بولۇپ ئۆتتى. بۇ يىغىنغا د ئۇ ق نىڭ رەئىسى رابىيە قادىر خانىم ئىشتىراك قىلدى. رابىيە خانىمنىڭ پراگا سەپىرى جەريانىدا ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى روشەن ئابباس ۋە د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتى مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلھېكىم ئىدرىس، باش كاتىپ دولقۇن ئىيسالار ھەمراھ بولدى. پرېزىدېنت بوز ئەپەندى يىغىندا قىلغان سۆزىدە رابىيە قادىر خانىمنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. پرېزىدېنت بوز ۋە خانىمى لورا بۇشلار رابىيە خانىمنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى. رابىيە خانىم پرېزىدېنت بۇشقا ئۇيغۇر دوپپىسى ھەدىيە قىلدى.

يىغىن جەريانىدا رابىيە خانىم ئامېرىكا پرېزىدېنتى بوز ئەپەندىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىشتىن باشقا، ئېستونىيە پرېدېنت توماس ئىلۋەس ئەپەندى، چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى ۋاكلاۋ ھاۋىل ئەپەندى، ئىسپانىيىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى جوسە مارىئا ئازنار ئەپەندى، ئىسرائىلىيەنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ناتان شارانسكي ئەپەندى، چېخ جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتىنىڭ رەئىسى

پرەمیسل سوبوتکا ئەپەندی، چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ئالكساندر ۋوندرا ئەپەندی، چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كارل سچۋاررزەنبەرگ ئەپەندی، پراگا شەھرىنىڭ شەھەر باشلىقى پاۋل بەم ئەپەندی، رۇسسىيەنىڭ ئۆكتىچى رەھبىرى ۋە خەلقئارا شاخمەت چېمپىيونى گاررى كاسپاروۋ ئەپەندی، ئامېرىكا پارلامېنتى ئىچكى بىخەتەرلىك ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى جوسەپھ لىبەرمان ئەپەندی قاتارلىق نۇرغۇنلىغان دۆلەت ئەربابلىرى ۋە دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىن كەلگەن پارلامېنت ئەزالىرى، دېموكراتىيە پائالىيەتچىلىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشتى. بۇ يىغىندا رابىيە خانىم دۇنيانىڭ سىياسىي رەھبەرلىرى بىلەن تېخىمۇ يېقىندىن تونۇشۇش ۋە ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بولغان ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

♦ ختاي رەئىسى خۇ جىنتاۋنىڭ شۋېتسىيە زىيارىتى مۇناسىۋىتى بىلەن ختايدا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى شۋېتسىيە شۆبىسى ۋە د ئۇ ق نىڭ شۋېتسىيە ۋاكالەتچىسى، شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى رەئىسى ئابدۇشۇكۇر ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خۇ جىنتاۋغا قارشى كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID= - 868520504

♦ 6 - ئاينىڭ 9 – كۈنى گوللاندىيەنىڭ پايتەختى ئامستىردام شەھرىدە «6 - نۆۋەتلىك ياۋروپا تۈركچە مەتبۇئات يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن كەلگەن يازغۇچىلار مۇخبىرلار ۋە مۇتىخەسسىسلەر بولۇپ، كۆپلىگەن كىشى قاتناشتى. يىغىنغا تەكلىپ بىلەن د ئۇ ق ياشلار كومىتېتى مۇدىرى ۋە گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى رەئىسى بەختىيار شەمسىددىن باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى. يىغىندا ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن يازغۇچى، مۇخبىر، مۇتىخەسسىسلەر تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى مەتبۇئاتلار ھەققىدە ئىنتايىن مۇھىم تەھلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا بەختىيار شەمسىددىن شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا تەپسىلىي دوكلات بېرىپ ئۆتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئېلىپ بېرىلغان قانال ياۋروپا تېلېۋىزىيەسىنىڭ نەق مەيدان مۇنازىرە پروگراممىسىدا مۇتىخەسسىسلەر تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىمۇ ئاساسلىق مەسىلىلەر قاتارىدا مۇزاكىرە قىلىندى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1181545573

♦ 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى  د ئۇ ق باياناتچىسى دىلشات رېشىت  بايانات ئېلان قىلىپ، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش ھەققىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە كىشىلىك ھوقۇقنى ياخشىلاش ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقىنى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھەقتە خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

http://www. uyghurcongress. org/cn/news. asp?ItemID=1181636190

♦ 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى  مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان ۋە باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا ئەپەندىلەر تىبەتنى ھىمايە قىلىش تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈپ، خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك يىغىنىغا قارشى بىرلىكتە نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىش مەسىلىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە بىر قانچە كونكرېت  پائالىيەتلەرنىڭ  پىلانلىرى تۈزۈپ چىقىلدى.

♦ 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى  خەلقئار ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى جاكقۇئەس روگگە ئەپەندىنىڭ 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا «ئولىمپىك جەريانىدا 25.000 مەتبۇئات خادىمىنىڭ بىخەتەر مۇھىت ئىچىدە خىتايدا خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، خىتايدا زور ئۆزگىرىشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقانلىقى...» ھەققىدىكى باياناتلىرىغا قارىتا، د ئۇ ق 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، جاكقۇئەس روگگە ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرەلمىگەنلىكىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىنسان ھەقلىرى سىياسىتىدە ھېچ قانداق ياخشىلىنىشنىڭ بولمىغانلىقىنى، ئەكسىچە تېخىمۇ ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. بۇ بايانات خەلقئارا مەتبۇئاتلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 18 – كۈنى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە، يېشىللار پارتىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ بولۇشقا قاراپ مېڭىۋاتقان خىتايدا كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى» دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. بۇ يىغىندا ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ۋە گېرمانىيە پارلامېنتلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورلىرى، سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ، كۆپلىگەن كىشى ئىشتىراك قىلدى. ئەسقەرجان ئەپەندىمۇ تەكلىپ بىلەن بۇ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا سۆز قىلغان ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى دوكتۇرر ھەلگا تىرۈپەل خانىم، 2006 ـ يىلى 10 ـ ۋە 11 ـ ئايلادا ياۋروپا پارلامېنتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن 20 كىشىلىك ھەيئەت بىلەن بىرگە خىتاينى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۇ سۆزىدە خىتايدىكى زىيارىتى جەريانىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى جەھەتتە ھېچ بىر ئىجابىي ئۆزگىرىشنى ھېس قىلمىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. بۇ خانىم يەنە 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بىر ھەيئەت بىلەن تىبەتنى زىيارەت قىلىپ تىبەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەسقەرجان ئەپەندى يىغىندا سۆز قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بېرىپ ئۆتتى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك يىغىنىنى ئېچىش ھەققىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن خەلقئارا جامائەتچىلىككە بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID= ـ 56435096

♦ رابىيە قادىر خانىمنىڭ بىئوگرافىيەسىنىڭ نەشردىن چىقىش مۇراسىمى مۇناسىۋىتى بىلەن، رابىيە خانىم 6 - ئاينىڭ 18 – كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە گېرمانىيە ۋە شىۋىتسارىيەلەردە زىيارەتتە بولدى. بۇ زىيارەت جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى.

رابىيە خانىم باشچىلىقىدىكى د ئۇ ق رەھبەرلىرى گېرمانىيە ۋە شىۋىتسارىيەنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۇچراشتى. 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى رابىيە خانىم، دولقۇن ئېيسا، ئابدۇلھېكىم ئىدرىسلار بېرلىندە گېرمانىيە پارلامېنتى ئەزاسى، يېشىللار پارتىيىسىنىڭ رەئىسى مەشھۇر سىياسەتچى Claudia Roth خانىم، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تۇنجى قېتىم گېرمانىيە پارلامېنتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن پارلامېنت ئەزاسى Volker Beck ئەپەندى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى دوكتور Dr. Dirk Pleiter ئەپەندىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمىي ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى. http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1182432203.

♦ 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بېرلىندە رابىيە قادىر بىئوگرافىيەسىنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن جۇمھۇرىيەتلىك مەتبۇئات سارىيىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن مەتبۇئات يىغىنىغا گېرمانىيىنىڭ ئەڭ چوڭ ت ۋ قاناللىرى، رادىئو ۋە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرلىرى ئىشتىراك قىلدى. مەتبۇئات يىغىنىغا گېرمانىيىنىڭ ئەڭ چوڭ ت ۋ قاناللىرىدىن بىرى بولغان ئارد تېلېۋىزىيەسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ختايدا مۇخبىرلىق خىزمىتىنى ئۆتىگەن، داڭلىق ت ۋ پروگراممىلىرى رىياسەتچىسى Stafan Nimann ئەپەندى رىياسەتچىلىك قىلدى، شۇنداقالا بۇ مەتبۇئات يىغىنىغا رابىيە خانىم بىلەن بىرگە گېرمانىيە پارلامېنتى ئەزاسى Claudia Roth خانىم، پارلامېنت ئەزاسى Volker Beck ئەپەندى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى دوكتور Dr. Dirk Pleiter ئەپەندى قاتارلىقلار ئىشتىراك قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتى قاتارلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي دوكلات بېرىپ ئۆتتى ۋە مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

♦ رابىيە خانىم 19 - ئىيۇندىن 21 - ئىيۇنغىچە يۇقىرىقى مەتبۇئات يىغىنىدىن باشقا، گېرمانىيە دولقۇنلىرى رادىئوسىنىڭ گېرمانچە، ختايچە، ھىندىچە ئاڭلىتىشلىرى، Deutschlandradio كۇلتۇر رادىئوسى، RBB كۇلتۇررادىئوسى، گېرمانىيىنىڭ ئەڭ چوڭ گېزىتى «Die Welt»، 3 سات تېلېۋىزىيىسى، دۆلەت قانىلى ZDF تېلېۋىزىيىسى، SWR2 رادىئوسى، B5 رادىئوسى، فوكۇس ژۇرنىلى، Sueddeutsche Zeitung ، Vogue ، كەچلىك گېزىتى قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق گېزىت، 15 دىن ئارتۇق رادىئو، 10 دىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە قانىلى، 15 گە يېقىن ژۇرنال مۇخبىرلىرىنىڭ ئايرىم - ئايرىم مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/De/news. asp?ItemID= - 693231763

♦ گېرمانىيىدىكى ئەڭ چوڭ گېزىتلەردىن «جەنۇبىي گېرمانىيە گېزىتى» نىڭ 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋە 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى سانلىرىدا، «دۇنيا گېزىتى» نىڭ 6 - ئاينىڭ 21 -

كۈندىكى ساندا، فوكۇس ژۇرنىلىنىڭ 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىكى سانلىرىدا رابىيە خانىم بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارەت خاتىرىلىرىگە كەڭ يەر ئايرىدى. بۇنىڭدىن باشقا كەچلىك گېزىت ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ يەرلىك گېزىتلىرىدە، شۇنداقلا ئاۋستىرىيە، شۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا كۆپلىگەن ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

♦ 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى گېرمانىيىدىكى ز د پ تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ 3 مىليوندىن ئارتۇق تاماشىبىنى بولغان «ML Mona Lisa» پروگراممىسىدا ۋە 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سات3 تېلېۋىزىيە قانىلىدا رابىيە خانىم ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەخسۇس ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسىتىلدى.

♦ 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بېرلىن شەھىرىدىكى ئەڭ چوڭ كىتابخانا بولغان «Dusmann Kulturhaus» دا، كىتابنىڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش مۇراسىمى بولۇپ ئۆتتى. بۇ پائالىيەتكە 500 گە يېقىن كىتابخانا قاتناشتى. بۇ پائالىيەتكە ئاتاقلىق ت ۋ پروگراممىسى رىياسەتچىسى Stefan Niemann رىياسەتچىلىك قىلدى، رابىيە خانىم كىتابخانلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى. گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق ئارتىس Ulrike Kriener خانىم كىتابتىن پارچىلار ئۇقۇپ، كىتابخانلاردا ئىنتايىن كۈچلۈك ھاياجان قوزغىدى.

♦ 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مىيۇنخېندە ئەدەبىياتچىلار سارىيىدا د ئۇ ق، ھەنەي نەشرىياتى ۋە ئەدەبىياتچىلار سارىيىنىڭ بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، كىتابنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىش مۇراسىمى بولۇپ ئۆتتى. بۇ مۇراسىمغا يەنە Stefan Niemann ئەپەندى رىياسەتچىلىك قىلدى، Ulrike Kriener خانىم كىتابتىن پارچىلار ئوقۇدى. رابىيە خانىم ئۆز ھايات ھېكايىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرى، ھازىرقى ۋەزىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. سوئال ـ جاۋابلار بولۇپ ئۆتتى. پائالىيەتنىڭ ئاخىرىدا رابىيە خانىم نەچچە يۈزلىگەن كىتابخانلارنىڭ كىتابلىرىنى ئىمزالىدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە 800 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1182420171

♦ گېرمانىيىدىكى پائالىيەتتىن كېيىن، 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شۋېتسارىيەنىڭ پايتەختى بېرن شەھىرىدىمۇ كىتابنى تەقدىم قىلىش، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ۋە كىتابنى ئىمزالاش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە رابىيە خانىم بىلەن بىرگە ئەسقەرجان، ئابدۇلھېكىم ئەپەندىلەر گېرمانىيىدىن بېرىپ قاتناشتى. بۇ جەرياندا شۋېتسارىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۇچراشتى، كۆپلىگەن گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

♦ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتلىرىنى يىغىۋېلىش سىياسىتىگە قارىتا، د ئۇ ق باياناتچىسى دىلشات رىشىت 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى بىبىك قاتارلىق خەلقئارا ئاخبارات ساھەلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتىنى يىغىۋېلىش ھەرىكىتىنىڭ بىر ئايرىمىچىلىق سىياسەت ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ پۇقرالارنىڭ ساياھەت ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىنىشى بولۇپلا

قالماي، چەت ئەللەردە سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە ئىقتىسادى جەھەتتىنمۇ زىيان سېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

http://www. uyghurcongress. org/cn/news. asp?ItemID=1899348711

♦ 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئەنگلىيەلىك تەتقىقاتچى مەئىفۇۋك خانىم د ئۇ ق باش كاتىپلىقىنى زىيارەت قىلىپ، دولقۇن ئىيسا بىلەن ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسى ۋە قازاقىستان، قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيەتلىرى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇ خانىم ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن، ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا.

♦ ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتى تەرىپىدىن 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ميۇنخېن شەھرىدە 200 گە يېقىن ئۇيغۇرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن دالا سەيلىسى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەت جەريانىدا، د ئۇ ق نىڭ سابىق رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن، باش كاتىپ ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئىيسالار سۆز قىلىپ، د ئۇ ق نىڭ پائالىيەتلىرىدىن قىسقىچە دوكلات بېرىپ ئۆتتى، شۇنداقلا رەئىس رابىيە خانىمنىڭ گېرمانىيىدە نەشىردىن چىققان كىتابىنىڭ تىراژىنى ۋە تەسىرىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ھەققىدە سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID= - 259317626

♦ 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ئەلىخان تۆرە ساغۇنى يازغان «تۈركىستان قايغۇسى» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمى 7 - ئايدا د ئۇ ق تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. د ئۇ ق نەشرىيات - تەشۋىقات مەركىزى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلغان بۇ كىتابنى ھاجى ئابدۇرېشىت كېرىمى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلىغان بولۇپ، ئابدۇلجېلىل تۇران ئەپەندى ئەسلى قول يازمىسىغا بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ چىققان. ئەسلىمە خاراكتېرىدىكى بۇ كىتابتا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 - 30 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتى ۋە ئەلىخان تۆرىنىڭ 1938 - يىلى كۇچادا تۇتقۇن قىلىنىشىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخى جەريان بايان قىلىنغان. ئەلىخان تۆرە ساغۇنى «تۈركىستان قايغۇسى» ناملىق بۇ كىتابنى چاغاتاي تىلىدا 1966 - 1973 - يىللىرى ئارىسىدا ئەسلىمە قىلىپ يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، كىتاب 40 يىلدىن كېيىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1185458833

♦ خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا «قوش تىللىق مائارىپ» ۋەۋىسكىسى ئاستىدا، ئۇيغۇر تىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بىر پەيتتە، ئۇيغۇر تىلىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىر ئامىل بولماقتا. بۇ زۆرۈرىيەت ئاساسىدا، چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، د ئۇ ق 2007 - يىلى 7 - ئايدا ئۇيغۇر ئېلىپبە نەشر قىلدۇردى. ئېلىپبەنىڭ تۈزۈلۈش ۋە نەشر قىلىنىشىغا د ئۇ ق

نەشرىيات ۋە تەشۋىقات مەركىزى مۇدىرى ئابدۇلجېلىل تۇران ئەپەندى باشتىن – ئاخىر يېتەكچىلىك قىلدى. 80 بەتتىن تەركىب تاپقان بۇ ئېلىپبە رەڭلىك رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئېلىپبەنىڭ ئاخىرىدىكى ئوقۇش مەشىقى بۆلۈمىدە ئۇيغۇر تارىخىغا، مەدەنىيىتىگە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىسىگە ئائىت مەلۇماتلارمۇ بېرىلدى. بۇ ئېلىپبەدە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن داڭلىق ئەدىپلىرى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر، مىللەتپەرۋەرلىك تەرىپلەنگەن شېئىرلار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىلگەن ھېكايىلەر بېرىلدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1184759670

♦ 7 ـ ئاينىڭ 4 – كۈنى د ئۇ ق باياناتچىسى دىلشات رېشىت خەلقئارا مەتبۇئاتقا بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «غەربىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش» شوئارى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستانغا زور تۈركۈمدە كۆچمەن ئىشچى يۆتكەۋاتقانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى.

http://www. uyghurcongress. com/cn/news. asp?ItemID= ـ 1151765041

♦ رابىيە خانىم، ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئالىم سېيىتوف ئەپەندىنىڭ ھەمراھلىقىدا 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە، گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدە تىبەتنى ھىمايە قىلىش تەشكىلاتىنىڭ ساھىپخانلىق قىلىشىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان «ئىنسان ھەقلىرىدىن يوقسۇل دۇنيا كۆچى —— خىتاي» ناملىق خەلقئارالىق يىغىنغا قاتناشتى. ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ يىغىنغا گېرمانىيىنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، تىبەت ۋە ئۇيغۇرلارنى ھىمايە قىلغۇچىلار، شۇنداقلا خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ 500 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى. رابىيە خانىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە خىتايدا سادىر بولۇۋاتقان ھادىسىلەر، ئىنسان ھەقلىرى قىرغىنچىلىقلىرى ھەققىدە تەپسىلىي دوكلات بېرىش بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاخبارات خادىملىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. رابىيە خانىم بۇ زىيارەت جەريانىدا يەنە گېرمانىيىنى زىيارەت قىلىۋاتقان تىبەتنىڭ روھانىي داھىيسى دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈپ، 45 مىنۇت ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى، تىبەت، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىلىرى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردى، بۇندىن كېيىنكى ھەمكارلىقنى ئېخىمۇ كۈچەيتىش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى.

♦ 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ پەۋقۇلئاددە يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىم يېتەكچىلىكىدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى ۋە ئامېرىكا ھەم ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ھەر قايسى تارماق كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى ئىشتىراك قىلدى. بۇ يىغىندا، ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسىدا بەزى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى. قۇرۇلتاي قوشۇننى زورايتىش، ئىقتىدارلىق زىيالىيلارنى قوشۇن ئىچىگە ئەكىرىش، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن دەۋا سېپىدىن ئۇزاقتا قالغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يېڭى نامزاتلارنى قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومىتېتى تەركىبىگە قوبۇل قىلىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىندى ۋە ئەمەلىلەشتۈرۈلدى. بۇ يىغىندا

يەنە، 2008 ـ يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىغا قارشى پائالىيەتلەر تەييارلىقىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات بېرىلىپلا قالماستىن، يېڭى پىلان – لايىھىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتتى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1185705315

♦ 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شۋېتسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئاسىيا ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى Anna Gabrielsson خانىم، د ئۇ ق نىڭ شۋېتسىيەدىكى ۋەكىلى ۋە شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابدۇشۇكۇر ئەپەندىگە جاۋاب خەت يوللاپ، ئابدۇشۇكۇر ئەپەندىنىڭ خىتايدىكى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى قىرغىنچىلىقىنى پاش قىلىپ ئەۋەتكەن خېتىگە مىننەتدار بولغانلىقىنى، خىتاي پرېزىدېنتى خۇ جىنتاۋ شۋېتسىيە خان ئوردىسىدا زىيارەتتە بولغاندا، باش مىنىستىر Fredirik Reinfelt ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى Carl Bildt ئەپەندىلەرنىڭ بۇ ھەقتە خىتاي بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

♦ 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گېرمانىيىدە چىقىدىغان ۋە تىراژى ئەڭ كۆپ ژۇرناللاردىن بىرى بولغان «فوكۇس» ژۇرنىلىدا، بۇ ژۇرنالنىڭ مۇخبىرى Gudrun Dometeitning، رابىيە خانىم بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتىگە كەڭ يەر بېرىلدى. بۇ ماقالىدا، رابىيە خانىمنىڭ شەخسى ھاياتى، كىشىلىكى ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىگە ئائىت كۆپلىگەن مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ گېرمانىيىدە يەنىمۇ كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن تونۇلۇشىغا ۋەسىلە بولدى.

♦ بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىغا بىر يىل قالغان بىر ۋاقىتتا، باياناتچىسى دىلشات رەشىت، 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىنسان ھەقلىرى قىرغىنچىلىقلىرىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى، بۇنداق بىر دۆلەتكە ئولىمپىك ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىنىڭ بېرىلىشىنىڭ ئىنتايىن خاتا بىر ئەھۋال ئىكەنلىكىنى، خەلقئارا جامائەتچىلىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە دىققەت قىلىشى زۆرۈرلۈكىنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

http://www. uyghurcongress. com/cn/news. asp?ItemID=1186502476

♦ 8 ـ ئاينىڭ 4 – كۈنى د ئۇ ق بىلەن تىبەتنى ھىمايە قىلىش تەشكىلاتى بىرلىكتە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2008 ـ يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بايقۇت قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ مىيونخېن شەھىرىدە نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىشقا د ئۇ ق، تىبەتنى ھىمايە قىلىش تەشكىلاتى، باۋارىيە پارلامېنتىنىڭ مەسئۇللىرى، شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى، شەرقىي تۈركىستان ياۋروپا بىرلىكىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 250 تىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1537609944

♦ ۋاڭ لىچۈەن 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ يىللىق خىزمەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە «ئامېرىكا باشلىق غەرب ئەللىرى شەرقىي تۈركىستان تېررورچىلىرىغا ۋە 3 خىل كۈچلەرگە ياردەم بېرىپ، جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت قىلماقتا» دەپ كۆرسىتىپ، ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرىگە ھۇجۇم قىلغان ئىدى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى د ئۇ ق باياناتچىسى دىلشات رىشىت بايانات ئېلان قىلىپ، ۋاڭ لىچۈەننىڭ سۆزىگە قاتتىق رەددىيە بەردى.

http://www. uyghurcongress. com/cn/news. asp?ItemID=1186655391

♦ 8 ـ ئاينىڭ 8 – كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە بىر يىل قالغان كۈنى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ۋاشىنگتوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نامايىشقا رەئىسىمىز رابىيە خانىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى. نامايىشتا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىرگە، رابىيە خانىم سۆز قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خەلقئارا جامائەتچىلىكىگە، «ئىنسان ھەقلىرىنى ياخشىلاش» ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماي، ئەكسىچە كىشىلىك ھوقۇققا تېخىمۇ ئېغىر تاجاۋۇز قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنداق ئەھۋالدا خىتاينىڭ ئولىمپىك ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىنىڭ بولماسلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى.

♦ 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كانادانىڭ ۋانكوۋېر شەھرىدە تىبەت كانادا كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە د ئۇ ق ۋەكىلى ئۆمەرجان بۆرەنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، تىبەتلىكلەر ۋە ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ نامايىش قىلدى. خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ نامايىشتا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ۋە تىبەتلىكلەر مەسىلىسى ھەققىدە نۇتۇقلار سۆزلەندى ھەم ھەر خىل شوئارلار توۋلاندى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1186638641

♦ 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتى، گېرمانىيىنىڭ فرانكفۇرت شەھىرىدىكى ھەئىنرىش كىرافتس بېغىدا بارلىق ئەزالىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن كوللېكتىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. بۇ قىتىمقى پائالىيەتكە، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ئائىلىسى بىلەن قاتناشقاندىن باشقا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى ۋە بەزى تۈرك تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى. بۇ پائالىيەت شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېلىپ بارغان تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش، خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 2008 يىلىدىكى خەلقئارا ئولىمپىك تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان دىنىي، مەدەنىي ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا بولغان قارشىلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1186994973

♦ مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان ئەپەندى، 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە شىۋېتسارىيەلىك مۇخبىرلار بىلەن بىرگە ئالبانىيەدە زىيارەتتە بولدى. ئەسقەرجان ئالبانىيە زىيارىتىدە د ئۇ

ق غا ۋاكالىتەن، گۇئانتانامو تۈرمىسىدىن ئالبانىيەگە يۆتكەپ كېلىنگەن ئۇيغۇر مۇھاجىرلاردىن ھال سورىدى ۋە ئۇلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئېلىپ باردى، ئۇلارنىڭ تۈرمۇش ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات ئىگىلىدى. بۇ جەرياندا يەنە شىۋىتسارىيەلىك مۇخبىرلار ئالبانىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە زىيارەت ئېلىپ باردى.

♦ د ئۇ ق ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن، تەپتىش، شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ئەنقەرە شۆبىسى مەسئۇلى خەيرۇللاھ ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خىتاينىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار، تۈركلەر بىلەن بىرگە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ كۆپلىگەن كىشى ئىشتىراك قىلدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1188385736

♦ د ئۇ ق فوندى مۇدىرى ئابلىمىت تۇرسۇن، ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزالىرىدىن ئىلىيار ئۆمەر، گۈلنار خانىملاردىن تەشكىل تاپقان بىر ھەيئەت، 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە نورۋېگىيەدە زىيارەتتە بولدى. ئۇلار زىيارەت جەريانىدا بېرگىن، ستەۋانگەر ۋە ئوسلو شەھەرلىرىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلار بىلەن كۆرۈشۈپ، يىغىن ئۆتكۈزدى، ئۇلارغا د ئۇ ق پائالىيەتلىرى ھەققىدە دوكلات بەردى، د ئۇ ق تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان «ئۇيغۇرلۇق بەدىلى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئېلىپ باردى. شۇنداقلا ئۇلار يەنە نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈشنىڭ يوللىرى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

♦ 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تەپتىش خەيرۇللاھ ئەپەندى، ياشلار كومىتېتىنىڭ تۈركىيە ۋەكىلى ئابدۇللاھ تۇرسۇن قاتارلىقلار تۈركىيە پارلامېنتتا 70 ئەزاسى بولغان مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەھمەت شاندىر ئەپەندىنى ئۇنىڭ پارلامېنت بىناسىدىكى ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلدى. ئۇيغۇر ھەيئىتى پارلامېنت ئەزاسى مەھمەت شاندىر ئەپەندىگە كۆك بايراق ژۇرنىلى بىلەن ئۇيغۇر دوپپىسى سوۋغا قىلدى. 45 مىنۇتقا يېقىن داۋام قىلغان سۆھبەتتە خەيرۇللاھ ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى ئىزھار قىلدى. مەھمەت شاندىر ئەپەندى بولسا تۈركىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پائالىيەت قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1188663271

♦ باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا ئەپەندى، 8 – ئاينىڭ 30 – كۈنى باش شتابى برۇسسېلدىكى چېگرىسىز كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى رەئىسى ۋىللي ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېلگىيە پايتەختى بىرىيۇكسېلغا بېرىپ، تەيۋەننى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا قىلىش سەپەرۋەرلىكى، شۇنداقلا 2008 – يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى جەريانىدا ئورتاق

ھەرىكەت قوللىنىش توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىغا بىر قىسىم ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلغاندىن سىرت، ياۋروپا پارلامېنتىدىكى لىبېرال - دېموكراتلار ئىتتىپاقىنىڭ مەسئۇلى، ياۋروپا پارلامېنت ئەزاسى Istvan Szent Ivaniy ئەپەندىنىڭ ياردەمچىسى، ۋېنگرىيە لىبېرال ياشلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى جانوس بوكا، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى كىندي لاني خانىم ۋە ھەرقايسى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى ئىشتىراك قىلدى. دولقۇن ئىيسا ئەپەندى بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى بايقۇت قىلىش ئۈچۈن د ئۇ ق نىڭ ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرىدە ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە خەلقئارادىكى ھەر قايسى ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەت پروگراممىلىرىنى يىغىن ئەھلىنىڭ دىققىتىگە سۇندى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1188746214

♦ 9 - ئاينىڭ 5 – كۈنى د ئۇ ق دىنىي ئىشلار كومىتېتى باياناتى ئېلان قىلىپ، ۋەتەن ئىچى - سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان رامىزان ئېيىنى قىزغىن تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، ئۆز ئارا بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى ۋە ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە، شۇنداقلا د ئۇ ق رىياسەتچىلىكىدە بىر قانچە يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر تۇتاش سەدىقە، زاكات توپلاپ ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان قېرىنداشلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى.

د ئۇ ق دىنى ئىشلار كومىتېتى رامىزان ئېيى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېيتار، زوھۇرلۇق ۋە ناماز ۋاقىتلىرى كۆرسىتىلگەن مەخسۇس رامىزان كالېندارى نەشر قىلىپ تارقاتتى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/pressrelease. asp?ItemID=1004440340

♦ ئاسىيا تىنچ ئوكيان ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئۇچرىشىشى ئاۋستىرالىيىنىڭ سىدنىي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان پەيتتە، خىتاي رەئىسى خۇجىنتاۋغا قارشى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلەن بىرگە د ئۇ ق، ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى، تىبەت تەشكىلاتى، خىتاي دېموكراتلىرى ۋە فالۇنگۇڭ قاتارلىقلار 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋە 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى نامايىشقا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى، شەرقىي تۈركىستانلىقلار، تىبەتلىكلەر، خىتاي دېموكراتلىرى، فالۇنگۇڭ مۇرىتلىرى بولۇپ 300 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. نامايىشتا ئاۋستىرالىيە پارلامېنتى يۇقىرى پالاتا ئەزاسى، يېشىللار ۋەكىلى كېري نېتتېل، كانادانىڭ سابىق پارلامېنت ئەزاسى خىتاي دېموكراتىيىسى قوغدىغۇچىسى داۋىد كىلگور، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئاۋستىرالىيە شۆبىسىنىڭ رەئىسى سوپھي پېئېر ئەپەندى ۋە ئۇيغۇر، تىبەت ۋەكىللىرى سۆز قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1189421631

♦ گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى ۋە د ئۇ ق ياشلار كومىتېتى بىرلىكتە 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاتاقلىق ئالىم، تارىخچى، يازغۇچى، شائىر ۋە جەسۇر ئىنقىلابچى تۇرغۇن ئالماس ۋاپاتىنىڭ 6 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەتكە گوللاندىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن بىرگە تۈرك تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئەزالىرىدىن بولۇپ 40 تىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. پائالىيەت جەريانىدا يەنە، د ئۇ ق خىزمەتلىرىدىن مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىگە بولغان ئىجابىي تەرەپلىرى توغرىسىدىمۇ ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1189539530

♦ گېرمانىيە باش مىنىستىرى ئانگەلا مەركەلنىڭ خىتاي زىيارىتى مۇناسىۋىتى بىلەن، 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى د ئۇ ق نامىدىن مەركەل خانىمغا بىر ئۇچۇق خەت يېزىپ، مەركەل خانىمنىڭ خىتاي زىيارىتى جەريانىدا، خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشتا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

♦ 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن11 ـ سېنتەبىر تېررورلۇق ھۇجۇمىنىڭ 6 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن، باياناتچى دىلشات رېشىت بايانات ئېلان قىلىپ، د ئۇ ق نىڭ ھەرقايسى دۆلەتتىكى ۋەكىللىرىنىڭ ئامېرىكا خەلقى بىلەن بىرلىكتە، تېررورلۇق ھۇجۇمىدا قۇربان بولغانلارغا تەزىيە بىلدۈرىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دېموكراتىك دۆلەت ئەللىرىنىڭ خەلقى بىلەن بىرلىكتە، تېررورچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. باياناتتا يەنە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ تېررورچىلىققا قارشى كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانىي كۈرەشلىرىنى، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە «تېررورلۇق» ھەرىكەت قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ سىياسىي سۈيقەستىنىڭ خەلقئارادا بازار تاپالمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID= ـ 1988436174

♦ گېرمانىيىدىكى بادەن ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيىنىڭ باد ھەررەنالب شەھىرىدە «گېرمانىيىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە كۆچمەنلەر مەسىلىسى» دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ قېتىمقى يىغىنغا گېرمانىيىدىكى بارلىق سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ ۋەكىللىرى، مۇھاجىرلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى، ب د ت مۇھاجىرلار كومىسسارلىقىنىڭ بېرلىندىكى ۋاكالەتچىسى، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ 120 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. بۇ يىغىنغا تەكلىپ بىلەن د ئۇ ق ۋەكىلىمۇ ئىشتىراك قىلدى. يىغىندا د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى ئەنۋەر ئەمەت ئەپەندى سۆز قىلىپ گېرمانىيە ۋە ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ گېرمانىيە، ياۋروپاغا كېلىشتىكى سەۋەبلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. يىغىندا گېرمانىيە پارلامېنتقا سۇنىدىغان كۆچمەنلەر خىزمىتىگە دائىر بىر قىسىم لايىھە، تەكلىپلەر قوبۇل قىلىندى. ياۋروپادا كۆچمەنلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن

شەھەرلەردىن لوندون، ئامستىردام، بېرلىن، كارلسۇە، ستۇتگارت قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلدى. يىغىنغا رادىئو، ت ۋ ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ كۆپلىگەن مۇخبىرلىرى ئىشتىراك قىلدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1190124184

♦ د ئۇ ق ۋە ئۇنىڭ رەئىسى رابىيە خانىمنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، زور تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە، 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئامېرىكا كونگرېسىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە دىنى ئەركىنلىكلىرىنى قوغداش ۋە رابىيە قادىر خانىمنىڭ باللىرىنى، كانادا پۇقراسى ھۈسەيىن جېلىلنى قويۇپ بېرىش» ھەققىدە قانۇن قوبۇل قىلىندى. بۇ قانۇننىڭ قوبۇل قىلىنىشى، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىدىكى زور بىر ۋەقە بولۇپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى چەكسىز ھاياجانغا سالدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن د ئۇ ق مەتبۇئات باياناتى ئېلان قىلدى.

http://www. govtrack. us/congress/bill... bill=hr110 ـ 497

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى    د ئۇ ق پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلەرگە چاقىرىق ئېلان قىلىپ، 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش كۈنى ۋە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ قۇرۇلۇش كۈنىدە ھەرقايسى دۆلەتلەردە خىتاي ئەلچىخانىلىرى ۋە كونسۇلخانىلىرى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈشكە، بۇ كۈندە توي ـ تۆكۈن، زىياپەت ئۆتكۈزمەسلىككە چاقىردى. شۇنداقلا پۈتۈن تەشكىلاتلاردىن نامايىش تەييارلىقلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن جىددىي ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/pressrelease. asp?ItemID=1190033123

♦ دولقۇن ئىيسا، 9 – ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە فىلىپپىننىڭ پايتەختى مانىلادا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيانى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش دۇنيا مۇنبىرىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى. 3 كۈن داۋام قىلغان بۇ يىغىنغا ئاسىيادىكى ياپونىيە، خىتاي، موڭغۇلىيە، فىلىپپىن، مالايشىئا، نېپال، بىرما، كامبودژا، شەرقىي تىمور، لائوس، ھىندىستان، پاكىستان، كۆرىيە، تەيۋەن، ئامېرىكا، كانادا، تىبەت، شەرقىي تۈركىستان قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق دۆلەتتىن كەلگەن 100 دىن ئوشۇق دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلار، ھۆكۈمەتلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، دۇنيادىكى، جۈملىدىن ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى دېموكراتىيە ھەرىكەتلىرى، كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيەتلىرى ۋە دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تاكتىكىلىرى، يوللىرى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى ۋە كېيىنكى 2 يىل جەريانىدا ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك پائالىيەت پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى.  يىغىندا، دولقۇن ئىيسا سۆز قىلىپ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە نۇقتىلىق ھالدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئاسسىمىلياتسىيەنى تېزلىتىش مەقسىتىدە ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتايغا يۆتكەپ كېتىش ئەھۋالى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تىلى ۋە مىللىي مائارىپىنى يوق قىلىش سىياسىتى، شەرقىي تۈركىستان ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك پائالىيەتلىرىنى

«تېررورىزم» قالپىقى بىلەن قاراپ، سىياسىي سۈيقەست قىلىش ئەھۋاللىرى ھەققىدە توختالدى. دولقۇن ئەيسا يەنە يىغىن جەريانىدا نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەتلىشىش بىلەن بىرگە، فىلىپپىن پرېزىدېنتىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى Jesus Dureza ، مالايشىيانىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ئەنۋەر ئىبراھىم، فىلىپپىن لىبېرال پارتىيەنىڭ رەئىسى Benigno Aquino قاتارلىق سىياسىي ئەربابلار بىلەنمۇ ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشۈپ ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. يىغىندا د ئۇ ق تەرىپىدىن تەۋسىيە قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە تۆۋەندىكى 4 ماددىلىق قارار قوبۇل قىلىندى.

1. «ئۇيغۇرلار خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىمچى ۋە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى ئاستىدا ئۆز دۆلىتىدە ئاز سانلىق ھالغا چۈشۈپ قالماقتا. بۇ نۇقتىنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەرىكىتىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن، ئاسىيانى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش دۇنيا پلاتفورمى تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ:

2. ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىق ۋە دېموكراتىك يوللار بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي كېلىچىكىنى ھەل قىلىش كۈرىشىنى قوللايدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن جىددىي ياردەم ھەرىكىتى قانات يايدۇرىدۇ.

3. خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، ئۆلۈم جازاسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى، جۈملىدىن رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قانات يايدۇرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىنى مەجبۇرى ھالدا خىتايغا يۆتكەپ كېتىش ئەھۋالىنىڭ توختىتىلىشى ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قانات يايدۇرۇش.

4. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تىلى ۋە مىللىي مائارىپىنى يوق قىلىش سىياسىتىگە قارشى جىددىي سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بارىدۇ.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1190443714

♦ 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتىنىڭ تەكلىپى بىلەن مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەر جان، «خىتاي ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئولىمپىك» ناملىق مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. 300 ئارتۇق كىشى قاتناشقان بۇ يىغىنغا، گېرمانىيە... گۆتتىنگەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقى Wofgang Meyer ، سابىق دۆلەت مىنىستىرى دوكتۇر Christian Schwarz-Schilling ، ئىراق دۆلەت مىنىستىرى Nimrud Bayto Youkhana ۋە بولىۋىيە باش ئەلچىسى Walter Prudencio Magne Veliz ئەپەندىلەر بىلەن بىرگە ئەسقەرجان ئەپەندىمۇ سۆز قىلدى. يىغىندا ئەسقەرجان ئەپەندى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە كىشىلىك ھەق - ھوقۇق، نامايىش، ساياھەت، پىكىر، مائارىپ، تىل، مەدەنىيەت ۋە دىنى ئەركىنلىكلەرنىڭ قاتتىق چەكلەنگەنلىكى، خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستانغا كۆچۈرۈلۈپ چىقىرىلىشى، ياش ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەشتەك يېڭى ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى، تۇغۇت چەكلەش

سىياستى، ئىقتىسادى، سىياسىي ئەھۋالى، ئاتوم سىناقلىرىنىڭ ھازىرقى تەسىرلىرى، ئېكىلوگىيەنىڭ بۇزۇلۇشى، سىياسىي جىنايەتچىلەر، تۈرمىدىكى قىيىن ـ قىستاقلار ئۈستىدە توختىلىپ، خىتايدەك غەيرىي ئىنسانى سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقان بىر دۆلەتنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە ساھىپخان بولۇشىنىڭ ئولىمپىكنىڭ تىنچلىق روھى بىلەن ماسلاشمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئەسقەر جان دوكلاتتىن كېيىن مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى، شۇنداقلا باشقا مېھمان ۋە دۆلەت ئەرباپلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1190863893

♦ 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە خەلقئارا مۇھىت قوغداش ئىدارىسى باۋارىيە شۆبىسى تەرىپىدىن «دۇنيا باللار ئۆيى مەدەنىيەت پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيىدىن ئىبارەت بەش قىتئەدىن كەلگەن ھەر مىللەت ئۆسمۈر باللىرى قاتنىشىپ، ئۆز مەدەنىيەتلىرىنى نامايان قىلدى، ماھارەت كۆرسەتتى. بۇ پائالىيەتكە ئۇيغۇر باللىرىمۇ قاتنىشىپ ئۆزلىرىنىڭ رەڭگا رەڭ ئويۇنلىرى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ كۆچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىدى. بۇ پائالىيەت ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى ۋە د ئۇ ق تەركىبىدىكى ئالپتېكىن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىشىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تالانتلىق سەنئەتكارى، رەسسام مەرۋايىت ھاپىز خانىمنىڭ 2 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت جىددىي تەييارلىق قىلىشى ۋە بىۋاستە رىياسەتچىلىكىدە ئىنتايىن غەلبىلىك ئېلىپ بېرىلدى. پائالىيەت جەريانىدا د ئۇ ق تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت 100 پارچىدىن ئارتۇق كىتابچە تارقىتىلدى.

/http://www. rfa. org/uyghur/xewerler/tepsiliy_xewer/2007/09/28/medeniyet ـ paaliyiti

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ 23 ـ كۈنلىرى د ئۇ ق مۇبارەك رامىزان ئېيىدا ھەر خىل شەكىلدىكى، مول مەزمۇندىكى دىنى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

دىنى سۆھبەتلەر ئېلىپ باردى، ئىپتار زىياپەتلىرى ئۇيۇشتۇردى.

/http://www. uygur. tv

♦ د ئۇ ق ئاياللار كومىتېتى بىلەن ئالپتېكىن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى د ئۇ ق ئىشخانىسىدا، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۈچۈن ئىپتار زىياپىتى ئۆتكۈزدى، دىنى سۆھبەتلەر ئېلىپ باردى.

9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن ئىپتار زىياپىتى ئۆتكۈزۈلدى.

د ئۇ ق رەھبەرلىرى مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىپتار زىياپەتلىرىگە تەكلىپ بىلەن ئىشتىراك قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنى زۇلۇملار ھەققىدە مەلۇمات بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

♦ ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 2007 ـ يىللىق ئىنسان ھەقلىرى يىغىنى، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە پولشىنىڭ پايتەختى ۋارشاۋادا سوفىتەل مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ رەسمىي ۋەكىللىرى، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىكى ۋە پولشىدىكى ئەلچىلىرى، دىپلوماتلىرى، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى، مۇتەخەسسىسلەردىن بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، بۇ يىغىن ياۋروپا ـ ئاسىيا ـ ئاتلانتىك رايونىدىكى كۆلەمى ۋە تەسىرى ئەڭ چوڭ ئىنسان ھەقلىرى يىغىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىغىنغا، 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە دولقۇن ئىيسا ۋە د ئۇ ق نىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدىكى مەخسۇس ۋەكىلى بىجورن ئەپەندىلەر ئىشتىراك قىلدى. يىغىندا، دولقۇن ئىيسا ئەپەندى «ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئايرىمچىلىق سىياسەتلىرى، بۇ دۆلەتلەرگە قېچىپ چىققان ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلىرىنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇپ بېرىش ئەھۋاللىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. 25 ـ سېنتەبىر كۈنى كەچتە پولشا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە يىغىن قانتاشقۇچىلىرىنىڭ شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەت جەريانىدا دولقۇن ئىيسا، بىجورن ئەپەندىلەر ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەكىللىرى، شۋېتسىيە، نورۋېگىيە، تۈركىيە، گېرمانىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى، ۋەكىللىرى، شۇنداقلا خەلقئارا ھېلسىنكى فېدېراسىيونى، دۇنيا تىنچلىقى فېدېراسىيونى قاتارلىق كۆپلىگەن خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ رەئىسلىرى بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەردى ۋە د ئۇ ق تەرىپىدىن تەييارلانغان مەخسۇس دوكلاتنى تەقدىم قىلدى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1278821765

♦ 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلھېكىم ئىدرىس ۋە ئىجرائىيە كومىتېت ئەزاسى مۇھەممەد ئىمىن ئالا ئەپەندىلەر جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى يىغىنىغا ئىشتىراك قىلدى. يىغىن جەريانىدا ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ۋە د ئۇ ق نىڭ تەشكىللىشى بىلەن ب د ت بىناسى ئالدىدا خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

http://www. Uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID= ـ 37139577

♦ دولقۇن ئىيسا ئەپەندى، 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەچتە، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ گېرمانىيىدىكى باش ئەلچىسى William R. Timken ۋە خانىمى Sue Timken ، شۇنداقلاميۇنخېن باش كونسۇلى ئەرك نىلسون ئەپەندىلەرنىڭ ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن، باش كونسۇلى ئەرك نىلسون ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىپتار زىياپىتىگە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. بۇ زىياپەتكە ميۇنخېن

شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقى Christian Ude ە، خانىمى Edith von Welser-Ude ، باۋارىيەنىڭ ئادالەت مىنىستىرى Beate Merk خانىم، تۈركىيەنىڭ مىيۇنخېن باش كونسۇلى رىفئەت كۆكسال ئەپەندى قاتارلىق بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، دىپلوماتلار، شۇنداقلا بىر قىسىم مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، دىنى زاتلار بولۇپ 50 گە يېقىن كىشى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. دولقۇن ئىيسا ئەپەندى ئىپتار زىياپىتى جەريانىدا شەھەر باشلىقى Christian Ude ، باش كونسۇل ئەرك نىلسون ئەپەندىلەر بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەت William R. Timken باش كونسۇل ئەرك نىلسون ئەپەندىلەر بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاندا رامىزان ئېيىدا سادىر بولۇۋاتقان ھادىسىلەر، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا بولۇۋاتقان دىنى بېسىم، بولۇپمۇ بۇ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ئەركىنلىكلىرىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1190968885

♦ خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا شىددەت بىلەن يۈرگۈزۈۋاتقان مەدەنىيەت، مائارىپ، تىل - يېزىق ساھەلىرىدىكى ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يوشۇرۇش، خەلقئارا جامائەتچىلىكنى ئالداش مەقسىتىدە، 2007 - يىلى 9 - ئاينىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن ياۋروپانىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرىنىڭ ئويۇن قويۇش پائالىيىتىنى باشلىغان ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، د ئۇ ق پۈتۈن قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنى، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى جىددىي تەييارلىق قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدامچىلىقىنى، كۆز بوياماچىلىقىنى ئېچىپ تاشلاشقا چاقىردى. بۇ چاقىرىققا ئاساسەن د ئۇ ق نىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلىشى ۋە تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئۈنۈملۈك پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدامچىلىقى يەنە بىر قېتىم پاش بولدى. د ئۇ ق تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى:

.http://www. uyghurcongress. com/Uy/news. asp?ItemID=1191233544

♦ نورۋېگىيە، شىۋېتسىيەنىڭ مەدەنىيەت مىنىستىرلىرى ۋە بۇ خىتاي مەدەنىيەت پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرغان مەدەنىيەت ئورگانلىرىغا، د ئۇ ق نامىدىن ئايرىم - ئايرىم خەت ئەۋەتىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقلىرى ۋە بۇ قېتىم ئۇيغۇر سەنئەتلىرىنى كۆرسىتىشتىكى مەقسىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان قىرغىنچىلىقلىرىنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئۇيغۇر سەنئەتچىلەر شىۋېتسىيەنىڭ ستوكھولم ۋە ئەسكىلستۇنا شەھەرلىرىدە بىر قانچە مەيدان ئويۇن قويدى. بۇ جەرياندا شىۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرۈش ۋە سەنئەتچىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇلىرى، خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، شىۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى، ھەر قېتىملىق ئويۇن ۋاقتىدا زالنىڭ ئالدىدا تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى تارقىتىلىپ شىۋېتسىيەلىك تاماشىبىنلارغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئېچىپ تاشلاندى.

9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە ئۇيغۇر سەنئەتچىلەر نورۋېگىيەنىڭ بېرگىن ۋە ئوسلو شەھەرلىرىدە ئويۇن قويدى. بۇ جەرياندا نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن نامايىش ئۆتكۈزۈش، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە نورۋېگىيەنىڭ ئەڭ چوڭ گېزىت، ت ۋ لىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي ۋەزىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 8 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر، ماقالە ئېلان قىلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە ئۇيغۇر سەنئەتچىلەر گېرمانىيىنىڭ بېرلىن، فرانكفورت، دۈسسەلدورف قاتارلىق شەھەرلىرىدە ئويۇن قويدى. بۇ جەرياندا خىتاي دائىرىلىرى گېرمانىيىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئويۇنغا كىرگۈزمەسلىك، سەنئەتچىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق ئۈچۈن جىددىي تەدبىرلەر ئالغان، ھەتتا ئويۇن قويۇش ئورنى، ۋاقتى قاتارلىقلارنى ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇپ، بېلەتلەر خىتاي ئەلچىخانىسى تەرىپىدىن بىر تۇتاش، مەخسۇس تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلارغىلا تارقىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما د ئۇ ق مەخپىي ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ھەتتا كىرىش بېلەتلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئويۇن زالىغا كىردى، ئارتىسلار بىلەن كۆرۈشتى، تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنى تارقىتىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى ئېچىپ تاشلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ بىر گۇرۇپپا ۋەكىللىرى، ميۇنخېندىن بېرلىنگە بېرىپ، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ھەر خىل توسقۇنلۇقلىرىغا قارشى ئۈنۈملۈك پائالىيەت ئېلىپ باردى. كىرىش بېلىتىنى قولغا چۈشۈرۈپ، بىر قىسىم ۋەكىللەر ئويۇن زالىغا كىردى، ئۇيغۇر سەنئەتكارلارغا گۈل دەستىلەر تەقدىم قىلدى. يەنە بىر قىسىم ۋەكىللەر زالنىڭ سىرتىدا تاماشىبىنلارغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى پاش قىلغان تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى تارقاتتى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كەچتە شەرقىي تۈركىستانلىق سەنئەتچىلەر فرانكفورت شەھىرىنىڭ ئېشبورن رايونىغا جايلاشقان مېركۇرىي ھوتېلىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ھوتەلگە يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال فرانكفورتتىكى شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتى ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ۋە قارشى ئېلىش ھەققىدە بىر قىسىم تەييارلىقلاردا بولغانىدى. ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى خىتاي ئىستىخبارات ئىدارىسى دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق كونتروللۇقى ئاستىدا، نىشانلانغان ھوتەلگە يېتىپ كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى مەركۇرىي ھوتىلىگە ئېسىلغان ئىدى. بۇ مەنزىرە خىتاي دائىرىلىرىنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۇيغۇر سەنئەتچىلەر فرانكفورتتا ئويۇن قويدى، ئەمما بۇ ئويۇنغا ئۇيغۇر تاماشىبىنلار قەتئىي كىرگۈزۈلمىدى، بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ئويۇن زالىنىڭ سىرتىدا قوللىرىدا ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ۋە «شەرقىي تۈركىستانلىق سەنئەتچىلىرىمىزنى قارشى ئالىمىز» دېگەن شوئار يېزىلغان لوزۇنكىنى كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلار نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ باردى.

♦ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش كۈنى بولغان 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىنى د ئۇ ق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ «ماتەم كۈنى» دەپ جاكارلىغان ئىدى. د ئۇ ق رەئىسى رابىيە قادىر

خانىم، بۇ ماتەم كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن بايانات ئېلان قىلىپ ۋەتەن سىرتىدىكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خىتاي ئەلچىخانىلىرى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈشكە، ۋەتەنداشلارنى توي ـ تۆكۈن، زىياپەت ئۆتكۈزمەسلىككە چاقىرغان ئىدى. بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ھەر خىل شەكىلدىكى نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

### گېرمانىيىدە نامايىش

1 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك روزا تۇتقان ۋە نامايىش ئىپتار ۋاقتىدىن تەخمىنەن 2 سائەت بۇرۇن باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي كونسۇلخانىسىغا توپلانغان ئۇيغۇرلار جانابى ئاللاھنىڭ مەدەتى بىلەن قىلچە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ھېس قىلماي، كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە شىجائەت بىلەن توختىماستىن جاراڭلىق شوئار توۋلاپ، ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان غەزەپ — نەپرىتىنى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئېزىلىۋاتقان خەلقىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى نامايان قىلىشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1191309177

### ♦ گوللاندىيىدە نامايىش

گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ۋە تىبەت تەشكىلاتى ھەمكارلىقىدا گوللاندىيەنىڭ دەنھارگ شەھىرىدە كەڭ كۆلەملىك نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا گوللاندىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جامائىتى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ئەزالىرى ۋە تىبەتلەر بولۇپ كۆپلىگەن كىشى قاتناشتى. نامايىشتا ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە، گوللاندىيەچە، تۈركچە تىللاردا شوئارلار توۋلاندى ۋە ھەرخىل تەشۋىق ۋاراقلىرى تارقىتىلدى، نامايىش مەتبۇئاتنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى رەئىسى باختىيار شەمسىددىن خىتاي دۆلەت رەئىسى خۇجىنتاۋغا قىلىنغان نۇتۇقتىن كېيىن 52 نەپەر سىياسىي مەھبۇسنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇ سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئۇلارنى يوقلىشىغا ئىجازەت بېرىشىنى تەلەپ قىلدى ۋە خۇجىنتاۋغا يېزىلغان خەتنى خىتاي ئەلچىسىنىڭ پوچتا ساندۇقىغا ئاتتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1191311320

### كانادادا نامايىش

كانادانىڭ ۋانكوۋەر شەھىرىدە نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى نامايىشقا، بېيجىڭ سەددىچىن سېپىلىغا لوزۇنكا ئېسىپ قايتىپ كەلگەن، تىبەت ئەركىنلىك ئوقۇغۇچىلىرى تەشكىلاتى ئەزاسى، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دوستى سام ئەپەندىمۇ قاتناشتى. سام ئەپەندى ئۆز سۆزىدە، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ۋە تىبەتكە مۇستەقىللىق تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈپ، «شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭمۇ نامايىشىغا قاتناشقانلىقىمدىن ئۆزۈمنى خۇشال ھېس قىلىمەن!» دېدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1191370572

### ئەنگلىيەدە نامايىش

ئەنگلىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن لوندوندىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نامايىشقا ئەنگلىيەدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان د ئۇ ق رەئىسى رابىيە قادىر خانىممۇ ئىشتىراك قىلىپ، خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىشچىلارغا نۇتۇق سۆزلەپ، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 58 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان مۇستەملىكىچىلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

## تۈركىيەدە نامايىش

شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ئەنقەرە شۆبىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئەنقەرەدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نامايىشقا، ئەنقەرەدىكى ئۇيغۇرلاردىن باشقا تۈركىيەنىڭ ئەڭ چوڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىدىن بىرى بولغان تۈركىيە كادىرلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باش سېكرېتارى پەخرىددىن يوقۇش ئەپەندى، تۈركىيە مائارىپچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇلى شۈئەيب ئەپەندى قاتارلىقلار باشچىلىقىدا كۆپ ساندا كىشى قاتناشتى. خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىغا قارا گۈلچەمبىرەك قويۇلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=999120971

## نورۋېگىيەدە نامايىش

نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن، خىتاينىڭ ئوسلودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشچىلار «ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك»، «ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىللىق»، «سىياسىي مەھبۇسلارغا ئەركىنلىك»، «دىنىي ئەركىنلىكىمىز قايتۇرۇپ بېرىلسۇن»، «پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى توختات»، «خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىن يوقالسۇن» دېگەندەك شوئارلارنى تووۋلاشتى. نامايىش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان تەشۋىقات ۋارىقىنى تارقىتىلدى.

## ئامېرىكىدا نامايىش

ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ۋاشىنگتوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. نامايىش ئەھلى قوللىرىدا ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توختىتىلسۇن»، «ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك»، «ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلىرى ئەركىنلىككە چىقسۇن»، «ئۇيغۇرلارغا دېموكراتىيە» دەپ يېزىلغان چوڭ خەتلىك لوزۇنكىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شوئار تووۋلاشتى. ئەلچىخانا ئالدىدىكى چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئامېرىكىلىقلارغا، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلغان تەشۋىق ۋاراقلىرى تارقىتىلدى.

## قازاقىستاندا

د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى ماتەم كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن، 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالمۇتىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 58 يىلدىن بۇيان

شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى قىرغىنچىلىقلىرى، ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى ھەققىدە مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

♦ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئەنگلىيە شۆبىسى ۋە ئەنگلىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، رابىيە قادىر خانىم تەكلىپىگە ئاساسەن 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە ئەنگلىيەدە زىيارەتتە بولدى. رابىيە خانىم بىر ھەپتىلىك ئەنگلىيە زىيارىتى جەريانىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى، پارلامېنتى رەھبەرلىرى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى ئەنگلىيە زىيارىتى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ئەنگلىيەدە تونۇلۇشى جەھەتتە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر سەپەر بولدى. ئەنگلىيەدە تۆۋەندىكى پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى:

1 ـ ئۆكتەبىر كۈنى رابىيە خانىم خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا باش كاتىپلىقىنىڭ مەسئۇللىرىدىن Corinna_Barbara Francis خانىم، ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ۋە تىبەت تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچراشتى. ئۇلارغا نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى ۋە ئۇلارنىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى.

10 ـ ئاينىڭ 2 – 3 ـ كۈنلىرى رابىيە خانىم ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ بىر قىسىم يۇقىرى پالاتا ئەزالىرى، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەنگلىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقىنى تەشكىل قىلغان ئالاھىدە رايون ۋالىسقا بېرىپ، ۋالىس پارلامېنتىنى زىيارەت قىلدى. پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلارغا ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر سىياسىي، ئىقتىسادى، دىنى ۋەزىيەت ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى رابىيە خانىم، ئەنگلىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئەنۋەر توختى قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەدىنبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، بۈگۈنى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ پائالىيەتكە ئەدىنبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى.

رابىيە خانىم لوندوندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈپ ئەنگلىيەدىكى ئۇيغۇرلارنى تولاپ، ئەنگلىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ باردى.

♦ 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن گوللاندىيەنىڭ دەنھارگ شەھرىدە ماھاتما غاندىنىڭ ھەيكىلى بار تىنچلىق مەيدانىدا خەلقئارا تىنچلىق كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. نامايىشقا ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى، تىبەت تەشكىلاتى ئەزالىرى ۋە تىنچلىقنى ھىمايە قىلغۇچى تەشكىلات ئەزالىرى قاتناشتى. نامايىشقا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالەتەن گوللاندىيە شەرقى تۈركىستان ۋەقفى رەئىسى ۋە د ئۇ ق ياشلار كومىتېتى مۇدىرى بەختىيار شەمسىددىن ئىشتىراك قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1191501267

♦ 5 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كىنو بايرىمى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيىنىڭ نۇرنبورگ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كىنو بايرىمى جەريانىدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىشلەنگەن، ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيىنى ئاساسى تېما قىلغان يۈزگە يېقىن كىنو تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىگە تەقدىم قىلىنغان بولۇپ، 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى نۇرنبورگ خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كىنو بايرىمىنىڭ مۇدىرى Andrea Kuhn خانىمنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىجرائىيە كومىتېتى مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلھېكىم ئىدرىس ۋە باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا ئەپەندىلەر بۇ كىنو بايرىمىغا قاتناشتى. بۇ كىنو بايرىمى جەريانىدا، رابىيە خانىمنىڭ كىتابىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى بولۇپ ئۆتتى. بۇ كىتابنىڭ يازغۇچىسى Alexandra Cavelius خانىم كىتاب ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، كىتابتىن ئارىيەلەر ئوقۇدى، كېيىن Alexandra Cavelius خانىم بىلەن بىرگە ئابدۇلھېكىم ۋە دولقۇن ئىيسا ئەپەندىلەر كىتابخانلارنىڭ رابىيە خانىم ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. بۇ كىنو بايرىمى جەريانىدا يەنە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىككى فىلىم كۆرسىتىلدى. بۇ ئىككى فىلىمنىڭ بىرسى رابىيە خانىمنى تېما قىلغان، گېرمانىيىنىڭ «سات3» تېلېۋىزىيە قانىلى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ھۆججەتلىك فىلىم بولۇپ، بۇنىڭدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق قىرغىنچىلىقلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە بىرسى، كانادالىق رېجىسسور Petr Lom تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىدە ئىشلەنگەن «دارۋاز» ناملىق فىلىم ئىدى. بۇ فىلىمدە ئۇيغۇرلارنىڭ دارۋازلىق سەنئىتىنى ئاساسى تېما قىلغان ھالدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تىلى، دىنى جەھەتلەردىكى بېسىملىرى ۋە ئۆسمۈرلەرنى كوممۇنىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ، دىنغا قارشى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش جەريانلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1191496114

♦ د ئۇ ق نىڭ ياۋروپا پارلامېنتىگە مەسئۇل مەخسۇس ۋەكىلى بجورن ئەپەندى، 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ياۋروپا پارلامېنتىدا، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى Edward McMillan ئەپەندى، پارلامېنت ئەزاسى ۋە ياۋروپا پارلامېنتى تىبەت دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ رەئىسى توماس مان ئەپەندى، لىبېرال ۋە دېموكراتلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى Istvan Szent-Ivanyi ئەپەندى ۋە چېگرىسىز ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى Willy Fautre ئەپەندىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

♦ 10 ـ ئاينىڭ 10 – كۈنى د ئۇ ق ياشلار كومىتېتى مۇدىرى ۋە گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى رەئىسى بەختىيار شەمسىددىن، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى رەھبەرلىرى بىلەن بىرگە گوللاندىيە پارلامېنت تاشقى ئىشلار كومىسسىيونىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. گوللاندىيە پارلامېنت تاشقى ئىشلار كومىسسىيونى رەئىسى .Ormel, H.J ( Chirstian democraticپارتىيەسى) ۋە Harry van Bommel (سوتسىيال پارتىيەسى)، Martijn Van Dam (ئىشچى پارتىيەسى) قاتارلىقلارنىڭ

قوبۇل قىلىشىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ كۆرۈشۈشتە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى ھەققىدە تەييارلانغان مەخسۇس ماتېرىيالنى تەقدىم قىلدى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچراش ئەھۋالى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ھاجىلارنىڭ پاسپورتىنى يىغىۋېلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئەركىنلىكىنىڭ چەكلەنگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە گوللاندىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ توغرۇلۇق خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇندىن باشقا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى قىسىش، تىل - يېزىق مەدەنىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆرۈشۈش جەريانىدا يەنە، 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گوللاندىيە پارلامېنت تاشقى ئىشلار كومىسسىيونىدا ئېچىلىدىغان خىتاي ئىشلىرى مۇھاكىمە يىغىنىدا بۇ مەسىلىلەرنىڭ مۇھىم بىر تېما قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1192649408&mid= - 2139923529

♦ مۇئاۋىن رەئىس، شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى د ئۇ ق نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 12 كۈنلۈك سەئۇدى ئەرەبىستان زىيارىتى جەريانىدا بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تۈركىيەگە قايتىپ كەلدى. سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى زىيارىتى جەريانىدا سەئۇدى ئەرەبىستاندا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا د ئۇ ق نىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە دۇنيا ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتىنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەردە ئاز سانلىق مىللەت سۈپىتىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارغا مەسئۇل خادىمى ئەلى دەمىرچى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار دۇچار بولۇۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىيىتىگە دىققەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

http://www. rfa. org/uyghur/xewerler/tepsiliy_xewer/2007/10/11/saudi - erebistan/?simple=1

♦ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇبارەك روزا ھېيتى مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە خانىم 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، ۋەتەن ئىچى - سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ روزا ھېيتىنى تەبرىكلىدى. ئۇ تەبرىكنامىسىدە «جانابى ئاللاھنىڭ شاپائىتى بىلەن، مىللىي بايراملىرىمىز ھەر زامان بىزگە ئىنتىپاقلىق، بىرلىك، باراۋەرلىك ئېلىپ كەلدى ۋە مىللىي روھىمىزنى پاكلاپ تۇردى. مەن بۇ ھېيتىڭىمۇ ۋەتىنىمىزگە خاسىيەت كەلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ۋە بۇ مۇقەددەس بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن خەلقىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەم ئىنتىپاقلىشىشقا، مىللىي ھەرىكىتىمىز ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر بولۇشقا چاقىرىمەن..... ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى، مىللىتىمىزنىڭ ھۆررىيىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، تۈرمىلەردە يېتىۋاتقان، بۇ ھېيتنىمۇ تەبرىكلەش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان، ئوت يۈرەك باتۇر، ئەزىمەتلىرىمىزگە سەبرى تىلەيمەن، مۇقەددەس دەۋا يولىدا شېھىد بولغان قىز - يىگىتلىرىمىزنىڭ روھىغا شادلىق تىلەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ روھىغا ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام بېرىمەن!» دېدى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID= - 1908980393&mid=2139923529

♦ 10 - ئاينىڭ 13 – كۈنى د ئۇ ق نىڭ ئەنگلىيە ۋاكالەتچىسى ئەنۋەر توختى ئەپەندى، تىبەت تەتقىقاتچىلىرى بىرلىكىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، تەكلىپكە بىنائەن ئۇيغۇرنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بەردى. ئۇ دوكلاتىدا ئاساسلىقى، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خىتايغا يۆتكەپ كېتىلىش ئەھۋاللىرى، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە توختالدى. بۇ دوكلات بېرىش يىغىنىغا 50 دىن ئارتۇق تىبەت مەسىلىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچى سىياسىي پائالىيەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار قاتناشتى.

♦ بېيجىڭ 2008 ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشنى مەقسەت قىلغان «ئىنسان ھەقلىرى مەشئىلىنى يەتكۈزۈش» پائالىيىتى گىرېتسىيىدىن باشلىنىپ، 10 - ئاينىڭ بېشىدا شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ شەھەر مالمۆ، يۆتېبورىي شەھەرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ 13 - ئۆكتەبىر كۈنى نورۋېگىيىنىڭ ئوسلو شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ ئۇز پائالىيىتىنى باشلىغان ئىدى. ئوسلو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ پائالىيەتكە نورۋېگىيىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر قىسىم ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، ئۇيغۇر، تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم قوشنا دۆلەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەرمۇ قاتناشتى. ئوسلودىكى پائالىيەتتىن كېيىن 14 - ئۆكتەبىر كۈنى ئىنسان ھەقلىرى مەشئىلى شۋېتسىيىنىڭ ستوكھولم شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ ئۇز پائالىيىتىنى باشلىدى. بۇ پائالىيەت، «خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى» جەمئىيىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، پائالىيەتكە شۋېتسىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، تىبەتلەر، خىتاي دېموكراتلىرى تەشكىلاتلىرى قاتناشقاندىن سىرت خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالىغا قىزىققۇچى شۋېتلەر، شۋېتسىيە پارلامېنت ئەزالىرى ۋە كانادادىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان بىر قىسىم ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرى قاتناشتى. پائالىيەت داۋامىدا بىر قىسىم ئىنسان ھەقلىرى مۇتەخەسسىسلىرى سۆزگە چىقىپ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ خىتاي خەلقىنى ۋە خىتاي تېررىتورىيىسىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل قاتارلىق باشقا ئېتنىك مىللەتلەرنى قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان بۇنداق دىكتاتور دۆلەتتە ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ئولىمپىكنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتايدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىپ، خىتايدا ياشاۋاتقان خەلقلەرگە ياردەمدە بولۇشقا چاقىردى. پائالىيەت ئاخىرىدا ئىنسان ھەقلىرى مەشئىلى فىنلاندىيەدە ئۆتكۈزۈلدى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=487236712&mid= - 2139923529

♦ 10 - ئاينىڭ 13 – كۈنى ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئۇيغۇرلارنىڭ روزا ھېيت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. «ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى» بىلەن «خەلقئارا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى»نىڭ بىرلىشىپ تەشكىللىشى ئاستىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ پائالىيەتكە ۋاشىنگتون ئەتراپىدا ياشايدىغان ۋە باشقا شتاتلاردىن كەلگەن 250 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دوستلىرى ئىشتىراك قىلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلغان رابىيە قادىر خانىم ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى

بارلىق ئۇيغۇرلارنى جۈملىدىن مۇسۇلمانلارنى روزا ھېيتى بىلەن تەبرىكلەش بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارغا ھەقىقىي خۇشال ھېيت كەيپىياتى تىلىدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1192453641&mid= ـ 2139923529

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن د ئۇ ق ياشلار كومىتېتى ۋە گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن گوللاندىيەنىڭ تىلبۇرگ شەھىرىدىكى روزا ھېيتنى تەبرىكلەش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتكە گوللاندىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، تۈركلەر ۋە تۈركمەنلەر قاتناشتى. پائالىيەتكە كەلگەن تۈرك ۋە باشقا مېھمانلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ مىللىي تائاملىرىدىن ھوزۇرلاندى، ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق مەدەنىيىتى نامايان قىلىندى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1192450927&mid= ـ 2139923529

♦ ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ ساھىپخالىق قىلىشى بىلەن، 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مىيۇنخېندە گېرمانىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ روزا ھېيتىنى تەبرىكلەش پائالىيتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 200 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى. پائالىيەتتە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى رەئىسى دولقۇن ئىيسا سۆز قىلىپ، د ئۇ ق ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىگە ۋاكالىتەن يۇرتداشلارنىڭ روزا ھېيئىتىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە رابىيە خانىمنىڭ بۇ ھېيتلىق بايرام پائالىيتى ئۈچۈن ئەۋەتكەن تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. پائالىيەت ئىنتايىن خۇشاللىق كەيپىيات ئىچىدە داۋام قىلدى، ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى، مۇزىكىلىرى كۆرسىتىلدى. كۈلدۈرگە نومۇرلىرى ئورۇنلاندى، روزا ھېيتقا، رامىزان ئېيىغا بېغىشلاپ يېزىلغان شېئىرلار دېكلاماتسىيە قىلىندى. بولۇپمۇ ئۇماق ئۇيغۇر باللىرى، ياش ـ ئۆسمۈرلىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ۋە باشقا ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرى كۆپچىلىكنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى، پائالىيەتكە مول مەزمۇن قوشتى.

♦ 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ 20 – كۈنلىرى گوللاندىيەنىڭ ئامستېردام، Utrecht, Veere شەھەرلىرىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانى بىلەن دولان مۇقام ئانسامبىلى دولان سەنئىتى ئورۇنلاندى. ئۇتىرەچ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ پائالىيەتكە گوللاندىيەدىكى سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلاردىن 20 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى، قاتناشقۇچىلار بايراق ۋە لوزۇنكىلار بىلەن كەلگەن ئىدى، لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى بىلەن تىياتىرخانا پائالىيەتچىلىرى بايراق ۋە لوزىنكىلارنى چەكلىدى. لېكىن پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان زۇلۇمى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تىياتىرخانا ئىچىدە ۋە سىرتىدا پۈتۈن تاماشىبىنلارغا تولۇق تارقاتتى، بۇنىڭ بىلەن دەم ئېلىش ۋاقتىدا ھەيرانلىقتا قالغان گوللاندىيەلىكلەرنىڭ سوئاللىرىغا د ئۇ ق ياشلار كومىتېت مۇدىرى بەختىيار شەمسىددىن ئەپەندى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي زۇلۇمىنى ناھايىتى ئەتراپلىق چۈشەندۈردى. سەنئەتچىلەرنىڭ سولغۇن قىياپىتى ۋە يۈرەكنى ئېزىدىغان لىرىك مۇزىكىلىرى كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالدى. ھەممىدىن ھاياجانلىق يېرى شۇكى ئاخىرىدىكى مەشرەپ ئۇسسۇلىدا مەيدىسى ۋە دۈمبىسىدە «شەرقىي تۈركىستانغا ھۆررىيەت» دېگەن

خەت بېسىلغان ۋە كۆك بايراق چۆشۈرۈلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار سەھنىگە چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناپ ئاجايىپ ھاياجانلىق كەيپىيات ھاسىل قىلدى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1193061105&mid= ـ 2139923529

♦ د ئۇ ق رەئىسى رابىيە قادىر خانىم 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيە، شىۋېتسارىيەلەردە زىيارەتتە بولۇپ، گېرمانىيە ھۆكۈمەت، پارلامېنت رەھبەرلىرى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن ئۇچراشتى، گېرمانىيە ت ۋ، رادىئو، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. ب د ت نىڭ جەنۋەدىكى شتابىغا بېرىپ ب د ت مۇھاجىرلار يۇكسەك كومىسارلىقىنى زىيارەت قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قۇرۇلتاي ئىشخانىسىدا رابىيە خانىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە د ئۇ ق مەركىزىدىكى ئىجرائىيە ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا 7 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنىدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان خىزمەتلىرى ھەققىدە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، يېتەرسىزلىكلەرنىڭ سەۋەبلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە بۇندىن كېيىنكى كونكرېت پائالىيەت پىلانلىرى تۈزۈپ چىقىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گېرمانىيە خەلق سەنئەت مۇزېيخانىسى بىلەن د ئۇ ق نىڭ تەشكىللىشىدە، گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدە خەلق سەنئەت مۇزېيخانىسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. رابىيە خانىم، باش مەسلىھەتچى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى 20 ـ ئۆكتەبىر كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، باش كاتىپ دولقۇن ئىسا، ئىجكى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇلجېلىل ئەمەت قاتارلىق بىر قىسىم د ئۇ ق رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھامبۇرگ شەھىرىگە بېرىپ، 21 ـ ئۆكتەبىر كۈنى گېرمانىيە خەلق سەنئەت مۇزېيخانىسى ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنىگە ئىشتىراك قىلدى. بۇ پائالىيەتكە 400 گە يېقىن كىشى ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ گېرمانىيە خەلقى تەرىپىدىن تونۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر سورۇن بولدى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID= ـ 391345497

رابىيە قادىر خانىمنىڭ ھامبۇرگ زىيارىتى گېرمانىيە مەتبۇئاتىنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى. بۇ جەرياندا رابىيە خانىم نۇرغۇنلىغان مەتبۇئاتلارنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سائەت 9:30 ـ 11:00 دا« Schleiwig Holsteinische Zeitung » گېزىتىنىڭ مۇخبىرى Sibylle Bremer خانىمنىڭ زىيارىتىنى، سائەت 11.30 ـ 13.00 دە «Die Welt» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى Eva Ouisterhus خانىمنىڭ زىيارىتىنى، سائەت 18.15 ـ 19.30 دە «Tagesschau online» تېلېۋىزىيەسىنىڭ مۇخبىرى Louis Mittler خانىمنىڭ زىيارىتىنى، 22 ـ ئۆكتەبىر كۈنى، 09.30 ـ 11.00دە، (رابىيە خانىمنىڭ ھاياتىنى ھۆجەتلىك فىلىم قىلىپ ئىشلىمەكچى بولغان) رېجىسسۇر Sylvia Nagel خانىمنىڭ زىيارىتىنى، 11.30 ـ 13.00 دە «The epoche times» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى Florian Godovits ئەپەندىنىڭ زىيارىتىنى، 23 ـ ئۆكتەبىر كۈنى، بېرلىندە سائەت 09.00 ـ 10.00 دا، «die Tageszeitung »

گېزىتىنىڭ مۇخبىرى Sven Hansen ئەپەندىنىڭ زىيارىتىنى، 25 ـ ئۆكتەبىر كۈنى سائەت 11.00 ـ 13.30 دا رادىيو مۇخبىرى Ursula Weck خانىمنىڭ زىيارىتىنى، 14.30 ـ 16.30 دا «Ab vierzig» ژۇرنىلى مۇخبىرى Farah Lenser خانىمنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا «Deutsche Welle » تېلېۋىزورى مەخسۇس بىر ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەش ئۈچۈن 23 ـ ئۆكتەبىردىن 25 ـ ئۆكتەبىرگىچە رابىيە خانىم بىلەن بىرگە بولۇپ، پۈتۈن پائالىيەت جەريانىنى زىيارەت قىلدى.

22 ـ ئۆكتەبىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ ئۆكتىچى پارتىيەسى — يېشىللار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى Manuel Sarrazin ئەپەندى ۋە Anjes Tjarks خانىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى 7 كىشىلىك بىر ھەيئەت، رابىيە خانىم رىياسەتچىلىكىدىكى د ئۇ ق ۋەكىللىرىنى پارتىيە بىناسىدا كۈتۈۋالدى.

يېشىللار پارتىيەسىدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن، رابىيە خانىم ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ۋە ئافرىقا ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى. بۇ يەردە رابىيە خانىم ئىنستىتۇتنىڭ دىرېكتورى پروفېسسو، دوكتۇر Raoul Motika ۋە مۇتەخەسسىسلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەت جەريانىدا ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختالدى. ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر تىلى سىنىپى ئېچىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

22 ـ ئۆكتەبىر كەچتە، ھامبۇرگنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى Reinhard Stuth ئەپەندى، رابىيە قادىر خانىمنى كۈتۈۋالدى. رابىيە خانىم نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر ۋەزىيەت ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

رابىيە خانىم ھامبۇرگتىكى زىيارىتىنى ئۇتۇقلۇق ئاخىرلاشتۇرۇپ، 23 ـ ئۆكتەبىر كۈنى باش مەسلىھەتچى سىدىق ھاجى روزى ۋە مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان ئەپەندىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بېرلىنگە يېتىپ كېلىپ، پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتتى. رابىيە خانىمنىڭ بېرلىندىكى تۇنجى پائالىيىتى «بىلىم ۋە سىياسەت ئىنستىتۇتى»نىڭ مۇدىرى دوكتۇر Gudrun Wacker خانىمنى زىيارەت قىلىش بىلەن باشلاندى. بۇ ئىنستىتۇت گېرمانىيىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياستىنى بەلگىلىشى ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە مەسلىھەت بېرىدىغان ئىستراتېگىيە تەتقىقات مەركىزى.

23 ـ ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن رابىيە خانىم رىياسەتچىلىكىدىكى د ئۇ ق ھەيئىتى، تەيۋەننىڭ بېرلىندىكى ۋاكالەتچىسى (ئەلچىخانىسى) نىڭ مۇئاۋىن ئەلچىسى Theresa Tang خانىم بىلەن ئۇچراشتى. بۇ ئۇچرىشىشتا خىتاي، تەيۋەن ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى. Theresa Tang خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىگە ھېسداشلىق قىلغانلىقىنى ۋە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى رابىيە قادىر خانىم گېرمانىيە پارلامېنت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنى زىيارەت قىلدى. Christel Rieman Hanewinckel خانىم رىياسەتچىلىكىدىكى گېرمانىيە

پارلامېنت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ 11 كىشىدىن تەشكىل تاپقان ھەيئىتى، رابىيە خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پارلامېنت بىناسىدا داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى. 2 سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان ئۇچرىشىشتا، رابىيە خانىم ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، گۇئانتانامو تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان ئۇيغۇر مەھبۇسلار مەسىلىسى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە قېچىپ يۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنى بىخەتەر دۆلەتلەرگە يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ خادىملىرى بۇنىدىن كېيىن ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە تېخىمۇ جىددىي مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ، تىبەت مەسىلىسى بىلەن ئوخشاش بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىككى مەسىلىنى ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

24 ـ ئۆكتەبىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، رابىيە قادىر خانىم گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئىنسان ھەقلىرى بۆلۈمى مۇدىرى Günter Nooke ئەپەندى بىلەن ئۇچراشتى. Günter Nooke ئەپەندى رابىيە قادىر خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئىشخانىسىدا ئىنتايىن قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە كۈتۈۋالدى. رابىيە خانىم شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

رابىيە خانىم بېرلىندىكى زىيارىتى جەريانىدا، گېرمانىيە ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈش بىلەن بىرگە، بىر قىسىم خەلقئارا تەشكىلاتلار، فوندىلارنىمۇ زىيارەت قىلدى. خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى Tilman Zülch ئەپەندى، «Heinrich Böll Stiftung» فوندىنىڭ دىرېكتورى Barbara unmübig ۋە ياردەمچىسى Christane Molt خانىم، «Konrad Adenauer Stiftung» فوند ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى پروفېسسو، دوكتۇر Peter Hefele ئەپەندىلەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ گېرمانىيىدە كەڭ دائىرىدە تونۇتۇلۇشى، جۇملىدىن د ئۇ ق نىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

رابىيە خانىم بېرلىندىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا، سىدىق ھاجى روزى، ئەسقەرجان، ئەنۋەرجان ئەپەندىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا، 26 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئەتىگەن سائەت 8.00 دە شۋېتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. رابىيە خانىم رىياسەتچىلىكىدىكى ھەيئەت، ب د ت مۇھاجىرلار يۈكسەك كومىسارلىقىنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت جەريانىدا ب د ت مۇھاجىرلار يۈكسەك كومىسارلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن Pirkko Kourula ئەپەندى ۋە Pierfrancesko Maria Natta قاتارلىق مەخسۇس ھەيئەت رابىيە خانىم بىلەن ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسى ھەققىدە تەپسىلىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. رابىيە خانىم، سىياسىي، دىنى سەۋەبلەردىن ھاياتى خەتەر ئاستىدا قېلىپ باشقا دۆلەتلەرگە قېچىپ چىققان بولسىمۇ، قېچىپ چىققان دۆلەتلەردىمۇ يەنىلا خەتەر ئاستىدا ياشاۋاتقان، قېچىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، ئۇلارنىڭ

بىخەتەر بىر دۆلەتكە ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مۇھاجىرلار يۈكسەك كومىسسارلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسىگە بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

♦ ياپونىيىدە ئۇيغۇر مەسىلىلىرى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقاتچى، ياپونىيە مەركىزى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مىزۇتانى نائوكو خانىم تەرىپىدىن يېزىلغان خىتايدىن پالىۋىتىلگەن ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتاب 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى توكيودا نەشىردىن چىقىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. كىتابنىڭ قوشۇمچە ماۋزۇسى «نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ كۆچلۈك نامزاتى رابىيە قادىر قاتارلىقلار خىتاينىڭ ۋەھشىلىكلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ» دەپ ئېلىنغان بولۇپ، مۇقاۋا سۈرىتىگە رابىيە قادىر خانىمنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى ئالدىدا تارتىلغان رەسىمى كىرگۈزۈلگەن. كىتاب جەمئىي 220 بەت بولۇپ، 6 بابتىن تەشكىل تاپقان. كىتابتا ئاساسلىقى، رابىيە قادىر خانىم ھەم ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى تەسۋىرلىنىش بىلەن بىرگە د ئۇ ق ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىدىن دولقۇن ئىيسا، ئابلىمىت تۇرسۇن قاتارلىق بىر قىسىم پائالىيەتچىلىرىنىڭ چەت ئەللەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇش ھەرىكەتلىرى ھەمدە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. رابىيە قادىر خانىمنىڭ 11 ـ ئايدا ياپونىيەدە ئېلىپ بارىدىغان زىيارىتىدىن 2 ھەپتە ئىلگىرى بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ياپونىيەدە كەڭ تونۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر ۋەقە بولدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1193323584&mid= ـ 2139923529

♦ 10 ـ ئاينىڭ 24 – كۈنى د ئۇ ق نىڭ ئەنگلىيە ۋاكالەتچىسى ئەنۋەر توختى ئەپەندى Press TV قانىلىنىڭ «سوئاللار ۋە ئادالەت» تېمىسىدىكى مەخسۇس پروگراممىسىغا قاتناشتى. ئۇ ت ۋ رىياسەتچىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى، ئېكىلوگىيىلىك ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. ئۇ بۇ ت ۋ پروگراممىسىدىن پايدىلىنىپ خەلقئارا جامائەتچىلىكنى خىتايغا يۈتكەپ كېتىلىۋاتقان ئۇيغۇر قىزلىرى مەسىلىسىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىردى.

♦ بېيجىڭ ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش خەلقئارا ھەرىكىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى لوندوندا، بېيجىڭ 2008 ئولىمپىككە قارشى نامايىش بولۇپ ئۆتتى. بۇ نامايىشقا د ئۇ ق نىڭ ئەنگلىيە ۋاكالەتچىسى ئەنۋەر توختى رىياسەتچىلىكىدە ئۇيغۇرلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. نامايىشتا ئەنۋەر توختى سۆز قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نېمىشقا بېيجىڭ 2008 ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

♦ رابىيە خانىم رىياسەتچىلىكىدە سىدىق ھاجى روزى، ئەسقەرجانلاردىن تەركىب تاپقان د ئۇ ق ئۆمىكى، خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۇلرىچ دەلىئۇس ئەپەندى بىلەن بىرگە 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بېرلىندا، گېرمانىيە باش مىنىستىرى ئانگەلا مەركەل

خانىمنىڭ باش مەسلىھەتچىسى دوكتور چرىستوپھ ھەئۇسگەن ئەپەندى ۋە گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاسىيا ئىشلىرى مەسئۇلى روتھ خانىم بىلەن مەخسۇس سۆھبەت ئېلىپ باردى. ئىككى سائەت داۋام قىلغان سۆھبەت جەريانىدا رابىيە خانىم شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمى ۋەزىيەت ۋە يېقىنقى ئەھۋاللار ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. شۇنداقلا گېرمانىيە ھۆكۈمىتىدىن خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى مۇھىم مەسىلىلەر قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويۇشىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىشىنى، ئۇيغۇر مەسىلىسىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلدى. سۆھبەتتە يەنە ئەسقەرجان ئەپەندى، د ئۇ ق ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى، پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى. دوكتور چرىستوپھ ئەپەندى، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە جىددىي مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

♦ قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئىتتىپاقى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئومۇمى قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزدى. قىرغىزىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن سايلام بىلەن كەلگەن 500 گە يېقىن ۋەكىللەر، دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرىنى سايلاپ چىقتى. دىلمۇرات ئەكبەروۋ ئەپەندى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئاۋازىنى ئېلىپ «ئىتتىپاق»نىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن د ئۇ ق رەئىسى رابىيە خانىم مەخسۇس تەبرىك خېتى يوللاپ دىلمۇرات ئەكبەروۋنىڭ رەئىسلىككە سايلانغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە دىلمۇرات ئەكبەروۋ رەئىسلىكىدىكى «ئىتتىپاق» تەشكىلاتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئۇتۇق تىلىدى. قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئىتتىپاقى قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر ۋەكىللىك ئورگىنى بولۇپ، د ئۇ ق تەشكىل قىلغان ئاساسلىق تەشكىلاتلاردىن بىرى.

♦ 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاي كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە بولغان دىققىتى كۈچەيدى. ئايالالار ۋە باللار ئەتكەسچىلىكى، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ياتىدىغان ئېغىر قىلمىش بولۇپ، ئامېرىكا خىتاينى 2007 ـ يىلى ئادەم ئەتكەسچىلىكىدە كۆزىتىلىدىغان دۆلەتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى 31 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئىسپات بېرىش يىغىنى چاقىرىپ، خىتايدىكى ئادەم ئەتكەسچىلىكى توغرىسىدا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، «خەلقئارا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى»، «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» قاتارلىق ئورگان ۋە تەشكىلاتلارنىڭ بۇ مەسىلىدىكى پىكرىنى ئالدى. گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىغا قاتناشقان رابىيە قادىر خانىم، يىغىندا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكىلىۋاتقان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات بېرىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارشى 11 تۈرلۈك ئۇسۇلدا ئېتنىك تازىلاش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. يىغىندا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئادەم ئەتكەسچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى Mark Léygon، خىتاينى خەلقئارا ئادەم ئەتكەسچىلىك سودىسىنىڭ ئۆتكۈنچى بېكىتى ۋە نىشانى بولۇپلا قالماي، ئادەم ئەتكەسچىلىك سودىسىنىڭ مەنبەسى، دەپ كۆرسەتتى. يەنە يىغىندا سۆز قىلغان ئامېرىكا ئاۋام پالاتا ئەزالىرىدىن Christopher Thimet خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش

سىياستىنى پەۋقۇلئاددە ئېغىر، دەپ كۆرسەتتى ۋە خىتاي ئۇيغۇرلارغا «ئىرقىي تازىلاش» سىياستى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىنى، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەش سىياستى كەڭ كۆلەملىك «ئىرقىي تازىلاش» نىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

♦ «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» ياپونىيە شۆبىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، رابىيە قادىر خانىم، 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە ياپونىيىدە زىيارەتتە بولدى. رابىيە قادىر خانىم ياپونىيىدىكى زىيارىتى داۋامىدا 8 شەھەردە 20 قېتىمدىن ئارتۇق ئوچۇق نۇتۇق سۆزلەش بىلەن بىرگە، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈش، ياپونىيە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە سودا ـ سانائەتچىلەر بىلەن ئۇچرىشىش قاتارلىق بىر قاتار زور پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

2007 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ 9 ـ كۈنلىرى رابىيە قادىر خانىم ياپونىيىنىڭ پايتەختى توكيودا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئېچىپ كيوتو ئاخبارات ئاگېنتلىقى، ئاساھى گېزىتى، توكيو گېزىتى، جۇڭۋە رادىئوسى، جىجى ئاخبارات ئاگېنتلىقى، ت ب س تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «سانكەئى گېزىتى»، «مائىنىچى گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىغا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىدى ۋە مۇخبىرلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سائەت 15:30دىن 16:00 گىچە توكيو پۇقرالىرىغا نۇتۇق سۆزلىدى. ھاۋا شارائىتى ئىنتايىن ناچار، قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان بولسىمۇ رابىيە خانىمنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاشقا كەلگەن ياپونلۇقلارنىڭ سانى بىر قانچە يۈزدىن ئېشىپ كەتتى.

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سائەت 19:00 دىن 21:00 گىچە تانابە شەھىرىدىكى پۇقرالارغا نۇتۇق سۆزلىدى ۋە ت ب س تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرىنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سائەت 16:45 ـ 18:15 دە كوبە گاكۇئەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىدى. 300 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار رابىيە خانىمنىڭ نۇتقىنى ئىنتايىن ھەۋەس بىلەن ئاڭلىدى.

11 ـ ئاينىڭ15 ـ كۈنى سائەت 18:30 ـ 20:30 دە كۇراشىكى شەھىرىدە پۇقرالارغا نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ پائالىيەتكە نۇرغۇنلىغان پۇقرالار بىلەن كۆپ ساندا مەتبۇئات خادىملىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ17 ـ كۈنى سائەت 13:30 ـ 16:00 دە ماتسۇئە شەھىرىدە پۇقرالارغا نۇتۇق سۆزلىدى.

11 ـ ئاينىڭ18 ـ كۈنى سائەت 14:30 ـ 16:30 دە ياماگۇچى شەھىرىدە پۇقرالارغا نۇتۇق سۆزلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئوساكا شەھىرىدە، كېيىنكى 10 كۈنلۈك پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇزاكىرىگە قاتناشتى.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سائەت 10:30 ـ 11:00 دە ئوساكا شەھىرىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نۇتۇق سۆزلەپ ئۇلار بىلەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ كۈنى سائەت 18:00 ـ 18:30 دە ئوساكا شەھىرىدە يەرلىك تېلېۋىزيە ئىستانسىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن كېيىن سائەت 18:30 ـ 20:30 دە ئوساكا شەھىرىدە ئومۇمى خەلققە نۇتۇق سۆزلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ياپونلۇقلارنىڭ نەزىرىدىكى يىپەك يولنىڭ شەرقىي تۈگۈنى نارا شەھىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سائەت 18:30 ـ 20:30 دە ساپپورو شەھىرىدە ئاممىغا نۇتۇق سۆزلىدى.

11 ـ ئاينىڭ25 ـ كۈنى سائەت 15:00 ـ 17:00 دە نىئىگاتا شەھىرىدە پۇقرالارغا نۇتۇق سۆزلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سائەت 19:00 ـ 20:30 دە توكيودا دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۇلار يىللاردىن بۇيان تىبەت مەسىلىسىنى ئاكتىپ قوللاپ كەلگەن ئەربابلار بولۇپ، رابىيە خانىمنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى.

2007 ـ يىلى11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سائەت 15:00 ـ 16:00 دە توكيودا ياپونىيە كوممۇنىست پارتىيەسى ئەزالىرى بىلەن سۆھبەتتە بولدى. ئۇلارغا خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان جىنايەتلىرى ھەققىدە پاكىتلىق مەلۇماتلارنى تەقدىم قىلدى. 18:00 ـ 20:00 دە توكيودا تەئىكوكۇ شىركىتى قاتارلىق بىر قىسىم دەرىجىدىن چوڭ شىركەت خوجايىنلىرىنىڭ رابىيە خانىمنىڭ شەرىپىگە بەرگەن زىياپىتىگە قاتنىشىپ، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بەردى.

11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سائەت 11:00 ـ 12:30 دە توكيودا ھاكىمىيەتتىكى ئەركىن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي ئەربابلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سائەت 14:00 ـ 15:20 دە توكيودا ياپون تېلېۋىزيەسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، سائەت 16:00 ـ 17:30 دە توكيودا ياپونىيە پارلامېنت ئەزالىرىغا نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ پائالىيەتكە ياپونىيە پارلامېنتىنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم مىنىستىرلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. پارلامېنتىدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن سائەت 19:00 ـ 21:00 دە توكيودا پېشقەدەم كارخانىچىلار بىلەن سۆھبەتتە بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى توكيودا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ مەتبۇئات يىغىنىغا ياپونىيىدىكى ئەڭ چوڭ گېزىت ۋە ژۇرناللاردىن بولۇپ ھېسابلانغان «ئاساھى» ھەپتىلىك ژۇرنىلى، «يومىئۇرى گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرلىرى ئىشتىراك قىلدى.

رابىيە خانىمنىڭ ياپونىيە زىيارىتى ياپونىيە مەتبۇئاتىنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىغان قىزىق تېما بولدى. ياپونىيىنىڭ ئاساسلىق چوڭ مەتبۇئاتلىرىدىن «كيودو» ئاخبارات ئاگېنتلىقى، ئاساھى گېزىتى، توكيو گېزىتى، جىجى ئاخبارات ئاگېنتلىقى، يومىئۇرى گېزىتى، سانكەئى گېزىتى، مائىنىچى گېزىتى، ت ب س تېلېۋىزىيىسى قاتارلىق 50 دىن ئارتۇق مەتبۇئات رابىيە خانىمنى ئايرىم ـ ئايرىم زىيارەت قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەچتە ت ب س تېلېۋىزىيىسى مەخسۇس ئۇيغۇر مەسىلىسى ۋە رابىيە خانىمنىڭ ياپونىيە زىيارىتى توغرىسىدا تارقاتقان ھۆججەتلىك فىلىمى ياپونىيىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

رابىيە خانىم ياپونىيىدىكى زىيارىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ياپونىيىدىن ئايرىلدى.

♦ د ئۇ ق نىڭ مەركەزدىكى بىر قىسىم رەھبەرلىرى شۋېتسىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە كۈرەش كۆسەننى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە شۋېتسىيەدە بولۇش جەريانىدا، بىر قىسىم خەلقئارا تەشكىلات ۋە مەتبۇئات خادىملىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئېلىپ باردى.

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا، باياناتچى دىلشات رېشىت، شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىلەر شۋېتسىيە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت جەريانىدا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى مەدىلاي، باياناتچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، 2 سائەتكە يېقىن مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. دولقۇن ئىيسا ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە د ئۇ ق نىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى ۋە سوئاللارغا جاۋاب بەردى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ خادىملىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ۋە ئېلىپ بارماقچى بولغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID= ـ 1136401327

11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دولقۇن ئىيسا، ياشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بەختىيار شەمسىددىن، قەيسەر ئەپەندىلەر شۋېتسىيەنىڭ ئەسكىلستۇنا، كۇررەن گېزىتىنىڭ مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. بۇ گېزىتتە 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «بېيجىڭ تەرىپىدىن تېررورىست تامغىسى ئۇرۇلغانلار» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID= ـ 464713539

♦ دولقۇن ئىيسا ئەپەندى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى رەئىس رابىيە خانىم نامىدىن شۋېتسارىيە مۇھاجىرلار ئىدارىسى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە مەركىزى شۋېتسارىيەدىكى خەلقئارا

تەشكىلاتلارغا ئايرىم ـ ئايرىم خەت يوللاپ، شىۋىتسارىيەدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسىنىڭ تېزرەك ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداقلا بۇ ئورۇنلارنىڭ بىر قىسمىدىن ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسىگە جىددىي كۆڭۈل بولىدىغانلىقى ھەققىدە جاۋاب خېتى تاپشۇرۇپ ئالدى.

♦ خىتاي ھۆكۈمىتى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەردە ئابدۇۋەلى ئەمىن قاتارلىق 6 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋەھشىي يۈزىنى دۇنياغا يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن د ئۇ ق 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، 11 ـ ئاينىڭ 13 ۋە 14 ـ كۈنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قانۇنسىز قىلمىشىنى ئەيىبلىدى.

♦ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۈنى بولغان 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىنى د ئۇ ق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ جۇمھۇرىيەت كۈنى دەپ ئېلان قىلىپ، ھەر يىلى جۇمھۇرىيەت كۈنىدە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ئىدى. د ئۇ ق نىڭ بۇ تەشەببۇسىغا ئاساسەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جۇمھۇرىيەت بايرىمىمىز ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن تەبرىكلەندى.

## گېرمانىيە

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى مىيۇنخېندا شەرقىي تۈركىستانلىقلار د ئۇ ق ئىشخانىسىدا جەم بولۇپ، جۇمھۇرىيەت بايرىمىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. پائالىيەت جەريانىدا ئىچكى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇلجېلىل ئەمەت 1933 ـ يىلىدىكى جۇمھۇرىيىتىمىز ھەققىدە، تۇرسۇن مۇھەممەد ئەپەندىلەر 1944 ـ يىلىدىكى جۇمھۇرىيەت ھەققىدە ۋەتەنداشلارغا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى فرانكفورت ئەتراپىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆز ئارا جەم بولۇپ جۇمھۇرىيەت بايرىمىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

## ئامېرىكا

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى د ئۇ ق ۋە ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئامېرىكىنىڭ فائىر فاخ شەھرىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت كۈنىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر دوستلىرى بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. پائالىيەت جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى كۆرسىتىلدى.

## گوللاندىيە

گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى ۋە د ئۇ ق ياشلار كومىتېتىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىشىدە 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گوللاندىيەنىڭ تىلبۇرگ شەھرىدىكى جۇمھۇرىيەت بايرىمىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

## شۋېتسىيە

10 - نويابىر كۈنى شۋېتسىيىنىڭ ستوكھولم شەھىرىدە شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى خاتىرىلەش ۋە مەرھۇم كۆرەش كۆسەننى ئەسلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتكە شۋېتسىيىدىكى ئۇيغۇرلاردىن باشقا گېرمانىيە ۋە گوللاندىيىدىن كەلگەن ئەركىن ئالىپتېكىن، دولقۇن ئىيسا، ئابلىمىت تۇرسۇن، بەختىيار شەمسىددىن قاتارلىق د ئۇ ق نىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى. پائالىيەت تارىختىكى ئىككى جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇش ئۈچۈن ئىسسىق قانلىرىنى بەدەل قىلغان مىليونلىغان شېھىدلىرىمىزنىڭ روھىغا ۋە مەرھۇم كۆرەش سۇلتان ئەپەندىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن باشلاندى. پائالىيەت جەريانىدا جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى، ئاساسى قانۇن قۇرۇلمىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈلدى. ئۇيغۇرلۇق بەدىلى ھەققىدە سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىلدى.

## تۈركىيە

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل، ئەنقەرە، قەيسەرى قاتارلىق شەھەرلىرىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت بايرىمى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن خاتىرىلەندى. شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ـ ھەمكارلىق جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇمھۇرىيەت بايرىمى پائالىيىتىگە تۈركىيە ھۆكۈمەت، پارلامېنت ۋە سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئىشتىراك قىلىش بىلەن بىرگە تۈركىيە باش مىنىستىرى رەجەپ تايىپ ئەردوغان، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئەلى باباجان، مەدەنىيەت مىنىستىرى ئەرتۇغرۇل گۈنەي قاتارلىق كىشىلەر تەبرىك تىلگىراممىسى يوللاپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID= ـ 1888998053

## قىرغىزىستان

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بىشكەكتە، قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت بايرىمىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. پائالىيەتتە 1944 ـ يىلىدىكى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا شاھىت بولغان ۋە مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان غازىلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەققىدىكى خاتىرىلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID= ـ 15161180

## ئاۋسترالىيە

ئاۋسترالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جەنۇبىي ئاۋسترالىيە شتاتىنىڭ پايتەختى ئادېلايد شەھىرىدە، 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت بايرىمى داغدۇغىلىق خاتىرىلەندى. بۇ پائالىيەتكە ئاۋسترالىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىشتىراك قىلدى.

http://www. uygur. org/uygurche/uchur/2007/11_12a. htm

♦ 11 ـ ئاينىڭ 15 – كۈنى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە «تۈركىيىنىڭ كۆڭۈل ۋە تەشەككۇر جەمئىيىتى» تەرىپىدىن خەلقئارالىق كۆرگەزمە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە تۈركىيىدىن ۋە چەت ئەللەردىن بولۇپ جەمئىي 102 ئاممىۋى تەشكىلات ۋە خەلقئارالىق جەمئىيەتلەر ئىشتىراك قىلدى. بۇ كۆرگەزمە پائالىيىتى جەريانىدا يەنە بىر خەلقئارالىق يىغىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، يىغىننىڭ ئېچىلىش مەقسىتى، پەلەستىن خەلقىگە غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈش بولۇپ، يىغىنغا، «خەلقئارالىق قۇددۇس ئۇچرىشىشى» دەپ نام بەرگەن. يىغىنغا تەشكىلات رەھبەرلىرى، دوكتور، پروفېسسورلار، تەتقىقاتچىلار، ئاخباراتچىلار ۋە مۇخبىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2000 نەپەر چەت ئەللىك مېھمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىي 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان بولۇپ، يىغىنغا، د ئۇ ق نەشرىيات – تەشۋىقات مەركىزى مۇدىرى ئابدۇلجېلىل تۇران

ئەپەندى، مۇئاۋىن رەئىس سېيىت تۇمتۇرك ئەپەندى، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. ئابدۇلجېلىل تۇران ئەپەندى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى ئەرەبچە ۋە تۈركچە كىتابلارنى تارقاتتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1195646903

♦ 11 ـ نۆۋەتلىك تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە تۈركىي مىللەتلىرى دوستلۇق، قېرىنداشلىق ۋە ھەمكارلىق قۇرۇلتىيى ئەزەربەيجاننىڭ پايتەختى باكۇدا 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە چاقىرىلدى. بۇ قۇرۇلتايغا مۇستەقىل تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن تۈركىي دۆلەتلەر ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 1500 ئەتراپىدا كىشى قاتناشتى. قۇرۇلتايغا شەرقىي تۈركىستانغا ۋاكالىتەن د ئۇ ق مۇئاۋىن باشلىقى سېيىت تۇمتۇرك ئەپەندى، مۇئاۋىن باش كاتىپ دوكتۇر ئەركىن ئەمەت ئەپەندى، شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى كاتىپى ھامىت كۆكتۈرك ئەپەندى، شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى باشلىقى ئىسمائىل جىنگىز ئەپەندى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن پروفېسسو، دوكتۇر سۇلتان مەھمۇد ئەپەندى، پروفېسسور، دوكتۇر ئالىمجان ئىنايەت ئېپەندى، دوكتۇر ئەركىن ئەكرەم ئەپەندىلەر قاتناشتى. د ئۇ ق ھەيئىتى بۇ قۇرۇلتاي جەريانىدا يەنە تۈركىيە دۆلەت مىنىستىرى سەئىت يازىجى ئوغلۇ، مەدەنىيەت مىنىستىرى ئەرتۇغرۇل گۈناي، تۈركىيە سانائەت مىنىستىرى زەفەر چاغلايان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارغا بوگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. بۇلاردىن باشقا ئەزەربەيجاندىكى، تۈركىستان، ئىولاي، ئەزەربەيجان گېزىتلىرىنى ۋە تېلېۋىزىيەلىرىنى زىيارەت قىلىپ ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1440410248

♦ باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ 21 ـ كۈنلىرى، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھەرقايسى رايونلاردىكى (قىتئەلەردىكى) ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنداقلا گېرمانىيىدىكى 40 تىن ئارتۇق دۆلەتلەرنىڭ باش ئەلچىلىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم خەت ئەۋەتىپ، ئولىمپىك يىغىنى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەردە سوت ئېچىپ ئابدۇۋەلى ئەمىن، مۇختار سېتىۋالدى، قۇربان مامۇت، ئەھمەد رەھمان، ئەمىن ...، پەرھات ياقۇپتىن ئىبارەت 6 نەپەر ياشقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت قانۇنسىز قىلمىشىغا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاي ھۆكۈمىتى جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان، 2008 ـ يىللىق بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىدىغان بارلىق خادىملارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى قاتتىق تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى «مەخپىي بۇيرۇقى»غا ئىنكاس قايتۇرۇپ، دېموكراتىك ئەللەر خەلقلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان بۇ قىلمىشىغا كەسكىن تەدبىر قوللىنىشقا چاقىردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1195815836

♦ 11 ـ ئاينىڭ 22 – كۈنى رابىيە خانىم ئامېرىكىنىڭ «Wall Street Journal» گېزىتىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ پەريادى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ قەشقەردە 6 نەپەر ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ۋەقەسىنى ئەيىبلىدى ھەمدە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئولىمپىك يىغىنىدا كىشىلىك ھوقۇقنى ياخشىلاش توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسىدىلا ئەمەس، 1955 ـ يىلى ئۇيغۇرلارغا بەرگەن ئاپتونومىيە ۋەدىسىدىمۇ تۇرمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=2071057144

♦ 11 ـ ئاينىڭ 25 – كۈنى د ئۇ ق 2007 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گوللاندىيىدە چاقىرىلغان ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا، 2008 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا ئولىمپىك يىغىنىنى بايقۇت قىلىش ۋە خەلقئارادا بېيجىڭ 2008 ئولىمپىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەرخىل پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلىپ، 11 كىشىدىن تەشكىل تاپقان «ئولىمپىك كومىتېتى»نى قۇرۇپ چىققان ئىدى. د ئۇ ق قارارىغا ئاساسەن، 5 ـ ئايدىن ھازىرغىچە نامايىش قىلىش، مەتبۇئات يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇش، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئولىمپىك كومىتېتلىرى، دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىخانىلىرىغا خەت يېزىش، ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش توغرىسىدا تەشۋىقات ۋارىقى بېسىپ تارقىتىش، خەلقئارالىق يىغىنلارغا قاتنىشىپ، مەلۇمات بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن بېيجىڭ 2008 ئولىمپىككە قارشى ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. د ئۇ ق بېيجىڭ 2008 ئولىمپىككە قارشى خەلقئارالىق پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك قانات يايدۇرۇش مەقسىتىدە ئىنگلىز تىلىدا «Boycott 2008 olympic Beijing» ئىنتېرنېت تور بېتىنى 2007 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي يولغا قويدى.

http://www. boycott2008olympics. org

♦ دولقۇن ئىيسا، 11 ـ ئاينىڭ 30 –كۈنى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنلىرى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەتلىرى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن گوللاندىيەگە باردى. بۇ جەرياندا 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گوللاندىيىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى. ئۇچرىشىش جەرياندا دولقۇن ئىيسا د ئۇ ق رەھبەرلىرىنىڭ يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېلىپ بارغان سىياسىي پائالىيەتلىرىدىن ئەتراپلىق مەلۇمات بەردى.

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دولقۇن ئىيسا ئەپەندى ئىتالىيىلىك تەتقىقاتچى Valentina Dinunno خانىم ۋە گېرمانىيىلىك تەتقىقاتچى Jürgen Übener ئەپەندىلەرنى د ئۇ ق ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، د ئۇ ق غا ئائىت سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. Valentina Dinunno خانىم ۋە Jürgen Übener ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە مەخسۇس بىرلەشمە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، يېقىن بىر تارىختا ئۇيغۇرلار ھەققىدە

بىر كىتاب نەشر قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرمەكتە ئىكەن. ئۇلار شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىپ بىر قاتار تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان.

♦ تۈركىيىنىڭ قەيسەرى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى ئوسمان گۈنەش ئەپەندى تۈركىيىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن، 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قەيسەرىدە بىر ۋىدالىشىش زىياپىتى بەرگەن بولۇپ، بۇ زىياپەتكە 500 يېقىن مېھمان تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. بۇ زىياپەتكە شەھەر باشلىقلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى باشلىقى سېيىت تۈمتۈرك باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا شەرقىي تۈركىستان ھەيئىتىمۇ تەكلىپ بىلەن ئىشتىراك قىلدى. زىياپەتتە سۆز قىلغان سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، ئوسمان گۈنەش ئەپەندىنىڭ قەيسەرى ۋالىسى بولۇپ خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئۇيغۇرلارغا قىلغان ياردىمىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىپ ئۇيغۇر مىللىي قىياپىتى گەۋدىلەنگەن تون كىيگۈزدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1196964645

♦ 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى رابىيە قادىر خانىم، مۇھەممەد ئەمىن ئەلا ئەپەندى ياۋروپا كومىسسىيىسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر قىسىم ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتە رابىيە قادىر خانىم ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياۋروپا كومىسسىيىسىدىن خىتاي بىلەن بولغان ھەرقانداق شەكىلدىكى رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي ئۇچرىشىشلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى چوقۇم ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەكلىكىنى جىددىي تەكىتلىدى.

♦ رابىيە قادىر خانىم، ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ۋاكالەتچى رەئىسى ئەنۋەرجان، ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى مۇھەممەد ئەمىن ئەلا ئەپەندىلەر 6 ـ 8 ـ دېكابىر كۈنلىرى ياۋروپا پارلامېنتىدىكى لىبېرال ۋە دېموكراتلار ئىتتىپاقى ۋە Transnational Radical پارتىيىسىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا رابىيە خانىم، ئەنۋەرجان ئەپەندىلەر مەخسۇس سۆز قىلىپ شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەردى. ئۇلار بۇ قېتىمقى يىغىن جەريانىدا يەنە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى، ياۋروپا پارلامېنتىدىكى سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى، دىپلوماتلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشۈپ ئۇلارغا ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي مەسىلىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1197304781

♦ 12ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى رابىيە قادىر خانىم فرانسىيە ـ گېرمانىيە باشقۇرۇشىدىكى مەدەنىيەت تېلېۋىزىيە قانىلى بولغان ARTE نىڭ «دۇنيادىكى يۈز مەشھۇر ئايال» پروگراممىسىنىڭ تېلېۋىزىيە زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. زىيارەت جەريانىدا رابىيە قادىر خانىم ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئۇيغۇر

خەلقىنىڭ ئەللىك نەچچە يىلدىن بېرى خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تارتىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە قانچىلىك دەرىجىدە خورلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەركىنلىككە نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بەردى.

♦ 12 - ئاينىڭ 10 – كۈنى تىبەتنى ھىمايە قىلىش تەشكىلاتى تەرىپىدىن ھامبۇرگ شەھىرىدە خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن داغدۇغىلىق نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. نامايىشقا تىبەتنى ھىمايە قىلغۇچىلار ۋە خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، نامايىشقا مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان ئەپەندى مېيۇنخېندىن بېرىپ قاتناشتى ۋە نامايىشتا سۆز قىلىپ، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. نامايىش جەريانىدا نامايىشچىلار خىتاي كونسۇلخانىسىغا، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن سىياسىي تۇتقۇنلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بىر ئۇچۇق خەت تاپشۇردى.

http://www. tibet - hamburg. de/proj_akt. html

♦ 10 - دېكابىر خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئەنقەرە شەھىرىدە «ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دېموكراتىيىگە بولغان تەسىرى» ماۋزۇلۇق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. بۇ يىغىنغا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى، ئۇكرائىنا، گرېتسىيە، بۇلغارىيە، ئافغانىستان قاتارلىق 17 دۆلەتتىن كەلگەن ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى مەسئۇللىرى ۋە ئىنسان ھەقلىرى پالىيەتچىلىرى قاتناشتى، 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە داۋام قىلغان بۇ يىغىنغا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن د ئۇ ق نىڭ قىرغىزىستان ۋەكىلى، قىرغىزىستان دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى تۇرسۇن ئىسلام ئەپەندى بىلەن د ئۇ ق مۇئاۋىن باش كاتىپى دوكتۇر ئەركىن ئەمەت ئەپەندىلەر قاتناشتى. تۇرسۇن ئىسلام ئەپەندى يىغىندا تېررورىزم ۋە دېموكراتىيە تېمىسىدا، دوكتۇر ئەركىن ئەمەت ئەپەندى بولسا، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ دۇنيادىكى ۋەزىيىتى تېمىسىدا سۆز قىلدى. تۇرسۇن ئىسلام سۆزىدە ئۇيغۇر دىيارىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئۇيغۇرلار دۇچار بولۇۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىلىرى ئۈستىدە توختالدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID= - 1518457180

♦ بېلگىيە سەپىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان رابىيە قادىر خانىم، مۇھەممەد ئەمىن ئەلا ئەپەندى بىلەن بىرگە 10 - دېكابىر كۈنى شىۋېتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھىرىگە كېلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيىسىدىكى تەن جازاسى بويىچە ئالاھىدە تەكشۈرگۈچى Manfred Nowak ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش داۋامىدا، Nowak ئەپەندى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي تۈرمىلىرىنى تەكشۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ۋە تۈرمىلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئالدىنقى قېتىم خانىم بىلەن كۆرۈشكەندە ئېيتىپ بەرگەن ئەھۋاللار بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ۋە ھەتتا تېخىمۇ ناچارلاشقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ خىتاي تۈرمىلىرىدىكى ئۇيغۇر مەھبۇسلىرىنىڭ تەن جازاسىغا ئۇچراش مەسىلىسىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى

ۋە بۇ مەسىلە بويىچە ب د ت تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسىگە بىر پارچە دوكلات ھازىرلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

♦ 11 ـ دېكابىر كۈنى رابىيە قادىر خانىم جەنۋەدە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك بۆلۈمىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش داۋامىدا، رابىيە قادىر خانىم ئۇلارغا ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان دىنىي ئەركىنلىكنىڭ ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2007 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتىنى ئومۇميۈزلۈك يىغىۋالغانلىقىنى بۇنىڭ بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەج قىلىشىنى توسۇشنى مەقسەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېخىمۇ مۇھىمى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت ئەركىنلىكىنى ئېغىر بوغۇۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 12 – كۈنى د ئۇ ق، 1985 ـ يىلى 12 ـ دېكابىر كۈنى يۈز بەرگەن شەرقىي تۈركىستاندىكى دېموكراتىك ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ 22 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 12 ـ دېكابىر كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، ياشلىرىمىزنى 12 ـ دېكابىر ھەرىكىتىنىڭ تارىخى جەريانلىرىنى ياخشى ئۆگىنىشكە، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىشقا ۋە ئۇنى خاتىرىلەشكە چاقىردى. 1985 ـ يىلى 12 ـ دېكابىردا يۈز بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ دېموكراتىك ھەرىكەت بولۇپ، 15 مىڭدىن ئارتۇق ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/pressrelease. asp?ItemID=133908158

♦ 12ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى رابىيە قادىر خانىم جەنۋەدە خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ خادىملىرى بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتە رابىيە قادىر خانىم نۇقتىلىق قىلىپ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۆز يېرىدە ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەنمەستىن ئەكسىچە خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە مەجبۇرىي يوسۇندا ئېلىپ كېتىلىپ، ئىنتايىن ناچار ئەمگەك مۇھىتىدا ناھايىتى ئاز مائاش بىلەن قول ئەمگىكىگە سېلىنىۋاتقانلىقىنى ماددىي پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ، جۈملىدىن شەخسلەرنىڭ ئەمگەك ھوقۇقىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى قىلىدىغان مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ ھېلىھەم مەجبۇرىي ھاشار ئەمگىكىگە سېلىنىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەك ھوقۇقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا دەپسەندە قىلىش دەپ كۆرسەتتى. ئۇ ئۆز سۆزىدە يەنە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ئىشسىزلىق، ئىش ئورنىدا كەمسىتىش ۋە ئىش ھەققىدىكى ئادالەتسىزلىكلەرنىمۇ كۆرسىتىپ، بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىغا كەلتۈرۈۋاتقان ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلىرىنى تەكىتلىدى.

♦ 14 ـ دېكابىر رابىيە قادىر خانىم ب د ت نىڭ مۇھاجىرلار كومىسسارلىقىنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش داۋامىدا رابىيە قادىر خانىم ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خىتاينىڭ يېقىن قوشنىلىرى بولغان پاكىستان ۋە ئافغانىستان ۋە ھەتتا سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە

قېچىپ چىققان ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئۇ دۆلەتلەر تەرىپىدىن خىتاينىڭ بېسىمى بىلەن خىتايغا قايتۇرۇلۇپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە خىتايغا قايتۇرۇلغان بۇ پائالىيەتچىلەرنىڭ كۆپىنىڭ ئۆلۈم جازاسى ياكى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىۋاتقانلىقىنى پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. رابىيە قادىر خانىم ئۆز سۆزىدە يەنە خىتاينىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى مەزكۇر تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ چېگرىسى ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىغان رايونلاردىكى ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىنى باستۇرۇشتىكى كوزىر قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 14 – كۈنى رابىيە خانىمنىڭ تۈرمىدىكى ئوغلى ئابدۇلھېكىم ۋە ئالىملار قولغان ئېلىنغاندىن بۇيان ئۇلارنى تۇنجى قېتىم، 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى دادىسى ئابدۇرەھىم توختى بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنغان ئىدى. كۆرۈشۈش جەريانىدا ئابدۇلھېكىم ئۆز دادىسىنى تونىيالمىغان. ھەر ئىككىسىنىڭ سالامەتلىكى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، تەن جازاسىغا ئۇچرىغانلىقى ئېنىق مەلۇم بولغان. د ئۇ ق بۇ ھادىسىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ خەلقئارا تەشكىلاتلار، پارلامېنتلارغا مەلۇمات يوللاپ، ئۇلارنى بۇ ھادىسىدىن خەۋەردار قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھادىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىپ رابىيە خانىمنىڭ بالىلىرىنى قويۇپ بېرىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

د ئۇ ق يېقىن ئالاقە قىلىپ كېلىۋاتقان خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى، خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتى، ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، چېگرىسىز ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى، ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشى، ياۋروپا پارلامېنتى، گېرمانىيە پارلامېنتى، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورگانلارغا ئابدۇلھېكىم ۋە ئالىملارنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە خەت يېزىپ ئۇلارنى خەۋەردار قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. نەتىجىدە ئۇلار بۇ ھادىسە ھەققىدە جىددىي ھەرىكەت قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىم ۋە ئابلدۇلھېكىملارنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ھەرىكەت قوزغىدى.

♦ گېرمانىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى Volker Beck ئەپەندى، 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گېرمانىيە پارلامېنتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا (پۈتۈن ئەزالىرىغا) خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەخسۇس نۇتۇق سۆزلىدى ۋە نۇتقىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنىڭ بالىلىرىنىڭ دەرھال قويۇپ بېرىلىشى، داۋالىنىشىغا رۇخسەت قىلىنىشى كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيە پارلامېنتى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بۇ مەسىلە ھەققىدە جىددىي سۆزلىشىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. گېرمانىيە پارلامېنتىنىڭ Volker Beck Marieluise Beck, Dr. Uschi Eid, Thilo Hoppe, Ute Koczy, Kerstin Müller, Winfried Nachtwei, Ümid Nouripour, Claudia Roth, Rainder Steenblock, Jürgen Trittin، قاتارلىق 11 نەپەر ئەزاسىنىڭ ئىمزاسى بىلەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە 16 ماددىلىق قارار لايىھىسى گېرمانىيە پارلامېنتىغا سۇنۇلدى.

http://dip. bundestag. de/btd/16/074/1607411. pdf

♦ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى 18 ـ دېكابىر كۈنى ياۋروپا پارلامېنتىدا، كېلەر يىلى ئاۋغۇستتا خىتايدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدىن ئىلگىرى خىتاينىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى  بويىچە دوكلات بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ياۋروپادىكى 12 كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى،  ساھاروۋ مۇكاپاتىنى ساھىبلىرى، ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى ۋە د ئۇ ق نىڭ ۋەكىلى بولۇپ كۆپ ساندا كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى، سىياسەتچىلەر قاتناشتى. يىغىنغا يەنە ياۋروپا پارلامېنتى بېرىدىغان ساھاروۋ مۇكاپاتى ساھىپلىرىدىن  ,Wey Jingsheng ,Dom Zaxarias Kamwenho، چېگرىسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتىنىڭ خادىمى Oliver Bazel قاتارلىقلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ساھاروۋ مۇكاپاتى ساھىبلىرى  ئۆزلىرىنىڭ خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە ئەركىنلىك ئىزدىگۈچىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ خىتاي كوممۇنىست دىكتاتورلۇقىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. يىغىندا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان د ئۇ ق نىڭ ياۋروپا بىرلىكىدىكى ۋەكىلى مۇھەممەد ئەمىن ئەلا ئەپەندى «خىتاينىڭ ئاسارىتىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. مەزكۇر دوكلاتتا خىتايلارنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ چەت ئەللەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرىنى ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنى قارىلاۋاتقانلىقىنى تەنقىد قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1198176616

♦ 12 ـ ئاينىڭ 23 – كۈنى مىيۇنخېندە، د ئۇ ق ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ ساھىپخانلىقىدا قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 300 گە يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىق ئىشتىراك قىلدى. دولقۇن ئىيسا ئەپەندى، پائالىيەت ئېچىلىش نۇتقى سۆزلەپ، د ئۇ ق، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى نامىدىن بارلىق ۋەتەنداشلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئورۇنلىشىدىكى ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرى ئۇنتۇلغۇسىز، ھاياجانلىق كەيپىيات ياراتتى. ئالپتېكىن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن، دەرسلەرگە ۋە پائالىيەتلەرگە ئۈزلۈكسىز قاتنىشىپ ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان 35 ئوقۇغۇچىغا ھېيتلىق مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلدى. پائالىيەت جەريانىدا ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسۇلى، مۇزىكىلىرى، چاقچاق ـ لەتىپىلەر ۋە شېئىر دېكلىماتسىيە قاتارلىق ھەر خىل شەكىلدىكى سەنئەت نومۇرلىرى ئورۇنلىنىپ ئىنتايىن خۇشال كەيپىيات بارلىققا كەلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/Events. asp?ItemID= - 1072097500&mid=1207551763

# 2008 ـ يىلى

تۈركىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى، 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ شۆبىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ مۇراسىمغا زەيتىنبۇرنۇ رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى مۇرات ئايدىن ئەپەندى كېلىپ تەبرىك سۆزى قىلدى. مۇئاۋىن رەئىسى سەيىت تۈمتۈرك ئەپەندى ئېچىلىش مۇراسىمغا قاتنىشىپ د ئۇ ق پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

http://www. gokbayrak. com/türkistan. asp?inc=haberdetay&numara=942

♦ مۇئاۋىن رەئىس سىيىت تۈمتۈرك ئەپەندى، تەپتىش ھەيئەت ئەزاسى خەيرۇللاھ ئەپەندى، ياشلار كومىتېتى تۈركىيە ۋەكىلى ئابدۇللاھ تۇرسۇن، مۇئاۋىن باش كاتىپ دوكتۇر ئەركىن ئەمەت ۋە شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى باشلىقى ئابدۇلھېكىم ھاجى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ھەيئەت 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ 8 كۈنلىرى تۈركىيە پارلامېنتىنى زىيارەت قىلىپ تۈركىيە باش مىنىستىرى رەجەپ تايىپ ئەردوغان، باش مىنىستىر باش مەسلىھەتچىسى ۋە تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ سابىق رەئىسى بۈلەنت ئارىنچ ۋە كۆپ ساندا پارلامېنت ئەزالىرى، سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بوگۈنكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ۋە تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىرىنى ئاڭلاتقاندىن باشقا، د ئۇ ق نىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. بۈلەنت ئارىنچ ئەپەندى ئۆزى پارلامېنت باشلىقلىقى ۋەزىپىسى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە تۈركىيەگە رەسمىي زىيارەتكە كەلگەن خىتاي رەھبەرلىرىگە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى داۋاملىق تۈردە دەپ كەلگەنلىكىنى ۋە خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆزىنى 5 قېتىم خىتايغا تەكلىپ قىلغانلىقىنى، ئەمما خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قىلىۋاتقان زۇلۇمىغا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىتايغا بارمىغانلىقىنى ئېيتتى.

♦ 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى گېرمانىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتىنىڭ 16 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي قۇرۇلتىيى 2008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مىيونخېندە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايدا تەشكىلاتنىڭ يېڭى ئىدارە ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. سايلامغا 150 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋەكىللەر ئىشتىراك قىلدى. سايلامدىن ئىلگىرى، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ سابىق رەئىسى دولقۇن ئىيسا ئەپەندى، 2006 ـ يىلدىن 2008 ـ يىلغىچە بولغان ئىككى يىل مابەينىدە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق دوكلات بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، تەشكىلاتنىڭ مالىيە ئىشلىرى مەسئۇلى ئۈمىد تۇرسۇن ئەپەندى ئىككى يىللىق مالىيە دوكلاتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. سايلام دېموكراتىك پرىنسىپلار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى. دولقۇن ئىيسا ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق رەئىسلىككە سايلاندى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1006321268&mid= ـ 2139923529

♦ 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى گوللاندىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە يۇملاق ئۈستەل يىغىنى ئېچىلدى. «بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ۋە خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى» تېمىسىدىكى بۇ يىغىنغا گوللاندىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە گوللاندىيە ئولىمپىك كومىتېتى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەرقايسى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى قاتناشتى. ياشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى رەئىسى بەختىيار شەمسىددىن ئەپەندىمۇ تەكلىپ بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقى، خىتاي دۆلىتىنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قىلىندى. ھەرقايسى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى خىتاي دىكتاتور ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايدىكى كىشىلىك ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە دەخلى ـ تەرز قىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەختىيار سەمسىددىن ئەپەندى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئۆتتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1200677628&mid= ـ 2139923529

♦ ياشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى رەئىسى بەختىيار شەمسىددىن ئەپەندى 2008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ كۆلىن شەھرىگە بېرىپ «تۈرك شوۋ» تېلېۋىزىيە قانىلى ئويۇشتۇرغان «خەتەر ئاستىدىكى تۈركى مىللەتلەر» تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە سۆھبەت پروگراممىسىغا قاتناشتى. بۇ پروگراممىغا شەرقىي تۈركىستانلىق، ئىراق، تۈركمەن، ئەزەربەيجان، تۈركىيىدىن كەلگەن تەتقىقاتچى ھەم ۋەكىللەر قاتناشتى. بۇ پروگراممىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى، شۇنىڭدەك، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئېتنىك جەھەتتىن يوقىتىش سىياسىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئاساسلىق مۇلاھىزە قىلىندى. بەختىيار شەمسىددىن ئەپەندىمۇ ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقى، تىل ۋە مەدەنىيىتىمىزنىڭ يوق قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1200944664&mid 2139923529

♦ ئەنگلىيە باش مىنىستىرى برووۋن ئەپەندىنىڭ خىتايدا ئېلىپ بارىدىغان زىيارىتى مۇناسىۋىتى بىلەن، 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى د ئۇ ق باياناتچىسى دىلشات رېشىت تە ئەپوچ تىمە گېزىتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، برووۋن ئەپەندى خىتاي زىيارىتى جەريانىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى بېسىمىنى توختىتىشى ھەققىدە خىتاي رەھبەرلىرىگە بېسىم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

ـ http://news. epochtimes. com/gb/8/1/19/n1983288. htm 1

♦ ئۇيغۇر دەۋاسىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ياردەم قىلغان تۈركىيەدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىگە رەھمەت ئېيتىش مۇناسىۋىتى بىلەن د ئۇ ق تەرىپىدىن ئەنقەرەدە 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۇيغۇر دەۋاسىغا تۆھپە قوشقانلارنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ مۇراسىمغا تۈركىيەدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى، بەزى پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ئەنقەرەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، 200 ئەتراپىدا كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا سابىق پارلامېنت ئەزاسى ئورخان قاۋۇنچۇ، تۈركىيە كادىرلار ئۇيۇشمىسى باشلىقى بىرجان ئاق يىلدىز ئەپەندى، تۈرك ئوجاقلىرى جەمئىيىتى ئاياللار كومىتېتى باشلىقى فىلىز ئاۋشار خانىم، تۈرك دۇنياسى كىشىلىك ھوقۇق جەمئىيىتى باشلىقى ئابدۇللاھ بۇكسۇر ئەپەندى، تۈركىيە كادىرلار ئويۇشمىلىرى بىرلىكى مەسئۇلى ئەھمەد ئاقسۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىن دوستى ئالىي مەتىن ئەپەندى ۋە ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئەنقەرە شۆبىسىگە مۇكاپات بېرىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1201975916

♦ غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 11 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، دولقۇن ئىيسا ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى نامىدىن، 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ غۇلجا ۋەقەسىدە قۇربان بولغانلارنى چوڭقۇر ئەسلەيدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىش بىلەن بىرگە، 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغان نامايىشقا قاتنىشىشقا چاقىرىق قىلدى.

♦ 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە، ئەركىنلىكلىرىنى تەلەپ قىلىپ، تىنچلىق يولى بىلەن نامايىش قىلغان ئۇيغۇر نامايىشچىلار، خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قوراللىق باستۇرۇلۇپ، نەچچە يۈز كىشى ئۆلتۈرۈلگەن، نەچچە مىڭلىغان كىشى تۇتقۇن قىلىنغان ئىدى. بۇ كۈن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر ماتەم كۈنى بولۇپ خاتىرىلىنىپ كەلمەكتە. چەت ئەللەردىكى تەشكىلاتلار ھەر يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى د ئۇ ق نىڭ رەھبەرلىكىدە غۇلجا ۋەقەسىنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارماقتا. 2008 - يىلمۇ د ئۇ ق چاقىرىق ئېلان قىلىپ، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە غۇلجا ۋەقەسىنى خاتىرىلەش ۋە 2008 - ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن نارازىلىق نامايىشلىرى ئۆتكۈزۈشكە سەپەرۋەر قىلغان ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن گېرمانىيە، ئامېرىكا، كانادا، تۈركىيە، فرانسىيە، گوللاندىيە، نورۋېگىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە نارازىلىق نامايىشلىرى ۋە مەتبۇئات يىغىنلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

### گوللاندىيىدە

2008 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى بىلەن ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن گوللاندىيەنىڭ ئامستىردام شەھرىدىكى دام پادىشاھ مەيدانىدا كەڭ كۆلەملىك 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى خاتىرىلەش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا گوللاندىيىدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار،، تۈركلەر، تۈركمەنلەر، گوللاندىيەلىكلەر،

فالۇنگۇڭ ۋەكىللىرى، تەيۋەنلىكلەر، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ئەزالىرى ۋە تىبەتلىكلەر بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID= - 758166003&mid= - 2139923529

**فرانسىيەدە**

3 - فېۋرال يەنى يەكشەنبە كۈنى فرانسىيەدىكى ئۇيغۇرلار سانىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماستىن، پارىژدىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم نامايىش ئۆتكۈزدى. پارىژدىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش پائالىيىتى چۈشتىن كېيىن سائەت 15:00 - 1700 گىچە ئىككى سائەت داۋام قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=670927629&mid= - 2139923529

**نورۋېگىيەدە**

5 - فېۋرال كۈنى نورۋېگىيەنىڭ پايتەختى ئوسلو شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئوسلودىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نورۋېگىيەنىڭ بەرگىن شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار رافتو كىشىلىك ھوقۇق جەمئىيىتىنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىششى بىلەن غۇلجا ۋەقەسىنى خاتىرىلەش، شېھىتلەر ئۈچۈن خاتىرە گۈلى قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1202309820&mid= 2139923529

**كانادادا**

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كانادانىڭ ۋانكوۋېر شەھىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار، ۋانكوۋېردىكى خىتاي كونسۇلى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدى. 18 يىلدىن بېرى ئۇيغۇرلار كېلىپ ياشاشقا باشلىغان كانادانىڭ ۋانكوۋېر شەھىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇنجى قېتىملىق نامايىشى، 2007 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى د ئۇ ق نىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1202319548&mid= 2139923529

**تۈركىيەدە**

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ئەنقەرە شۆبىسىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن ئەنقەرەدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا قەيسەرى، ئىستانبۇل ۋە ئەنقەرەدىن كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن باشقا، تۈرك ئاممىۋى تەشكىلات مەسئۇللىرى، ئەزەربەيجانلىقلار ۋە تۈركمەنلەردىن بولۇپ كۆپ ساندا كىشى قاتناشتى.

♦ 5 ـ فېۋرال چۈشتىن كېيىن غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 11 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىسى تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كەلدى. 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ يېرىمدا تۈركىيە پارلامېنتىدىكى ئومۇمى يىغىندا تۈركىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىسسىيونى مۇئاۋىن باشلىقى مەھمەت ئەكىچى ئەپەندى سۆز ئېلىپ، غۇلجا ۋەقەسى ھەققىدە پارلامېنت ئەزالىرىغا مەلۇمات بەردى. بۇنى ھەرقايسى مىنىستىر ۋە پارلامېنت ئەزالىرىدىن بولۇپ، 500 دىن ئارتۇق كىشى ئاڭلىدى. بۇ زالدا د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى، تەيتىش خەيرۇللاھ ئەپەندى، ياشلار كومىتېتى تۈركىيە ۋەكىلى ئابدۇللاھ تۇرسۇنمۇ بار ئىدى. بۇ نۇتۇق نەق مەيداندىن تۈركىيە دۆلەت تېلېۋىزىيىسى ت ر ت3 قانىلىدىن تارقىتىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID= ـ 1753740617&mid= ـ 2139923529

### گېرمانىيىدە

ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا، 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ باردى. نامايىشقا 150 تىن ئارتۇق كىشى كېلىپ قاتناشتى. بۇ نامايىشتا، غۇلجا ۋەقەسىگە ئائىت مەزمۇنلار ئاساسى سالماقنى ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، خىتاينىڭ 2008 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۆتكۈزمەكچى بولغان بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قارشى تېمىلارمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن سىرت، رابىيە قادىر خانىمنىڭ كىتابلىرى كۆرگەزمە قىلىندى ۋە خىتاي تۈرمىسىدە ئازاب چېكىۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ رەسىملىرى كىشىلەر نەزىرىگە سۇنۇلدى.

♦ مىيۇنخېندىكى بۇ نامايىشتىن باشقا يەنە گېرمانىيىنىڭ فرانكفورت ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، غۇلجا ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن فرانكفورت، بېرلىن، سائاربرۆكېن، كارلسرۇ، كاسسەل، كۇلىن ۋە لەيزىگ قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردە 2 ـ فېۋرالدىن 9 ـ فېۋرال كۈنىگە قەدەر بىر قاتار پائالىيەت ئېلىپ بېرىلدى. پائالىيەت جەريانىدا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ۋە 5 ـ فېۋرال ۋەقەسىگە ئائىت بەزى مەلۇماتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تەشۋىقات ماتېرىياللىرى تارقىتىشنى ئاساس قىلدى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 11 – كۈنى د ئۇ ق ياشلار كومىتېتى مۇدىرى بەختىيار شەمسىددىن ئەپەندى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە گوللاندىيە پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىسسىيونى، دۆلەت مۇداپىئە كومىسسىيونىنىڭ خادىملىرى ۋە «ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە پارتىيىسى» ۋەكىلى ۋان بالەن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاساسلىقى ئۇيغۇر ئاياللىرى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر، بولۇپمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىنى مەجبۇرى ھالدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەش ئەھۋالى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈلدى. ۋان بالەن ئەپەندىم ئۇيغۇرلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى

بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ ۋە 25 ـ كۈنلىرى ئېچىلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق يىغىنلىرىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا بەختىيار شەمسىددىن ئەپەندى تەرىپىدىن خاتىرە بويۇم سۈپىتىدە ۋان بالەن ئەپەندىگە ئۇيغۇر دوپپىسى تەقدىم قىلىندى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1202932418&mid= ـ 2139923529

♦ 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى 1997 ـ يىلى يۈز بەرگەن «5 – فېۋرال» غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 11 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەقسىتىدە، 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۆرۈمچىدە بەخت يولىغا جايلاشقان «بەخت باغچىسى كىچىك ئولتۇراق رايونى» دىكى بىر بىنادا خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا خىتاي ساقچىلىرى باستۇرۇپ كىرىپ، خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىپ بارغانلارنى ئوققا تۇتقان ۋە نەق مەيداندا بىر قانچە كىشى ئۆلگەن. (شاڭگاڭدا چىقىدىغان «شىڭ داۋ گېزىتى» نىڭ ئېلان قىلىشىچە 17 كىشى ئۆلگەن). خىتاي ھۆكۈمىتى تىنچلىق بىلەن خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىپ بارغانلارنى «تېررورىستلار» دېگەن قالپاق بىلەن قارىلاشقا ئۇرۇندى. بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن باش كاتىب دولقۇن ئېيسا دەرھال بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قانلىق قىرغىنچىلىقىنى ئەيىبلىدى. باياناتتا «خىتاي ھاكىمىيىتى، بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا ئۇچراۋاتقان، خەلقئارادا بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىنى بايقۇت قىلىش سادالىرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى باشقا نۇقتىغا بۇراش ئۈچۈن، «ئولىمپىكنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكەتلىرىگە قاراتقان ھۇجۇمنى شىددەت بىلەن ئاشۇرۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئولىمپىكنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسى ھەققىدە سۈنئىي مۇناسىۋەت توقۇپ چىقىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە! ئەمما، دۇنيا جامائەتچىلىكى خىتاينىڭ بۇ ئويۇننى ئاللىبۇرۇن كۆرۈپ يەتتى!» دەپ كۆرسەتتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1203010814&mid= 2139923529

♦ د ئۇ ق رەئىسى رابىيە خانىم، ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئالىم سېيتوف، باش كاتىپ دولقۇن ئېيسا، باش مەسلىھەتچى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىلەردىن تەشكىل تاپقان د ئۇ ق ھەيئىتى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىن 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە، د ئۇ ق ئاۋستىرالىيە ۋاكالەتچىسى ۋە ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى رەئىسى ھۇسەن ھەسەن ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ئاۋستىرالىيەدە زىيارەتتە بولدى. ئۇلار زىيارەت جەريانىدا ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنىي، كامبەرا، ئادىلايد قاتارلىق شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئاۋستىرالىيە پارلامېنتى، ھۆكۈمەت خادىملىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلار، دىپلوماتلار، مەتبۇئات ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىش ئېلىپ باردى. رابىيە خانىم رىياسەتچىلىكىدىكى د ئۇ ق ھەيئىتىنىڭ ئاۋستىرالىيە سەپىرى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر سەپەر بولدى. د ئۇ ق ھەيئىتى تۆۋەندىكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن رابىيە خانىم ئاۋستىرالىيەنىڭ SBS ت ۋ قانىلىنىڭ مۇخبىرى جەنني لاۋەللە خانىمنىڭ بىر سائەتتىن ئارتۇق زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتى، بېيجىڭ ئولىمپىك ۋە ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى ئاۋستىرالىيە زىيارىتىنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سائەت 17.00 دە، د ئۇ ق رەھبەرلىرى ئاۋستىرالىيەدىكى تۈرك مەتبۇئاتىنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاۋستىرالىيەدە چىقىدىغان ۋەتەن گېزىتى، زامان گېزىتى، سىبس رادىئوسى ۋە تۈركىيەنىڭ ئەڭ چوڭ ت ۋ قاناللىرىدىن بىرسى ت ر ت قاتارلىق مەتبۇئاتلارنىڭ مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

♦ سائەت 19.00 دا، سىدني شەھرىدىكى ئاناتولىئا رىستورانىدا، ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى تەرىپىدىن د ئۇ ق ۋەكىللىرى شەرىپىگە كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇراسىمغا سىدنىيدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، ئاۋستىرالىيەلىك ئۇيغۇر دوستلىرى ۋە تۈرك تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، مەتبۇئات خادىملىرى بولۇپ 150 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1203424603&mid= ـ 2139923529

♦ 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەتىگەندە، سىدنىيدىكى ھىلتون ھوتىلىدە رابىيە خانىم سىدنىي ئەتىگەن خەۋەرلىرى گېزىتى (سىدنىي مورنىڭ ھەرالد) نىڭ مۇخبىرى Hamish McDonald ئەپەندىنىڭ 2 سائەتكە يېقىن زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سىدنىي ئەتىگەنلىك خەۋەرلىرى گېزىتىنىڭ زىيارىتىدىن كېيىن، د ئۇ ق ھەيئىتى سىدنى شەھەرلىك ئىلتىجاچىلار ئىدارىسىنى زىيارەت قىلدى. رابىيە خانىم بۇ يەردە ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسىنى ئاساسى تېما قىلغان ھالدا شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي دوكلات بەردى. بۇ دوكلات بېرىش يىغىنىغا سىدنىي شەھەرلىك ئىلتىجاچىلار ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 60 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس ئىشتىراك قىلدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا د ئۇ ق ۋە ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەييارلانغان ئۇيغۇر كىشىلىك ۋەزىيىتىگە ئائىت دوكلات تارقىتىلدى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، د ئۇ ق ۋەكىللەر ئۆمىكى، ئامېرىكىنىڭ سىدنىيدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىنى زىيارەت قىلدى. ئۇلارنى ئامېرىكىنىڭ باش كونسۇلى جۇدىت ر. فەرگىن خانىم كۈتۈۋالدى. بىر سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان سۆھبەتتىن كېيىن د ئۇ ق ۋەكىللىرى بىلەن جۇدىت خانىم خاتىرە رەسىمگە چۈشتى.

ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن، د ئۇ ق ۋەكىللىرى ئاۋستىرالىيە مۇھاجىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ باش مۇستەشارى جوسە ئالۋارەز ئەپەندى ۋە ياردەمچىسى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇچرىشىشتا رابىيە خانىم جوسە ئەپەندىگە ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر ۋەزىيەت ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلدى. جوسە ئەپەندى

ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ۋە قولىدىن كېلىدىغان ياردەملەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1203607857&mid= - 2139923529

♦ 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاۋستىرالىيەنىڭ پايتەختى كامبەرا شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ كامبەرادىكى پائالىيىتى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنى زىيارەت قىلىش بىلەن باشلاندى. ئامېرىكا باش ئەلچىسىنىڭ سىياسىي ئىشلار باش مەسلىھەتچىسى James F.Cole ۋە ئىنسان ھەقلىرى مەسلىھەتچىسى Davies Sohier ئەپەندىلەر رابىيە خانىم ۋە ھەمراھلىرىنى ئىنتايىن قىزغىن كۈتۈۋالدى. رابىيە خانىم ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستان، خىتايدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت ھەققىدە تەپسىلىي دوكلات بېرىش بىلەن بىرگە بېيجىڭ ئولىمپىك ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدىكى ئۇچرىشىش 2 سائەت ئەتراپىدا داۋام قىلدى.

♦ 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن، د ئۇ ق ھەيئىتى ئاۋستىرالىيە پارلامېنتىنى زىيارەت قىلدى. ئۇلارنى مەدەنىيەت مىنىستىرى Lourie Ferguson ۋە سەن قاتارلىق Alexsander Downer ۋە Michael Danby ، Marcolm Turnbull ، Sen Kerry Nettle پارلامېنت ئەزالىرى كۈتۈۋالدى. رابىيە خانىم پارلامېنت ئەزالىرىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئېغىر سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنى، مەدەنىيەت ۋەزىيىتى، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلىلەردىن بىرى بولغان ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتايغا يۆتكەش ئەھۋالى، مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى. پارلامېنت ئەزالىرى، ئۇيغۇرنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە خەۋەردار بولغان بولسىمۇ، ئەمما ۋەزىيەتنىڭ بۇ قەدەر ئېغىرلىقىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى، رابىيە خانىمنىڭ بەرگەن دوكلاتىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر دوكلات بولغانلىقىنى، بۇندىن كېيىن ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ دىققەت قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئىپادە قىلدى. ئۇچرىشىشتىن كېيىن د ئۇ ق ھەيئىتى ساناتور سارىيىنى زىيارەت قىلدى.

كامبەرادىكى پائالىيىتى جەريانىدا يەنە مىسىر ئەلچىخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى، جۈملىدىن دىنىي ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەردى. مىسىردىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسىگە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

♦ مىسىر ئەلچىخانىسىدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن، د ئۇ ق رەھبەرلىرى ئاۋستىرالىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=188085150&mid= - 2139923529

♦ سىدنىي ئەتىگەن خەۋەرلىرى گېزىتى (Sydney Morning Herald) نىڭ 21 - فېۋرالدىكى سانىدا رابىيە خانىمنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى.

♦ ماقالىدا رابىيە خانىمنىڭ تىجارى ھاياتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ۋە بۈگۈنكى ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ماقالىدە رابىيە خانىمنىڭ، «خىتاي بىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىمىز، مىللىي كىملىكىمىز ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزگە، ھەتتا تىل ـ يېزىقىمىزغىچە ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىرىقىدەك مىللىي خاسلىقلىرىدىن ئايرىپ، بۇ مىللەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، تامامەن يوق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلىرىگىمۇ يەر بېرىلگەن. ماقالىدە يەنە رابىيە خانىمنىڭ ھازىر د ئۇ ق نىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقانلىقى، بۇ ۋەزىپىگە سايلىنىپ ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ خىتاينىڭ ئۇنىڭغا قاراتقان ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرىنى، ئۇنىڭ باللىرىنى قاماپ قويۇش، قىيناش ھەتتا ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ يېزىلغان.

♦ د ئۇ ق ھەيئىتىنىڭ ئادېلايىد شەھرىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ، «ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى»نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا San Giogio La Molara Cmmunity Hallda چوڭ تىپتىكى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە 400 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى. زىياپەت جەريانىدا رابىيە خانىم خىتاي تۈرمىسىدىكى زۇلمەتلىك كۈنلەرنى، خىتاي زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن قىلغان پائالىيەتلىرىنى، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خەلقئاراغا تونۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسىي پائالىيەتلىرىنى ۋە بۇندىن كېيىنكى پائالىيەت پىلانلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. رابىيە خانىمدىن كېيىن دولقۇن ئېيسا ئەپەندى د ئۇ ق نىڭ خىزمەتلىرىدىن، ئالىم سېيتوف ئەپەندى ئامېرىكىدىكى پائالىيەتلەر ھەققىدە مەلۇمات بەردى. بۇ پائالىيەت ئاۋستىرالىيەدىكى ئۇيغۇرلارنى د ئۇ ق پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىش، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە بولغان ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش جەھەتتە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەت بولدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1203821041&mid= ـ 2139923529

2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن د ئۇ ق ھەيئىتىنى جەنۇبى ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇراسىم جەنۇبى ئاۋستىرالىيە پارلامېنتىنىڭ زالىدا ئېلىپ بېرىلدى. زىياپەتكە رابىيە خانىم رىياسەتچىلىكىدىكى د ئۇ ق ۋەكىللىرى، ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە شەرقىي تۈركىستانلىق جامائەت بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. جەنۇبى ئاۋستىرالىيە ئادالەت مىنىستىرى Michael Atkensen ئەپەندى سۆز قىلىپ، رابىيە خانىمنىڭ ئاۋستىرالىيەگە يېتىپ كەلگىنىگە كۆپ خۇشال ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ جەنۇبى ئاۋستىرالىيە پارلامېنتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى، ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا رابىيە خانىمغا، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ھەر جەھەتتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جەنۇبى ئاۋستىرالىيە پارلامېنت ئەزاسى Lindsey Simmons خانىم سۆز قىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىغا ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1204211821&mid= ـ 2139923529

26 ـ فېۋرال سەيشەنبە كۈنى د ئۇ ق ھەيئىتى جەنۇبى ئاۋستراليە پارلامېنتى ئەزالىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن جەنۇبى ئاۋستراليە پارلامېنتىنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت جەريانىدا رابىيە خانىم پارلامېنت ئەزالىرىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى ۋە ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەردى. رابىيە خانىم پارلامېنتتا پارلامېنت ئەزالىرى ۋە مىنىستىرلەر بىلەن سۆھبەتتە بولۇۋاتقاندا 300 دىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلار ئۇيغۇرچە ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىيىپ، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ، ھەر خىل شوئارلار يېزىلغان پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈشۈپ پارلامېنت بىناسى ئالدىدا ئاۋستراليە ھۆكۈمىتىگە، پارلامېنتىغا ئۇيغۇر دەۋاسىغا كۆرسەتكەن ياردىمى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىش ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قىرغىنچىلىقلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ھالدا نامايىش ئېلىپ باردى.

26 ـ فېۋرال كەچتە ئادېلايد شەھىرىدىكى ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن رابىيە خانىم بىلەن ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلار ئۇچرىششى ئۆتكۈزۈلدى. رابىيە خانىم ئۇيغۇر ئاياللىرىغا سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىششى ھەققىدە دوكلات بەردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID= ـ 143355606&mid 2139923529

د ئۇ ق ھەيئىتى جەنۇبىي ئاۋستراليەدىكى زىيارىتىنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، 27 ـ فېۋرال كۈنى قايتىدىن سىدنىيغا قايتىپ كېلىپ يېڭى جەنۇبىي ۋەلس شتاتى پارلامېنتىنى زىيارەت قىلدى. رابىيە خانىم پارلامېنتدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئۇچرىغان 60 يىلدىن بۇيانقى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي دوكلات بېرىپ ئۆتتى. پارلامېنت ئەزالىرىدىن Andrew ، Sonia Hornerty ، Host Mrlan Cohen Faser قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا ئاۋستراليە ھۆكۈمىتىدىن شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلدى. پارلامېنت ئەزاسى Host Mrlan Cohen ئەپەندى يېڭى جەنۇبىي ۋەلس شتاتى پارلامېنتىنىڭ 27 ـ فېۋرال كۈندىكى ئومۇمى يىغىنىدا ئۇيغۇرلار ۋە رابىيە خانىم ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدە 8 ماددىلىق قارار لايىھىسىنى پارلامېنتقا سۇندى. د ئۇ ق رەھبەرلىرىنىڭ پارلامېنتتىكى زىيارىتى جەريانىدا كۆپلىگەن مەتبۇئات خادىملىرى رابىيە خانىم بىلەن ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID= ـ 735970112&mid= ـ 2139923529

27 ـ فېۋرال كۈنى چۈشتىن كېيىن، د ئۇ ق ھەيئىتى ئاۋستراليە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىنچلىق فوندىنى زىيارەت قىلدى. رابىيە خانىم بۇ يەردە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىدى.

تىنچلىق فوندى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. تىنچلىق فوندى تەرىپىدىن رابىيە خانىمنىڭ ئۆز ۋەتىنى، خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيەسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا، ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشى ئۈچۈن «تىنچلىق قوغدىغۇچىسى» نامىدىكى مۇكاپاتىنى بەردى.

♦ 28 ـ فېۋرال د ئۇ ق ھەيئىتى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئاۋستىرالىيە شۆبىسىنىڭ پائالىيەت زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئاۋستىرالىيە شۆبىسىنىڭ يىغىن زالىدا 100 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ قاتنىشىشىدا ئېلىپ بېرىلغان مەزكۇر يىغىندا رابىيە خانىم شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە ئىسپاتلىق مەلۇماتلار بىلەن دوكلات بەردى ھەم خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنىغا كۆپ رەھمەت ئېيتتى. يىغىندىن كېيىن رابىيە خانىم ئاۋستىرالىيەدىكى نوپۇزلۇق تېلېۋىزىيە قاناللىرى بولغان س ب س، ئابك، تېلېۋىزىيە قاناللىرى ۋە يېڭى ئەرا گېزىتى قاتارلىق بىر قانچە ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID= ـ 1154191913&mid= ـ 2139923529

♦ 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئىستانبۇل شەھىرىدە، تۈركىيىنىڭ «ياۋروپا ـ ئاسىيا بىر ۋەقفى» «شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەقىقەت»تېمىسىدا يىغىن ئۇيۇشتۇردى. يىغىنغا مۇئاۋىن رەئىس، شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى قاتناشتى، شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەنقەرە شۆبە باشلىقى خەيرۇللاھ ئەپەندى، ئەزەربەيجان جەمئىيىتى مەسئۇللىرى، «ياۋروپا ـ ئاسىيا بىر ۋەقفى» نىڭ مەسئۇل خادىملىرى، تۈركىيە يېشىل ئاي جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، يازغۇچى، پروفېسسورلار بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن يىغىن زالىنىڭ ئالدىدا شەرقىي تۈركىستان تۈرمىلىرىدىكى قىيىن ـ قىستاقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. رەسىملەر يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى. يىغىندا شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلغان 30 مىنۇتلۇق ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسىتىلگەندىن كېيىن «ياۋروپا ـ ئاسىيا بىر ۋەقفى» نىڭ باشلىقى شابان گۈلباھار، سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى سۆز قىلدى ۋە يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1204309531&mid= ـ 2139923529

♦ 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تۈركىيىنىڭ تۋ5 تېلېۋىزىيە قانىلىدا كوسوۋو ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەخسۇس نەق مەيدان پروگراممىسى ئېلىپ بېرىلدى. پروگراممىغا د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى، تۈرك ئاسىيا ئىستراتېگىيە ۋە تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى جانەر سانجاقتار قاتارلىق شەخسلەر ئىشتىراك قىلدى. سېيىت تۈمتۈرك ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1124986305&mid= ـ 2139923529

♦ 3 ـ ئاينىڭ 3 – كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باياناتچىسى دىلشات رىشىت بايانات ئېلان قىلىپ خىتاي مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى مىللەتلەرنىڭ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى» مەسىلىسى توغرىسىدا مەخسۇس مۇزاكىرە لايىھىسى تۈزۈپ، قاراپ چىقىپ، مۇناسىۋەتلىك قارارلارنى بەلگىلەشكە چاقىردى. باياناتىدا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىدە بارچە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بار» دەپ بەلگىلەنگەنلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبى قىسمى ھەمدە مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ دېموكراتىك ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. باياناتتا يەنە، خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ب د ت نىڭ نىزامنامىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بېرىشى كېرەكلىكىنى ھەمدە ئولىمپىك ساھىبخانلىقىنى ئېلىش ئالدىدا «كىشىلىك ھوقۇقنى ياخشىلايمىز» دەپ بەرگەن ۋەدىسىنى ئاقلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1204652931&mid= ـ 2139923529

♦ 3 ـ ئاينىڭ 5 – كۈنى ئاۋستىرالىيەنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق تېلېۋىزىيە قانىلى بولغان س ب س نىڭ «داتەلىنە» پروگراممىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن بىرگە رابىيە خانىم ۋە د ئۇ ق ھەيئىتىنىڭ ئاۋستىرالىيە زىيارىتى تەپسىلىي تونۇشتۇرلغان 12 مىنۇت داۋام قىلغان پروگراما بېرىلدى، بۇ س ب س قانىلىنىڭ 1997 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان تونۇشتۇرۇلغان ھۆججەتلىك فىلىمنى تارقاتقاندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم ئۇيغۇرلار تونۇشتۇرۇلغان تەپسىلىي پروگراما بېرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID= ـ 1950676374&mid= ـ 2139923529

♦ 3 ـ ئاينىڭ 6 – كۈنى گوللاندىيەنىڭ ئامستىردام ئۇنىۋېرسىتېتىدا «خىتاي تاشقى سىياسىتىنىڭ مەنبەسى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن دەرس» تېمىسىدا يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئامستىردام ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتى پروفېسسورى دوكتۇر ۋوئۇتەر. گ ۋەرنەر قاتارلىق بىر قىسىم قانۇنشۇناسلار ۋە ئاسىيا ۋەزىيىتى تەشۋىقاتىغا مەسئۇل مۇخبىرلار قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئادۋوكاتلارمۇ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتى. سۆز قىلغۇچىلار خىتاينىڭ تاشقى سىياسىتى ۋە كەلگۈسى توغرۇلۇق مۇلاھىزىلىرىنى ھەر خىل شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ياشلار كومىتېتى مۇدىرى بەختىيار شەمسىددىن ئەپەندىمۇ قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1204914673

♦ 3 ـ ئاينىڭ 8 – كۈنى خەلقئارا ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن، د ئۇ ق ئاياللار كومىتېتى بايانات ئېلان قىلىپ ئۇيغۇر ئاياللىرىدىن ھال سورىدى. شۇنداقلا يەنە د ئۇ ق ئاياللار كومىتېتى ۋە ياۋروپا

شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى بىرلىكتە مىيۇنخېندا مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئاياللار بايرىمىنى خاتىرىلىدى.

http://www. Uyghurcongress. Org/Uy/news. Asp?ItemID= ـ 879320164

♦ 3 – ئاينىڭ 8 – 11 – كۈنلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى ساختا ئايروپىلان ۋەقەسى پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى يەنە بىر قېتىم تېررورىزم بىلەن ئەيىبلىمەكچى بولغانلىقىغا قارىتا، د ئۇ ق 3 – ئاينىڭ 8 – كۈنى ۋە 3 – ئاينىڭ 11 – كۈنى ئايرىم – ئايرىم ھالدا ئىككى قېتىم دەرھال باياناتى ئېلان قىلىپ «خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئاۋئاتسىيە ۋەقەسى پەيدا قىلىش ئارقىلىق، ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى» دەپ ئۇيغۇرلارغا بوھتان چاپلىماقچى بولغانلىقىغا نارازىلىقىنى بىلدۈردى ۋە خەلقئارانى خىتاينىڭ ئويۇنلىرىغا دىققەت قىلىشقا چاقىردى.

http://www. Uyghurcongress. Org/Uy/news. Asp?ItemID=939671240

♦ 3 ـ ئاينىڭ 10 – كۈنى د ئۇ ق باياناتى ئېلان قىلىپ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى. باياناتتا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يوقىلىشقا يۈزلىنىشتەك ئەھۋال ئاستىدا، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى قاراپ تۇرماسلىقى ئالاھىدە تەكىتلەندى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID= ـ 1496532695

♦ 2008 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «مەھمۇد كاشغەرى يىلى» دەپ ئېلان قىلىنغان ئىدى. د ئۇ ق 2008 ـ يىلدا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى شەرىپىگە بىر ـ قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنى پىلان قىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۈركىيەدە مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ت رت ت ۋ قانىلى، ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتى، قەيسەرى شەھەرلىك مەدەنىيەت مەركىزى بىرلىكتە 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىنغا ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى ئىشتىراك قىلدى.

http://www. gokbayrak. com/türkistan. asp?inc=haberdetay&numara=977

♦ دولقۇن ئىيسا 12 ـ مارت كۈنى د ئۇ ق غا ۋاكالىتەن باياناتى ئېلان قىلىپ، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى چىڭ گاڭنىڭ 11 ـ مارت كۈندىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا رابىيە قادىر خانىمنى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ دەپ ئېلان قىلغان باياناتىغا رەددىيە بېرىپ، رابىيە قادىر خانىمنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىچى ۋە سىرتىدا ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان سىياسىي رەھبىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز رەھبىرىنى ئۆزىنىڭ بېكىتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇتۇرىغا قويدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID= ـ 1919918609

♦ 3 ـ ئاينىڭ 12 – كۈنى د ئۇ ق ياشلار كومىتېتى مۇدىرى بەختىيار شەمسىددىن، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە گوللاندىيە پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىسيونى ئەزاسى،

گوللاندىيە ئىشچى پارتىيەسى ۋەكىلى ۋان دام ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى. بۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشتە بەختىيار شەمسىددىن ئۇيغۇر ئاياللىرى مەسىلىسى، دىنىي ئەركىنلىك، سىياسىي تۇتقۇنلار مەسىلىسى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1205364156

◆ خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەت خەلقىنىڭ تىنچلىق نامايىشىنى قوراللىق باستۇرغاندىن كېيىن، دۇنيادا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن د ئۇ ق 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پۈتۈن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا چاقىرىق قىلىپ، تىبەتلىكلەرنىڭ نارازىلىق پائالىيەتلىرىنى ھىمايە قىلىشقا، ئۇلارنىڭ نامايىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ ئۇلارنى قوللاشقا سەپەرۋەر قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1205768547

◆ 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ 22 – كۈنلىرى د ئۇ ق چاقىرىقىغا ئاساسەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى تۈرلۈك شەكىلدىكى نارازىلىق پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ نۆۋەتتە تىبەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان قانلىق باستۇرۇشىنى ئەيىبلەپ، ئۆزلىرى بىلەن تەقدىرداش بولغان تىبەت خەلقىگە بولغان قوللىشىنى بىلدۈردى.

3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمئىيىتى ۋاشىنگتوندا،

3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى بىلەن تىبەت تەشكىلاتلىرى بىرلىكتە گېرمانىيىنىڭ ميۇنچېن شەھرىدە،

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى ئوسلو شەھرىدە،

3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى ستوكھولم شەھرىدە،

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كانادانىڭ ۋانكوئۇۋېر شەھرىدە،

تىبەت تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرگە خىتايغا قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇ نامايىش كۆپلىگەن ياۋروپا مەتبۇئاتلىرىدا يەر ئالدى.

◆ 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ 21 ـ كۈنلىرى فرانسىيەدە تىبەتلەرنىڭ تەشكىللىشى بىلەن «ئەركىن ئاسىيا تىنچلىق دېموكراتىيە ئورگىنى» قۇرۇلۇش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا فرانسىيە دېموكراتلار پارتىيەسى، سوتسىيال پارتىيەسى، فرانسىيە ياشلار تەشكىلاتى، تەيۋەن تەشكىلاتى، ۋيېتنام ۋە لائوس تەشكىلاتلىرىنىڭ رەئىسلىرى ھەم فرانسىيە سياسىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزاسى، ھەر قايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى قاتناشتى. تەكلىپكە ئاساسەن د ئۇ ق نىڭ فرانسىيەدىكى ۋەكىلى ئەكبەر يۈسۈپ، كەرىم خاتىۋاجى، نۇرگۇل قاتارلىقلارمۇ يىغىنغا قاتناشتى.

◆ 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى فرانسىيەدە تىبەت ۋە ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، خىتايغا قارشى چوڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىشقا فرانسىيە سوتسىيال پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋە دۆلەت

مىنىستىرى Jaqueline qataeliq قاتارلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمۇ قاتناشتى ۋە سۆز قىلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىنى تەنقىد قىلدى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى نورۋېگىيەنىڭ پايتەختى ئوسلو شەھىرىدە نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن نورۇز مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە ئالدى بىلەن نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ 2007 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلەپ ۋە ئىلگىرىكى يىللاردا ۋەزىپىدە ئولتۇرغان بىر قىسىم سابىق رەھبەرلەر ۋە تەشكىلات خىزمىتىدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقانلار گۈل ۋە خاتىرە بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1206385486

♦ 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ياۋروپادا، جۈملىدىن گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك – باراۋەرلىكنى، ئىناق – ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇقنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيىتىمىزگە ۋە ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزگە ۋارىسلىق قىلىش، يەنە شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنى ياۋروپا خەلقلىرىگە تونۇتۇش مەقسىتىدە، ھەر يىللىق نورۇز بايرىمىدا چوڭ تىپتىكى سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ كەلگەن ۋە بۇ سەنئەت پائالىيىتىگە، «ياۋروپادا نورۇز» دەپ نام بېرىلگەن ئىدى. 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يەنە د ئۇ ق ۋە «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»نىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ميۇنخېن شەھىرىدە، «2008 ـ يىللىق ياۋروپادا نورۇز» ناملىق سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. 3 سائەت داۋام قىلغان ۋە ئىنتايىن كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى نورۇز پائالىيىتىگە، گېرمانىيىدىكى بەزى پارتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، بەزى ئەللەرنىڭ ياۋروپادىكى ئەلچىخانىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، نورۋېگىيە، شۋېتسىيە، بېلگىيە قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن بىر قىسىم ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز، شۇنداقلا گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ 500 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=548401985

♦ 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى د ئۇ ق ۋە «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى، ئولىمپىك مەشئىلىنىڭ گرېتسىيەدىن بېيجىڭغا يولغا سېلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ميۇنخېن شەھىرىدىكى «مەريەم ئانا مەيدانى» دا خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۇيۇشتۇردى. مەريەم ئانا ھەيكىلىنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان ئۇيغۇر نامايىشچىلار، مەيداننى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆك بايرىقى بىلەن بېزىگەن ۋە بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىغا قارشى لوزۇنكا ۋە تاختىلارنى كۆتۈرۈشۈپ، تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى تارقاتتى. بۇ قېتىمقى نامايىشقا، ميۇنخېن شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە «ياۋروپادا نورۇز» سەنئەت كېچىلىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن قازاقىستان، نورۋېگىيە، شۋېتسىيە، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ كېلىپ قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=913901632

♦ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى ئىنسان ھەقلىرى قىرغىنچىلىقلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، د ئۇ ق ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى بىرلىكتە بېيجىڭ 2008 ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىپ، گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن ئولىمپىكنىڭ باشلىنىش كۈنى بولغان 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە ھەر كۈنى ئۈزلۈكسىز نامايىش قىلىش پائالىيىتىنى يولغا قويدى. 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى باشلانغان بۇ پائالىيەت 2 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدى. پائالىيەت جەريانىدا د ئۇ ق تەرىپىدىن تەييارلانغان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى، كىتابچىلار تارقىتىلدى. ئىمزا توپلاش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 25 – كۈنى گېرمانىيىنىڭ ز د ف ت ۋ قانىلى د ئۇ ق ئىشخانىسىدا ئىجرائىيە كومىتېتى مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلھېكىم ئىدرىس ئەپەندىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۇلار يەنە نامايىش مەيدانىنىمۇ زىيارەت قىلدى. شۇ كۈنى كەچلىك خەۋەر پروگراممىسىدا «بۈگۈنكى ۋەقەلەر» دە بۇ زىيارەتنى كۆرسەتتى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ 24 ـ كۈنلىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھىرىدە، 100 يېقىن ئۇيغۇر ئاياللىرى نامايىش قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىنى بەسىملىرىغا قارشى نارازىلىقلىرى بىلدۈرۈشكەن ئىدى. خىتاي ساقچىلىرى شۇ كۈنلا 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاياللىرىنى قولغا ئېلىپ، ئۇيمۇ ـ ئۆي ئاختۇرۇپ تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى باشلاتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن باياناتچىسى دىلشات رىشىت بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي دائىرىلىرىدىن ئۇيغۇرلارغا قاراتقان تۇتقۇن قىلىشنى توختىتىشنى، سىياسىي تۇتقۇنلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە خەلقئارا جەمئىيەتتىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىگە يېقىندىن دىققەت ئېتىبارىنى بېرىشنى، ب د ت ئىنسان ھوقۇقى كومىتېتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھوقۇقى مەسىلىسىنى كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىنىڭ كۈن تەرتىپىگە قويۇپ، مۇزاكىرە قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/news. asp?ItemID=1515001002

♦ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارىن يېزىسىدا 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يەنى بۈگۈندىن 18 يىل بۇرۇن، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە تەلەپ قىلغان مىڭلارچە كىشى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قانلىق قىرغىن قىلىنغان ئىدى. 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ 24 ـ كۈنلىرى خوتەندە يۈزبەرگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نامايىشىمۇ زورلۇق ۋاسىتىلىرىنى ئىشلىتىپ باستۇرۇلدى. دەسلەپكى قەدەمدە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن 700 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاياللىرىنى قولغا ئالدى ۋە بۇ كۈندىن ئېتىبارەن خوتەندە جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈپ مىڭلىغان گۇناھسىز ئىنسانلارنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ زوراۋانلىقلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن د ئۇ ق 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىر چاقىرىق ئېلان قىلىپ، پۈتۈن ئۇيغۇر تەشكىلاتلارنى بارىن شېھىدلىرىنى ئەسلەشكە؛ جۇملىدىن بۇ قېتىم خوتەندە ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇش، تۇتقۇن قىلىشتەك قانۇنسىز،

ۋەھشىي قىلمىشنى شىددەت بىلەن نامايىش قىلىش، مەتبۇئات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش، تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى تارقىتىش قاتارلىق نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

♦ رابىيە قادىر خانىم ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتىنىڭ 1 ـ ئاپرېل سانىدا «ئىۇ ئەركىنلىك مەسىلىسى ئەمەس» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ، نۆۋەتتىكى تىبەت ۋەزىيىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ باردى. رابىيە قادىر خانىم ماقالىسىدە؛ تىبەت خەلقى بىلەن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئورتاق دەردكە مۇپتىلا ئىكەنلىكىنى، ھەر ئىككى مىللەتنىڭ خىتاينىڭ كۆچمەن سىياسىتىنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەر ئىككى مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ساھەدە چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقىنى، دىنىي ئېتىقادىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، ھەر ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ بېيجىڭدىن ۋە خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى. رابىيە قادىر خانىم ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا، «ئەگەر خىتاي خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيەتچان بىر ئەزا بولۇشنى ئارزۇ قىلسا، تىبەت ۋە شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۈستىلىگە كېلىشى كېرەك»، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ماقالە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

♦ بېيجىڭ ئولىمپىك مەشئىلى ئاتىنا، بېيجىڭ ۋە ئالمۇتىدىن كېيىن، 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى 4 ـ بېكەتى بولغان ئىستانبۇلغا يېتىپ كەلدى. مەشئەل تۈركىيەگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن د ئىۇ ق تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىنائەن تۈركىيىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئورتاقلىشىپ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ خىتايدا ئېلىپ بېرىلىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى نامايىشقا ئەنقەرە، ئىستانبۇل ۋە قەيسەرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ۋە تۈركلەردىن بولۇپ 1000دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. ئۇيغۇر نامايىشچىلار ئولىمپىك مەشئىلىنىڭ ئۆتىنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما، مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئىستانبۇلدىكى بۇ نامايىش دۇنيانىڭ كىنى، بېك قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ت ۋ، رادىئو ۋە گېزىتلىرىدە كۆرسىتىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1207336819&mid= ـ 2139923529

4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن شەھرىدە، 1990 ـ يىلى يۈزبەرگەن بارىن ئىنقىلابىنىڭ 18 يىللىقىنى خاتىرىلەش، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ 23 ـ كۈنلىرى خوتەندە يۈزبەرگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نامايىشىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش، شۇنداقلا ئولىمپىك يىغىنىنىڭ خىتايدا ئۆتكۈزۈلۈشىگە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرغان بۇ قېتىمقى نامايىشقا، گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، گېرمانىيىدىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقان گېرمان، تۈرك ۋە گېرتسىيەلىك دوستلاردىن بولۇپ، بىرقانچە يۈز كىشى قاتناشتى. نامايىش جەريانىدا ئەتراپتىكى ئاممىغا، بارىن ئىنقىلابى ۋە بۇ قېتىمقى خوتەن ۋەقەسىنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنغان گېرمانچە تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىلدى. Odionplatz مەيدانىدا توپلانغان نامايىشچىلار 3 كىلومېتىر يول

يۈرۈپ، Sendlingertor مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ، نامايىشنى ئاخىرلاشتۇردى. نامايىش جەريانىدا د ئۇ ق رەھبەرلىرىدىن باشقا خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى ھەققىدە توختالدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1207484763&mid= - 2139923529

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئولىمپىك مەشئىلى پارىژغا يېتىپ كەلگەن كۈن بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشكە قارشى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ھەرقايسى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىشى بىلەن پارىژدا 10مىڭ كىشىلىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. د ئۇ ق نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن گېرمانىيە، گوللاندىيە ۋە فرانسىيەدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار پارىژغا توپلىنىپ بۇ قېتىمقى نامايىشقا قاتناشتى. بۇ قېتىمقى نامايىش پارىژدىكى تىنچلىق مەيدانىدا سائەت 11دە باشلىنىپ ئەففېل مۇنارىنىڭ ئالدىدىكى تىنچلىق مەيدانىدا كەچ سائەت 19 دا ئاخىرلاشتى. نامايىشتا سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، ڭو لانىڭ رەھبەرلىرى، ئۇيغۇر، تىبەت، تەيۋەن ۋە فالۇنگۇڭچىلار ۋەكىللىرى سۆز قىلدى. نامايىش دۇنيانىڭ داڭلىق مەتبۇئاتلىرىدا خەۋەر قىلىندى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1207703894&mid= - 2139923529.

♦ 2008 - يىلى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئوكرانىيەنىڭ پايتەختى كىيېۋ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭ 5 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئالىم سېيتوف ۋە باش كاتىپ دولقۇن ئېيسالار ئىشتىراك قىلدى. ئوكرانىيە سارىيىدا ئېچىلغان دۇنيا دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭ 5 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا ئوكرانىيە پرېزىدېنتى Victor Yushchenko ، خانىمى Yushchenko Yushchenko خانىم، پەرۇ دۆلىتىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى Alejandro Toledo ئەپەندىلەر ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا 100 دىن ئارتۇق دۆلەتتىن 500 دىن ئارتۇق دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى، مۇتەخەسسىسلەر، پارلامېنت ئەزالىرى، سىياسەتچىلەر قاتناشقان بولۇپ، يىغىن جەريانىدا دۇنيادىكى دېموكراتىك ھەرىكەتلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيەتلىرى ھەققىدە دوكلاتلار بېرىلدى. يىغىن 3 كۈن بويىچە كومىسسىيونغا بۆلۈنگەن ھالدا داۋام قىلدى. بۇ كومىسسىيونىنىڭ بىرسى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ھەققىدە بولۇپ، بۇ يىغىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن مەركىزى قازاقىستاندىكى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى مەركىزىنىڭ ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. ئالىم سېيتوف ئەپەندى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە ئۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە بولغان سەلبىي تەسىرى ھەققىدە دوكلات بەردى. ئالىم سېيتوف، دولقۇن ئېيسالار يىغىن جەريانىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ۋە

ختـاي هۆكـۈمىتىنــىڭ شــەرقىي تۈركــستاندىكى دېموكراتىــك ھەرىكەتلەرنــى قــاتتىق قوللــۇق بــىلەن باستۇرۇش ئەھۋاللىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1207703894&mid= ـ 2139923529

♦ 2008 ـ يىلى 4 ـ ئاينىــڭ 7 ـ كــۈنى، ئولىمپىــك مەشــئىلى پارىژغا يېتىــپ كەلــگەن كــۈن بولۇپ، بــۇ مۇناســۋەت بــىلەن بېيجىڭنىــڭ ئولىمپىــك تەنھەرىــكەت يىغىنىنــى ئۆتكۈزۈشــكە قارشــى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ھەرقايسى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىــشى بــىلەن پارىژدا 10 مىڭ كىــشىلىك نامــايىش ئۆتكۈزۈلــدى. د ئــۇ ق نىــڭ ئورۇنلاشتۇرۇشــى بــىلەن گېرمــانىيە، گوللاندىيە ۋە فرانسىيەدىن كەلگەن ئۇيغــۇرلار پارىژغــا توپلىنىــپ بــۇ قېتىمقــى نامايــشقا قاتناشــتى. بــۇ قېتىمقى نامايىش پارىژدىكى تىنچلىق مەيدانىدىن سائەت 11 دە باشلىنىپ ئەففىر مۇنارىنىڭ ئالدىــدىكى تىنچلىق مەيدانىدا كەچ سائەت 19 دا ئاخىرلاشــتى. نامايىــشتا سىياســىي پارتىيەلەرنىــڭ رەھبەرلىــرى، پارلامېنت ئەزالىرى، گۇ كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىــرى، ئۇيغــۇر، تىــبەت، تەيــۋەن ۋە فالۇنگۇڭچىلار ۋەكىللىرى ســۆز قىلــدى. مۇئــاۋىن رەئىــس ئەســقەرجان نامايىــشتا ســۆز قىلىــپ ختــاي ھۆكۈمىتىنــىڭ ئۇيغۇرلارغــا قاراتقــان قىرغىنچىلىــق سىياســتى ھەققــدە 10 مىڭــدىن ئــارتۇق ئاممىغــا مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى. نامايىش دۇنيانىڭ داڭلىق مەتبۇئاتلىرىدا خەۋەر قىلىندى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1207703894&mid=-2139923529

♦ 4 ـ ئاينىڭ 8 – كۈنى بېيجىڭ ئولىمپىك مەشــئىلىنىڭ تــۈنجى ســەپىرى ئاتىنــادىن باشــلانغان بولۇپ، مەشــئەل قازاقىــستان، تــۈركىيە، ئەنگلىــيە ۋە فرانــسىيە دۆلەتلىرىــدىن ئۆتــۈپ، ئامېرىكىنىــڭ سانفرانسىسكو شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ مۇناسىۋەت بــىلەن سانفرانسىــسكودا زور كۆلەملىــك نــارازىلىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. د ئۇ ق رەئىسى رابىيە قــادىر خــانىم سانفرانسىــسكودا ئولىمپىــك مەشــئىلىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان نامايىشقا قاتناشتى. رابىيە خانىم نامايىش جەريانىدا خەلقئارا تىبەت ھەرىكىتىنىــڭ رەھبىرى، ھولليۋۇدنىڭ مەشھۇر ئارتىــسى رىچــارد گېــر ئەپەنــدىنىڭ رابىــيە خــانىم بــىلەن كۆرۈشــۈپ، ئۇيغۇر، تىبەت مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

♦ 9 ـ ئاپرېل سىدنىي شەھەر مەركىزىدىكى مارتىن مەيدانىدا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، د ئــۇ ق، ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى، تىبەت ئىشخانىسى بىرلىكتە ختايــدا ئۆتكــۈزۈلمەكچى بولۇۋاتقان ئولىمپىككە قارشى چوڭ تىپتىكــى يىغىلــش ئۆتكــۈزدى. بــۇ يىغىلــش «تىنچلىــق ئۈچــۈن ئىبادەت قىلىش» نامىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، خەلقئارا كەچــۈرۈم تەشــكىلاتىنىڭ ۋەكىلــى، ئۇيغــۇر، تىبەت ۋەكىللىرى ختايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە ســۆز قىلــدى. نامايىــشقا 500 دىــن ئارتۇق كىــشى قاتناشــقان بولــۇپ، ئاۋســترالىيە ئاخبــارات ئورۇنلىــرى مــۇخبىرلىرى ئىــشتىراك قىلــدى. نامايىشتىن كېيىن ئاۋســترالىيە شــەرقىي تۈركــستان جەمئىيىتىنىــڭ ۋەكىللىــرى رادىــئو ۋە تېلېــۋىزىيە قاناللىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، سورالغان ســوئاللارغا جــاۋاب بەردى. نامــايىش جەريانــدا ئۇيغــۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلغان تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقاتتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1207857216&mid= ـ 2139923529.

♦ د ئۇ ق رەئىسى رابىيە قادىر خانىم ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئالىم سېيتوف ئەپەندىلەر نورۋېگىيە رافتو كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە نورۋېگىيەدە زىيارەتتە بولدى. 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بېرگېن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن، «خىتاي، كىشىلىك ھوقۇق ۋە بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنى» تېمىسىدا مەخسۇس يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا رابىيە قادىر خانىم ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھازىرقى ئېغىر سىياسىي ۋەزىيىتى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇرۇۋاتقانلىقى ۋە ئولىمپىك يىغىنىنى بايقۇت قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە 2 سائەتتىن ئارتۇق ئەتراپلىق دوكلات بېرىپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. يىغىن ئاخىرىدا رابىيە خانىم نورۋېگىيەدىكى ھەر قايسى تېلېۋىزىيە ۋە نوپۇزلۇق گېزىت مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. 10 ـ ئاپرېل جۈمە كۈنى كەچتە نورۋېگىيىنىڭ دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە قانىلى بولغان نىرك 1 ـ قانىلىدا يىغىنىنىڭ ئەمەلىي جەريانى، رابىيە خانىم بىلەن بولغان زىيارەت ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت كۆرۈنۈشلەر تەپسىلىي كۆرسىتىلدى. نورۋېگىيە زىيارىتى جەريانىدا نورۋېگىيە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇنىۋېرسىتېتلەردە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىدى.

♦ 10 ـ ئاپرېل ۋە 16 ـ ئاپرېل كۈنلىرى د ئۇ ق ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى قېتىم ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ھەققىدە مەخسۇس ئاخبارات باياناتى ئېلان قىلدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا گېرمانىيە مەتبۇئاتىنىڭ قىزىقىشى زور بولدى.

♦ خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى باشلىقى ۋۇ باڭگونىڭ تەكلىپىگە بىنائەن رەسمىي زىيارەت ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغان تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى باشلىقى كۆكسال توپتان باشچىلىقىدىكى 6 كىشىلىك ھەيئەت 6 ـ ئاپرېلدىن 12 ـ ئاپرېلغىچە خىتايدا زىيارەتتە بولغان ئىدى. تۈركىيە پارلامېنت ھەيئىتىنىڭ تۈركىيەگە قايتىشى بىلەنلا، مۇئاۋىن رەئىس سېيت تۈمتۈرك ئەپەندى، تەپتىش ھەيئىتى ئەزاسى خەيرۇللاھ ئەپەندىلەر ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ خىتاي زىيارىتى ھەققىدە مەلۇمات ئىگىلىدى ۋە ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. 14 ـ ئاپرېل كۈنى تۈركىيە پارلامېنتىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇچرىشىشتا تۈركىيە پارلامېنت باشلىقى كۆكسال توپتان ۋە پارلامېنت ئەزاسى سالمان كوتان خانىم ئۆزلىرىنىڭ خىتاي زىيارىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. د ئۇ ق ھەيئىتى بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان بېسىمى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

♦ د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىنى 2008 يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بېرلىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، نورۋېگىيە، شۋېتسارىيە، گوللاندىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، گېرمانىيە، شۋېتسىيە، فرانسىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن د ئۇ ق نىڭ شۇ دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى، ئىجرائىيە كومىتېت ئەزالىرى، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلات مەسئۇللىرى ۋە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەردىن بولۇپ 60 تىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. باش كاتىپ دولقۇن ئېيسا ئەپەندى د ئۇ

ق نىڭ ئۆتكەن بىر يىللىق پائالىيەتلىرىدىن دوكلات بېرىپ ئۆتتى. د ئۇ ق ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلات مەسئۇللىرىمۇ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان خىزمەتلىرىدىن قىسقىچە دوكلات بەردى. يىغىن جەريانىدا بولۇپمۇ خىتاينىڭ ئولىمپىك يىغىنىنى بايقۇت قىلىشقا قارىتا ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك پائالىيەت پىلانلىرى مۇزاكىرە قىلىندى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1208788597&mid= - 2139923529.

♦ ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى جەريانىدا 2008 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بېرلىن شەھىرىدىكى ھولىداي ئىنن مېھمانخانىسىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئاچتى. بۇ قېتىمقى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا گېرمانىيىدىكى نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن ئىپا خەلقئارا ئاخبارات ئاگېنتلىقى، زدف، سات1، بىر، بىر ئىنفو، ۋدر، گېرمانىيە دولقۇنلىرى، كۈندىلىك گېزىت، دىپر، ئەپد قاتارلىق 21 رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت، ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرلىرىدىن سىرت يەنە گېرمانىيە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، گېرمانىيە ۋە ياۋروپادىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مۇتەخەسسىسلەر، سىياسىيونلار ئىشتىراك قىلدى. گېرمانىيىنىڭ 13 تىن ئارتۇق گېزىت - ژۇرنالدا بۇ قېتىمقى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا خەۋەر، ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

♦ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىشىشى ۋە ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىنىڭ ماددىي قوللىشى بىلەن تەشكىللىگەن 2 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھوقۇقلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى 2008 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بېرلىن شەھىرىدىكى ھولىداي ئىنن مېھمانخانىسىدا غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى. كۇرسقا ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، گېرمانىيە فرانسىيە، نورۋېگىيە، شىۋىتسىيە، شىۋېتسارىيە، بېلگىيە، تۈركىيە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. 3 كۈنلۈك كۇرس جەريانىدا خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى مەسئۇللىرى، كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە ۋە خەلقئارا قانۇن مۇتىخەسسىسلىرى دوكلات بەردى. كۇرسنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا يۇقىرىقىلاردىن باشقا گېرمانىيە پارلامېنت ئەزالىرى، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خادىملىرى، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، گېرمانىيىدىكى نوپۇزلۇق رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت، ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرلىرى بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. كۇرس جەريانىدا مۇزاكىرىلەر، سوئال - جاۋابلار ئېلىپ بېرىلدى. گېرمانىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنى زىيارەت قىلدى.

♦ 2 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھوقۇقلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىۋاتقان ئۇيغۇرلار 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بېرلىن شەھىرى تارىخى مەيدانىدىكى براندەنبۇرگەر تور دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇ نامايىشقا ھەرقايسى دۆلەتتىن كەلگەن ئۇيغۇر ۋەكىللەر ۋە خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى مەسئۇللىرى،

كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش قانۇنى بويىچە مۇتەخەسسىسلەر، سىياسەتچىلەر بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. نامايىش جەريانىدا رابىيە خانىم، ئىتالىيە پارلامېنت ئەزاسى ماركو پەردۇكا، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن باش سېكرېتارى مارىنو بۇسداچىن قاتارلىقلار ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1209158343&mid= ـ 2139923529

♦ 2 ـ نۆۋەتلىك ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھوقۇقلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ كۈن تەرتىپىگە ئاساسەن 4 ـ ئاينىڭ 23 – كۈنى ۋەكىللەر گېرمانىيە پارلامېنتىنى زىيارەت قىلدى. گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بېرلىن شەھرىدە گېرمانىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەم كومىتېتى ئەزالىرىدىن Rainer Buscher ئەپەندى ۋە Angélika Graf خانىملار د ئۇ ق ۋەكىللىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئالدى بىلەن گېرمانىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك كومىتېتى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە توختالدى. رابىيە خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ گېرمان ھۆكۈمىتىگە بولغان ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى ئىزھار قىلدى. ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىدىكى بۇ پائالىيەتتىن كېيىن رابىيە قادىر، دولقۇن ئىيسا، ئەسقەرجان، سېيىت تۈمتۈرك ۋە Marino Busdachin لاردىن تەشكىل تاپقان ھەيئەت گېرمانىيە پارلامېنتىنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەزالىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشتى. ھاكىمىيەتتىكى خرىستىئان دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى Holger Haiba ، گېرمانىيە يېشىللار پارتىيىسى باشلىقى Klaudia Roth خانىم بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى پاجىئەلىك ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1209216200&mid= ـ 2139923529.

♦ ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەچتە نەتىجىلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، د ئۇ ق نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن رابىيە خانىم، باش مەسلىھەتچى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ۋە مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەر جانلار 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ گوتتەنگىن دېگەن شەھرىگە يېتىپ كېلىپ شەھەر باشلىقى Wolfgang Meyer ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتىن كېيىن رابىيە خانىم 300 دىن ئارتۇق گىمناسىيۇم ئوقۇغۇچى – ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا دوكلات بەردى. 24 ـ ئاپرېل چۈشتىن كېيىن گوتتىنگەن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھەرقايسى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرنال مۇخبىرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

♦ رابىيە خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 24 ـ ئاپرېل گېرمانىيىنىڭ گىئەسەن شەھرىگە يېتىپ كېلىپ، گىئەسەن شەھرى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى Gerda Weigel- Greilich خانىم بىلەن بىرگە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. رابىيە خانىم مۇخبىرلارنىڭ ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندىن سىرت يەنە گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىمۇ تەپسىلىي توختالدى. شۇ كۈنى يەنە رابىيە خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى گىئەسەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت

ئۇيۇشتۇرغان رابىيە قادىر خانىمنىڭ كىتابىنى تونۇشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىنغا مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى Gerda Weigel- Greilich خانىم رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ پائالىيەتكە 400 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

♦ 26 ـ ئاپرېل كۈنى گېرمانىيىنىڭ نۇرنبورگ شەھىرىدە بېيجىڭ ئولىمپىكىگە قارشى چوڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ نامايىشقا گېرمان، ئۇيغۇر، تىبەتلىكلەر بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان. رابىيە خانىم نامايىشتا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى پاجىئەسى توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1209402902&mid= ـ 2139923529.

♦ شىۋىتسارىيەدىكى ئۇيغۇرلار 26 ـ ئاپرېل كۈنى شىۋىتسارىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى بىلەن شىۋىتسارىيە ـ تىبەت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن شىۋىتسارىيە پارلامېنت بىناسى ئالدىدا 2008 ـ يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى بايقۇت قىلىش مەقسىتىدە بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇ نامايىشقا شىۋىتسارىيە پارلامېنت ئەزالىرى، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلات ئەزالىرى، تىبەت سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ۋە ناھايىتى كۆپ شىۋىتسارىيەلىكلەرمۇ بىرگە قاتناشقان بولۇپ، سەھنىدە سۆزگە چىققانلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان يالغۇزلا تىبەت بولماستىن، يەر كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قاتتىق ئېغىر ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتۈشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1209323131&mid= ـ 2139923529.

♦ 4 ـ ئاينىڭ 26 – كۈنى گوللاندىيەنىڭ دەنھارگ شەھىرىدە گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى بىلەن ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا گوللاندىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ئەزالىرى قاتناشتى، نامايىش گوللاندىيەنىڭ دەنھارگ شەھىرىدىكى گوللاندىيەنىڭ پارلامېنت مەيدانىدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى نامايىشقا ئاخبارات ساھەسى ناھايىتى قىزىققان بولۇپ، نوپۇزلۇق رادىئو – تېلېۋىزىيە ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرلىرى كېلىپ زىيارەت قىلدى. نامايىش جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمى ئەھۋالى چۈشەندۈرۈلگەن 500 پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىق ۋارىقى تارقىتىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1209499574&mid= ـ 2139923529.

♦ 2008 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، رابىيە خانىم، ئەسقەرجان ۋە شىۋىتسارىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەندەلى ئەپەندىلەر، شىۋىتسارىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋە ئاسىيا ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچراشتى. سۆھبەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى، شىۋىتسارىيەدىكى ئۇيغۇر ئىلتىجاچىلار مەسىلىسى، گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى.

♦ شۋېتسارىيە زىيارىتى جەريانىدا يەنە، يېڭى زوردۇن گېزىتى، بەرنەر گېزىتى ۋە ھەپتىلىك گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرلىرى رابىيە خانىمنى ئايرىم ـ ئايرىم زىيارەت قىلدى. بۇ زىيارەتلەر مەخسۇس ماقالە بولۇپ ئېلان قىلىندى.

♦ 4ـ ئاينىڭ 27 – كۈنى بېرلىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن كېيىن، ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتقان ئۇيغۇر رەھبەرلەر ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. بېرلىندىكى يىغىنغا قاتناشقان نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەمەت ئابلا ۋە تەپتىش نىغمەت تۇرسۇنلار 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئوسلو شەھىرىدە ئۇيغۇرلارغا يىغىن ئېچىپ، ئۈچ كۈنلۈك كۇرسنىڭ جەريانى، مەزمۇنى ۋە مۇزاكىرە قىلىنغان مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى.

♦ 4 ـ ئاينىڭ 29 – كۈنى گېرمانىيىنىڭ باۋارىيە پارلامېنت زالىدا، گېرمانىيە يېشىللار پارتىيىسى باۋارىيە شۆبىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى گېرمانىيە شۆبىسى، خەلقئارا چېگرىسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى گېرمانىيە شۆبىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئەيىبلەش، 2008 ـ يىل بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى بايقۇت قىلىش يۈزىسىدىن، مەخسۇس يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا، رابىيە خانىم ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. يىغىنغا باۋارىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرىدىن باشقا ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى، سىياسىي پارتىيەنىڭ رەھبەرلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى قاتناشتى. پائالىيەت جەريانىدا ئۇيغۇر فولكلور گۇرۇپپىسى ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنى كۆرسىتىپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1209928126&mid= ـ 2139923529.

♦ د ئۇ ق نىڭ ئاۋستىرالىيە ۋاكالەتچىسى ھۇسەن ھەسەن ئەپەندى د ئۇ ق نامىدىن 30 ـ ئاپرېل كۈنى، ئاۋستىرالىيىنىڭ سىدنېي شەھىرىدە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنى قوللاپ كېلىۋاتقان ئاۋستىرالىيىلىك بىر تۈركۈم دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. زىياپەتكە، بىر تۈركۈم پارلامېنت ئەزالىرى، مىنىستىرلەر، سىياسىي مۇلاھىزىچىلەر، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى بولۇپ، جەمئىي 21 كىشى قاتناشقان. زىياپەت داۋامىدىكى سۆھبەتتە، شەرقى تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەققىدە تەكلىپ ـ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1209992120&mid= ـ 2139923529.

♦ باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا، 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ياپونىيەنى زىيارەت قىلدى. ئۇ ياپونىيە زىيارىتى جەريانىدا تۆۋەندىكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

♦ 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ياپونىيە پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «خىتايدا ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى» ناملىق يىغىنغا قاتنىشىپ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بەردى. بۇ يىغىنغا ياپونىيە پارلامېنتىنىڭ 80 دىن ئارتۇق پارلامېنت ئەزاسى، سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، مۇتەخەسسىسلەر، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ياپونىيە مەتبۇئاتىنىڭ مۇخبىرلىرى بولۇپ 400 گە يېقىن كىشى ئىشتىراك قىلدى. يىغىندا ئاساسلىقى شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

دولقۇن ئەيسا ياپونىيە زىيارىتى جەريانىدا ياپونىيىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى شىنزو ئابې ۋە سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تارو ئاسو قاتارلىق كۆپلىگەن ياپونىيە رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن، بىر قانچە كۈن كېيىن ياپونىيىنى زىيارەت قىلىدىغان، خىتاي دۆلەت رەئىسى خۇ جىنتاۋغا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قاتتىق قول سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن، شۇنداقلا ياپونىيىدە ئوقۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا تەتقىقات ئۈچۈن بارغاندا قولغا ئېلىنىپ 11 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان توختى تۇنياز ئەپەندىنى قويۇپ بېرىش ئۈچۈن بېسىم ئىشلىتىشىنى ئىلتىماس قىلدى. سابىق ماش مىنىستىر ئابە ئەپەندى، خۇ جىنتاۋ بىلەن ئۇچراشقاندا بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى ۋە نەتىجىدە 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئابە ئەپەندى خۇ جىنتاۋ بىلەن ئۇچراشقاندا دولقۇن ئەيسا تەلەپ قىلغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداقلا شىنزو ئابە رىياسەتچىلىكىدە ياپونىيە پارلامېنتىدا توختى تونيازنى قۇتقۇلدۇرۇش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. دولقۇن ئەيسانىڭ بۇ قېتىمقى ياپونىيە زىيارىتى ياپونىيە ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتىنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىغا نىسبەتەن دىققىتىنى قوزغىشىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر قەدەم بولدى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1210176456&mid= - 2139923529

ئاساھى گېزىتىنىڭ مۇخبىرى كازۇتو تسۇكاموتو ئەپەندى، كيودو نەۋس گېزىتىنىڭ مۇخبىرى تاتسۇمى توموجى ئەپەندى، ئا ف پ نىڭ مۇخبىرى كىمىكو تامۇرا خانىم، يومىئۇر گېزىتىنىڭ مۇخبىرى يوشىئاكى كىكچى، مائىنىچى گېزىتىنىڭ مۇخبىرى كوئىچى شىنودا ئەپەندى، سانكەئى گېزىتى مۇخبىرى ھىرو يۇئاسا ئەپەندى، ئاساھى ن پ گېزىتىنىڭ مۇخبىرى كاتسۇھىكو شىمىزۇ ئەپەندى، توكيو گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ئاسائى ماساتوشى ئەپەندى، شىنچو ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى مىھو سۇزۇكى خانىم، ت ب س ت ۋ نىڭ مۇخبىرى كەنتارو كاتاياما ئەپەندى قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق گېزىت، ژۇرنال ۋە ت ۋ لارنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. دولقۇن ئەيسا بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاساھى گېزىتى، يومىئۇر گېزىتى، مائىنىچى گېزىتى، 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سانكەئى گېزىتى، ئاساھى ن پ گېزىتى، مائىنىچى گېزىتى، 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى توكيو گېزىتى، شىنچو ژۇررنىلىدا مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىندى.

.http://afp. google. com/article/ALeqM5gF3TjXKsIjYNhDT6y6pQSmou71eg

دولقۇن ئېيسا ياپونىيىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر دەۋاسىنى ياپونىيىدە تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. ياپونىيىدە ئۇيغۇر تەشكىلاتى قۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە نەتىجىدە 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش كومىتېتى تەسىس قىلدى. 7 كىشىلىك بىر تەييارلىق كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت بىر ئايدىن ئارتۇق جىددىي تەييارلىق قىلىش نەتىجىسىدە 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ياپون ـ ئۇيغۇر دوستلۇق جەمئىيىتىنى غەلىبىلىك قۇرۇپ چىقتى. د ئۇ ق نىڭ ياپونىيە ۋاكالەتچىسى ئىلھام توختى ئەپەندى تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

♦ 5 ـ ئاينىڭ 3 – كۈنى نورۋېگىيەنىڭ پايتەختى ئوسلو شەھرىدە د ئۇ ق ۋە نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، نورۋېگىيە ۋە شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ بېيجىڭ ئولىمپىكىگە قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نامايىشقا ئۇيغۇرلاردىن باشقا بىر قىسىم ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، تىبەتلىكلەر ۋە ئۇيغۇر دوستلىرى نورۋېگىيەلىكلەرمۇ ئىشتىراك قىلدى. نامايىش جەريانىدا 500 پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ۋاراقى تارقىتىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1210167488&mid= - 2139923529

♦ 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شۋېتسارىيىدە 2008 ـ يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنىغا قارشى چوڭ كۆلەملىك بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا د ئۇ ق نىڭ شۋېتسارىيەدىكى ۋەكىلى ئەندەلى ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شۋېتسارىيەدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. نامايىش شۋېتسارىيەنىڭ داڭلىق ساياھەت شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان Luzern گە يېقىن Immensee دىن باشلىنىپ، Luzern دە ئاياغلاشتى. بۇ ئارىلىق 14 كم بولۇپ، نامايىشچىلار يول بويى جۇشقۇن روھ بىلەن شوئار توۋلاپ، خىتايدىن ئىبارەت كىشىلىك ھوقۇق بولمىغان دىكتاتور مەملىكەتتە، ئىنسان ھەقلىرى، كىشىلىك ھوقۇق ۋە دوستلۇققا سىمۋول قىلىنغان ئولىمپىكنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نامايىش جەريانىدا سۆز قىلغان ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى سۆزىدە «ھازىر خىتايدىكى ئەڭ كىشىلىك ھوقۇقى دەپسەندە بولۇۋاتقان، خورلۇققا ئۇچراۋاتقان، ئىنسانى ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان مىللەت دەل ئۇيغۇرلار، بىراق خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە دۇنيا كىشىلىرى نەزىرىدە بۇ مەسىلىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە دىققەت ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەنلىكىنىڭ ئەپسۇسلىنارلىق بولۇۋاتقانلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.»

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1210010545&mid= - 2139923529

5 ـ ئاينىڭ 5 – كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى بېيجىڭ ئولىمپىك مەشئىلىنى شەرقىي تۈركىستاندىن سالامەت ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، ھەر خىل قوپال ئۇسۇللارنى قوللىنىپ شەرقىي تۈركىستاندا خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى جىددىلەشتۈردى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىلمىشىغا قارشى، رەئىس رابىيە خانىم ۋە باش كاتىپ دولقۇن ئېيسالار كەينى ـ كەينىدىن باياناتلار ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ

ئولىمپىك باھانىسى بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ قانۇنسىزلىقنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئۇلارنىڭ باياناتلىرى خەلقئارا مەتبۇئاتلارنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىدى. ئا ف پ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلدى.

http://www. abc. net. au/news/stories/2008/05/05/2235807. ht

♦ 5 ـ ئاينىڭ 5 – كۈنى گېرمانىيىنىڭ كۈلن شەھىرىدە ئەزەربەيجان مەدەنىيەت مەركىزى تەرىپىدىن ئەزەربەيجان ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە بىر مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇھاكىمە يىغىنىغا شائىر، يازغۇچى، ژۇرنالىست ۋە تۈركولوگلار ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، يىغىندا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بۈگۈنكى سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى، بولۇپمۇ ئىراندىكى ئەزەربەيجان خەلقلىرى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئائىت مەخسۇس تېمىلاردا ماقالىلەر ئوقۇپ ئۆتۈلدى. يىغىنغا د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېت ئەزاسى، شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى كۆرەش ئۆمەر ئىشتىراك قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمى ۋەزىيەت ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1211829959&mid= ـ 2139923529

♦ 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە، خەلقئارا ياشلار ھەرىكىتى تەرىپىدىن گېرمانىيىنىڭ Ludwigsheim شەھىرىدە «ئافرىقا كۈنى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئاساسلىقى سومالىي خەلقىگە ياردەم قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئامېرىكا، گېرمانىيە، نورۋېگىيە، فرانسىيە، قىرغىزىستان، سومالىي، تۈركىيە، ئالبانىيە، كوسوۋو ۋە گېرتسىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن گۇرۇپپىلار ئىشتىراك قىلغان ئىدى.

بۇ پائالىيەتكە ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى كۆرەش ئۆمەر قاتارلىق بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ ئىشتىراك قىلىپ، سومالى خەلقىگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچرىشىپ ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID= ـ 1594452430&mid= ـ 2139923529

♦ 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى رابىيە قادىر خانىم، ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندى، دولقۇن ئىيسا، ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى مۇھەممەد ئەمىن ئەلا، ياشلار كومىتېتى مۇدىرى بەختىيار شەمسىددىن، شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئوسمانجان ئەپەندىلەردىن تەشكىل تاپقان د ئۇ ق ھەيئىتى ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «دۇنيادا ئېتىراپ قىلىنمىغان دۆلەتلەر» ناملىق خەلقئارا يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ يىغىن، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى، ياۋروپا پارلامېنتىدىكى لىبېرال ۋە دېموكراتلار ئىتتىپاقى، رادىكال پارتىيە، تەيۋەن دېموكراتىيە فوندى ۋە ئابكازىيا ھۆكۈمىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ بىرلىكتە ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن

ئېچىلغان بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن، خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنمىغان دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى، سىياسەتچىلەر، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئاخبارات خادىملىرى بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى. يىغىندا رابىيە خانىم سۆز قىلىپ دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە توختالدى. ياۋروپا پارلامېنتىدىكى لىبېرال ۋە دېموكراتلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى گىرام ۋاتسون ئەپەندى سۆزىدە رابىيە خانىم بىلەن ياۋروپا پارلامېنتىدا قايتا كۆرۈشكەنلىكىدىن پەخىرلىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. يىغىن جەريانىدا رابىيە خانىم، ئەركىن ئالپتېكىن ۋە دولقۇن ئىيسالار ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەت ئېلىپ باردى. مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1211018777&mid= - 2139923529

♦ ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 9 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى، 2008 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلتايغا شەرقىي تۈركىستانغا ۋاكالىتەن د ئۇ ق رەئىسى رابىيە خانىم، باش مەسلىھەتچى ئەركىن ئالپتېكىن، باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا، ئىجرائىيە كومىتېت ئەزاسى مۇھەممەد ئەمىن ئەلا، ياشلار كومىتېتى مۇدىرى بەختىيار شەمسىددىن ئىشتىراك قىلدى. ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى مارىنو بۇسداچىن ئەپەندىنىڭ ئېچىلىش نۇتقىدىن كېيىن، رابىيە خانىم شەرەپ مېھمىنى سۈپىتىدە سۆزگە تەكلىپ قىلىندى. رابىيە خانىم سۆزىدە 1949 - يىلدىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رولىنى تېخىمۇ كۈچلۈك جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە توختالدى. قۇرۇلتايغا ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا 62 مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى، سىياسەتچىلەر، خەلقئارا قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى ئىشتىراك قىلدى. قۇرۇلتاي جەريانىدا ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىككى يىللىق پائالىيەتلىرىدىن دوكلات بېرىلدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە كېلەچەك مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى. د ئۇ ق رەھبەرلىرى يىغىن جەريانىدا ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى، سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتلىرى ھەققىدە ئۇچرىشىش ئېلىپ باردى. دولقۇن ئىيسا قايتىدىن ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1211020255&mid= - 2139923529

♦ 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بىر قانچىلىغان تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدە بېيجىڭ ئولىمپىككە قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نامايىشقا تىبەت، ئۇيغۇر، ۋيېتنام، سۇدان، بۇرمالىقلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى. نامايىشتا ھەرقايسى دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرى سۆز قىلدى. ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن د ئۇ ق مۇئاۋىن رئىسى مۇھەممەد توختى ئەپەندىم سۆز قىلىپ «خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمى باياناتىغا ئىمزا قويمىغان بىر قانچە دۆلەتتىن بىرسى ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن كۈچلەرنىڭ

بىرلىشىپ خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى بايانىنامىسىغا ئىمزا قويۇشى ئۈچۈن بېسىم قىلىشى كېرەكلىكى»نى ئوتتۇرىغا قويدى.

http://en. epochtimes. com/news/8 - 5 - 19/70798. html

♦ 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى  مۇئاۋىن رەئىس سىيىت تۈمتۈرك ئەپەندى تۈركىيەنىڭ زىگانا ت ۋ نىڭ خەۋەر پروگراممىسىنىڭ نەق مەيدان زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، مۇخبىرنىڭ شەرقىي تۈركىستان، خىتاي ۋە بېيجىڭ ئولىمپىككە ئائىت سورىغان ھەر خىل تېمىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

http://www. gokbayrak. com/türkistan. asp?inc=haberdetay&numara=1042

♦ 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى  شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى، مەركىزى ئەنقەرەدە بۇلۇنغان ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت كىتاب ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچتى. د ئۇ ق تەپتىشى خەيرۇللاھ بۇ كۆرگەزمىگە قاتنىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەدەنىيەت جەھەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. بۇ كۆرگەزمىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 500 دىن ئارتۇق كىشى زىيارەت قىلدى.

http://www. gokbayrak. com/türkistan. asp?inc=haberdetay&numara=1048

♦ 5 - ئاينىڭ 29 - 30 – كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە، تۈركىيە ئىقتىسادى - ئىجتىمائىي تەتقىقات مەركىزىنىڭ ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن 17 - نۆۋەتلىك خەلقئارا مۇسۇلمان خەلقلەر بىرلىكىنىڭ ئومۇمى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلتايغا 37 دۆلەتتىن كەلگەن پارلامېنت ئەزالىرى، سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى، مۇتەخەسسىسلەر، مىنىستىرلەر ۋە خەلقئارا تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 170 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. بۇ قۇرۇلتايغا د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى سىيىت تۈمتۈرك ئەپەندىمۇ ئىشتىراك قىلىپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنى ۋەزىيەت ھەققىدە دوكلات بەردى ۋە ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنى زۇلۇمغا دىققەت قىلىشقا چاقىردى. http://www. gokbayrak. com/türkistan. asp?inc=haberdetay&numara=1044.

♦ 5 - ئاينىڭ 30 – كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش ئالدىدا، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە، ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش ھەققىدە زور ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى تېخىمۇ خەتەرلىك باسقۇچقا كىردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن د ئۇ ق 2008 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پۈتۈن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا چاقىرىق ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى قىرغىنچىلىقلىرىغا دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىش، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىنىڭ يوقلىقىنى جاكارلاش، بولۇپمۇ ئولىمپىك مەشئىلىنىڭ 6 - ئاينىڭ 25 - 27 - كۈنلىرى شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشىگە  قاتتىق نارازىلىقىمىزنى بىلدۈرۈش  مەقستى

بىلەن دۇنياۋى خاراكتېرلىك نارازىلىق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇ قارارغا ئاساسەن، د ئۇ ق پۈتۈن تەشكىلاتلارنى «ئەركىنلىك مەشئىلى» پائالىيىتىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشقا چاقىردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID= - 2038515961&mid= - 2139923529

♦ 6- ئاينىڭ 4 – كۈنى ياۋروپا پارلامېنتىدا ياۋروپا بىرلىكى - خىتاي دىئالوگىنىڭ غەيرىي رەسمىي يىغىنى: «تىبەتنىڭ خىتاي - ياۋروپا مۇناسىۋىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى» تېمىسىدىكى يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى، خىتاينىڭ بروسىېلدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى، تەيۋەننىڭ بروسىلدا تۇرۇشلۇق ئىشخانىسى، ھەرقايسى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرى قاتناشتى. بۇ يىغىنغا د ئۇ ق غا ۋاكالىتەن مۇھەممەد ئەمىن ئەلا ئەپەندىمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. مەزكۇر يىغىن يېقىندا تىبەتتە ۋە خىتاينىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدە تىبەتلىكلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان نامايىشلارنىڭ سەۋەبلىرىگە ۋە كۈنىېرى جىددىيلىشىۋاتقان خىتاي - تىبەت مۇناسىۋىتىگە يېقىندىن قاراپ چىقىش ھەمدە تىبەت مەسىلىسىنىڭ ياۋروپا بىرلىكى - خىتاي مۇناسىۋىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۇزاكىرە قىلىندى. مۇھەممەد ئەمىن ئەلا ئەپەندى يىغىندا سۆز قىلىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ تىبەت مەسىلىسى بىلەن ئوخشاش مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى.

♦ 6 - ئاينىڭ 9 - 16 - كۈنلىرى د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ياپون ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىغا، پارلامېنت ئەزالىرىغا ۋە ياپون خەلقىگە ئاڭلىتىش، شۇنداقلا ياپونىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىش مەقسىتى بىلەن 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ياپونىيىدە زىيارەتتە بولدى. سېيىت ئەپەندى ياپونىيە زىيارىتى جەريانىدا ياپونىيىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى شىنزو ئابې ئەپەندى ۋە ياپونىيە پارلامېنت ئەزاسى نىشمۇرا شىنگو ئەپەندى قاتارلىق پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. زىيارەت جەريانىدا يەنە ياپونىيە ئىقتىساد گېزىتىگە ۋە ياپونىيىنىڭ مەدەنىيەت قاناللىرىدىن بىرى بولغان فۇكۇرا تېلېۋىزىيىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

♦ باياناتچى دىلشات رېشىت 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ «ئولىمپىك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش» باھانىسىدە ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىي بېسىمى ئۈستىدىن قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. دىلشات رېشىت باياناتتا ئولىمپىك مەشئىلىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر شەھەرلىرىگە يەتكۈزۈلۈش ھارپىسىدا ئۇيغۇرلارنى قاتتىق كونترول قىلىش، بولۇپمۇ قەشقەر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلارغا «ۋەتەن سۆيۈش تەربىيىسى» نى مەجبۇرلاش ھەرىكىتىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. يەنە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندا، ئولىمپىك مەشئىلى ئۇيغۇر ئېلىگە يېتىپ كەلگەندە ھەر قانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ توي مۇراسىمى ياكى نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدىغانلىقى ھەتتا ئولىمپىك مەشئىلى پائالىيىتىدە ئاھالىنىڭ ئىمارەت دەرىزىلىرىنى ئېچىشىغىمۇ رۇخسەت

قىلىنمايدىغانلىقى، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى قارارىنى تەنقىد قىلدى.

♦ د ئۇ ق رەئىسى رابىيە قادىر خانىم، مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد توختىنىڭ ھەمراھلىقىدا 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە كانادادا زىيارەتتە بولدى. رابىيە قادىر خانىم بۇ قېتىمقى زىيارىتى جەريانىدا، كانادا ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە كانادادىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى. رابىيە خانىمنىڭ كانادا ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشى جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، خىتايلارنىڭ ئولىمپىك ھارپىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ۋە دىنىي ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ سۆز، ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى تېخىمۇ بوغۇش ئۈچۈن ئالغان تەدبىرلىرى، شۇنىڭدەك ھۈسەيىن جېلىل مەسىلىسى ۋە گۇئەنتانامودا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر مەھبۇسلار مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلەرنى ئەتراپلىق ھالدا مۇزاكىرە قىلدى. رابىيە خانىمنىڭ كانادا ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنت رەھبەرلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان پۈتۈن ئۇچرىشىشلىرىدا كانادا مەدەنىيەت مىنىستىرى جېيسىن پەنى رابىيە خانىمغا ھەمراھ بولدى.

♦ 6 د ئۇ ق 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مەخسۇس باياناتى ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندا جايلارغا چۈشۈرگەن «ياش ـ ئۆسمۈرلەردە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى يولغا قويۇشنىڭ بىرقانچە تەكلىپ پىكرى» دېگەن ماۋزۇدىكى ھۆججىتىنى تەنقىد قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «مەزكۇر ھۆججەت بىلەن ئۇيغۇر ياش ـ ئۆسمۈرلىرىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي ئېتىقاد تۇيغۇسىنى تۈنجۇقتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان»لىقىدىن ئىبارەت قەبىھ سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

♦ 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە د ئۇ ق باش كاتىپلىقى ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «2008 ـ يىللىق مەھمۇد كاشغەرى ئۆسمۈر ـ باللار زەھىن سىناش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلدى. 2008 ـ يىلى بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك ئالىم، مۇتەپەككۇر مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى بولۇپ، بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «مەھمۇد كاشغەرى يىلى» قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. زېھىن سىناش مۇسابىقىسگە گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ۋە ئاتا ـ ئانىلىرى قاتناشتى. مۇسابىقە باشلىنىشتىن بۇرۇن بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» تونۇشتۇرۇلۇپ ئۆتۈلدى ئاندىن مۇسابىقە رەسمىي باشلىنىپ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە ئىككى گۇرۇپپىغا (ئا ـ گۇرۇپپا 7 ـ 11 ياشقىچە، ب ـ گۇرۇپپا 12 ـ 14 ياشقىچە) بۆلۈنگەن بولۇپ، جەمئىي 150 تىن ئارتۇق سوئال ۋە 30 دىن ئارتۇق ئالاھىدە سوئاللار سورالدى ۋە ھەر بىر گۇرۇپپىنى ئۈچ دەرىجىگە ئايرىپ مۇكاپاتلار تارقىتىلدى. بۇ قېتىمقى زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنىڭ بۇيۇملىرىنى گېرمانىيىدىكى «تەكلىماكان رىستورانى»، «نۇر ئىمبىسس(تېز تاماقخانا)»، «سۇتۇق بۇغراخان ئىمبىسس»، «كارۋان ئىمبىسس» ۋە «ئۈمىد ماركىت»نىڭ ئىگىلىرىدىن بولغان ۋەتەنپەرۋەر تىجارەتچىلىرىمىز، دۇكاندارلىرىمىز ئۆز ئۈستىگە ئالدى ۋە مۇكاپات بويۇملىرىنى تارقاتتى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1563600494&mid= ـ 2139923529

♦ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭ ئولىمپىكنى بىخەتەر ئۆتكۈزۈشنى باھانە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان جىددىي زەربە بېرىش، تۇتقۇن قىلىش قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن د ئۇ ق 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «بۇ ئولىمپىك مۇسابىقىسىمۇ ياكى سىياسىي ئويۇنمۇ؟» دېگەن تېمىدا مەخسۇس بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي سۈيىقەستىنى ئېچىپ تاشلاش بىلەن بىرگە ياۋروپا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنى بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشنى بايقۇت قىلىشقا چاقىردى.

♦ 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك مەشئىلىنى 25 ـ 27 ـ ئىيۇن كۈنلىرى شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدىن ئۆتكۈزۈشىگە قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە، د ئۇ ق دۇنيا خاراكتېرلىك نارازىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكىتى باشلىتىپ، 25 ـ ئىيۇن كۈنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەملىك نارازىلىق پائالىيىتىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە بىر قېتىم ئويۇن ئويناپ، تۇيۇقسىز ئولىمپىك مەشئىلىنى شەرقىي تۈركىستاندىن 17 ـ ئىيۇن كۈنى ئۆتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى (بۇ ئۇقتۇرۇشنى 15 ـ ئىيۇن كۈنى رەسمىي ئېلان قىلدى). بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، د ئۇ ق نىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكى، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ تەشكىللىشى ۋە خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىشىشىدا، 17 ـ ئىيۇن گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە چوڭ كۆلەملىك مەتبۇئات يىغىنى، نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ بېرىلدى. مىيۇنخېن شەھىرىنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان «ستاچۇس» مەيدانىدا چۈشتىن بۇرۇن 11 دە باشلانغان بۇ قېتىمقى نامايىشقا، گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە گېرمانىيىدىكى تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقان چەت ئەللىك دوستلاردىن بولۇپ، كۆپ ساندا كىشى قاتناشتى. گېرمانىيىدىكى «جەنۇبى گېرمانىيە گېزىتى» قاتارلىق ئاساسلىق مەتبۇئاتلار بۇ قېتىمقى نامايىشنى خەۋەر قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=392842819&mid= ـ 2139923529

♦ 6 ـ ئاينىڭ 21 – كۈنى گېرمانىيىنىڭ فرانكفورت شەھىرى ئەتراپىدىكى Mörfelden-Walldorf تا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ بىر يىللىق ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا د ئۇ ق رەھبەرلىرىدىن رابىيە قادىر خانىم، ئەسقەرجان، دولقۇن ئىيسا، ئابلىمىت تۇرسۇن ئەپەندى قاتارلىقلار ئىشتىراك قىلدى. يىغىندا رابىيە قادىر خانىم ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. تەشكىلاتنىڭ بىر يىللىق پائالىيەت ۋە مالىيە دوكلاتلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. يىغىن ئاخىرىدا رابىيە قادىر خانىم مۇخبىرلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID= ـ 266541607&mid= ـ 2139923529

♦ 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ Cottbuss شەھىرىدە ھازىر گېرمانىيىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە «خرىستىئان دېموكراتلار پارتىيەسى» براندەنبۇگ شۆبىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى

بىلەن ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرى يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسلىسى مەسئۇلى Günter Nooke ئەپەندى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋەكىلى Peter Franck ئەپەندى، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى باياناتچىسى Martin Lessenthin ئەپەندى، كۇبا كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى Jorge Vazque ئەپەندى، خەلقئارا تىبەت تەشكىلاتى ۋەكىلى Kai Müller ئەپەندى، خەلقئارا لائوگائو فوندى جەمئىيىتى ۋەكىلى ۋە شۇنداقلا Cottbus شەھەر باشلىقى، براندەنبۇرگ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، تىبەت تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرى، فالۇنگۇڭ ھەرىكىتى ۋەكىللىرى ۋە يەرلىك ئاھالە بولۇپ، 200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. بۇ يىغىنغا ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى ئۈمىد ئاگاھى، تۇرسۇن مۇھەممەد ۋە غەيۇر قۇربان ئەپەندىلەر ئىشتىراك قىلدى. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىغا ئالاقىدار ھەرخىل كىتابچىلار، تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقاتتى، يىغىن ئەھلى ۋە ھەرقايسى تەشكىلاتلار بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى. ئۈمىد ئاگاھى ئەپەندى يىغىندا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، يىغىن ئەھلىگە ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى مەسىلىلىرى ھەققىدە دوكلات بېرىپ ئۆتتى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1214815403&mid= ـ 2139923529

♦ 6 ـ ئاينىڭ 24 – كۈنى د ئۇ ق بىلەن خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى گېرمانىيە شۆبىسىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، رابىيە خانىم كۆلن شەھىرىدە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ مەتبۇئات يىغىنىغا گېرمانىيىنىڭ ت ۋ، رادىئو ۋە گېزىتلىرى بولۇپ 20 دىن ئارتۇق مەتبۇئات خادىمى ئىشتىراك قىلدى.

http://www. ishr. org/press/Detailansicht.384+M57b307a875d.0. html

♦ 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئوسلو شەھىرىدە، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، خىتاينىڭ ئولىمپىك باھانىسىدە ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكىنى ئەيىبلەش ۋە خىتاي ئولىمپىك مەشئىلىنىڭ شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدىن ئېلىپ ئۆتكەنلىكىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن داغدۇغىلىق نامايىش ۋە تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى نامايىشقا ئوسلو شەھىرى ۋە شەھەرگە يېقىن ئەتراپتا ياشايدىغان 100 گە يېقىن ئۇيغۇر ھەم ھەرقايسى ئىنسان ھەقلىرى ئورگانلىرىنىڭ بىر قىسىم خادىملىرى قاتناشقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە نورۋېگىيە «كىشىلىك ھوقۇق ئۆيى فوندى» نىڭ باشلىقى Mariya Dale ۋە تىبەت كومىتېتى باشلىقى Chongdak Koren مۇ بار. بۇلاردىن باشقا بۇ نامايىشقا بىر قىسىم گېزىت ۋە تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1214634865&mid= ـ 2139923529

♦ 6 ـ ئاينىڭ 25 – كۈنى د ئۇ ق نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، 2008 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گېرمانىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە ۋە فرانسىيەدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار بروسېل شەھىرىدە ياۋروپا كېڭەشنىڭ ئالدىدا خىتاينىڭ ئولىمپىكنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى قاتتىق

باستۇرۇۋاتقانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەمدە نامايىش قىلدى. نامايىشقا ئەسقەرجان ئەپەندى ۋە دولقۇن ئىيسا ئەپەندى قاتارلىق د ئۇ ق رەھبەرلىرى رىياسەتچىلىك قىلدى. رابىيە خانىم، چېگرىسىز ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ۋىللىي ئەپەندى قاتارلىقلار نۇتۇق سۆزلەپ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. بۇ نامايىشقا 250 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. نامايىشنى بېلگىيە مەتبۇئاتى، Roytérs ئاگېنتلىقى، ياۋروپا بىرلىكى ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ئىشخانىلىرى خادىملىرى قاتناشقاندىن باشقا خىتايلارنىڭ «Épоch times »، «فالۇنگۇڭ خەۋەرلىرى»، «تەيۋەن مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى» قاتارلىق ئاگېنتلىقلارنىڭ مۇخبىرلىرى زىيارەت قىلدى. نامايىشتىن كېيىن رابىيە قادىر باشچىلىقىدىكى د ئۇ ق ھەيئىتى ياۋروپا پارلامېنتىنى زىيارەت قىلىپ، پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلارغا ئولىمپىكنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

♦ 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، خىتاينىڭ ئولىمپىك باھانىسىدە ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكىنى ئەيىبلەش ۋە خىتاي ئولىمپىك مەشئىلىنىڭ شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدىن ئېلىپ ئۆتكەنلىكىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن داغدۇغىلىق نامايىش ۋە تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ميۇنخېننىڭ ئادەم ئەڭ كۆپ يىغىلىدىغان داڭلىق مەيدانى بولغان مارئىن پلاتز مەيدانىدا ساياھەتچىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نامايىش نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

♦ 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ميۇنخېن شەھرىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 850 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ تەكلىپ ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىدە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى تەييارلاپ چىققان ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرى، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇچراۋاتقان ئېغىر ئەھۋاللىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىتاب، ژۇرنال، تەشۋىقات ۋاراقلىرىمۇ تارقىتىلدى، رابىيە خانىمنىڭ كىتابى كۆرگەزمە قىلىندى.

♦ 6 ـ ئاينىڭ 29 – كۈنى ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق ئومۇمى يىغىنى سىدنىيدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئالدى بىلەن د ئۇ ق نىڭ ئاۋستىرالىيەدىكى ۋەكىلى، ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھۇسەن ھەسەن ئەپەندى سۆز قىلىپ د ئۇ ق پائالىيەتلىرى ھەققىدە يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا تەپسىلىي مەلۇمات بەردى ھەمدە ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇپ 3 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى، شۇنداقلا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلەر ھەققىدە توختالدى. دېموكراتىك ئاساستا سايلام ئېلىپ بېرىلىپ 7 نەپەر ئىدارە ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. ھۇسەن ھەسەن ئەپەندى جەمئىيەتنىڭ رەئىسلىكىگە قايتىدىن سايلاندى.

♦ 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خىتاي ساقچىلىرى ئۈرۈمچىدە دىنى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر سورۇنغا قوراللىق باستۇرۇپ كىرىپ، ھېچ سوراق ـ سوئالسىزلا سورۇندىكىلەرنى ئوققا تۇتقان، نەتىجىدە 5 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن، 15 كىشى قولغا ئېلىنغان ئىدى. ئۈرۈمچىدە بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى، يەنى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەردە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇچۇق سوت ئېچىپ 5 ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، 15 ئۇيغۇرغا ئوخشىمىغان مۇددەت بىلەن قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. بۇ ھادىسە ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن د ئۇ ق 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرغا تەزىيە بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىككە 1 ئاي قالغان بىر ۋاقىتتا ئېلىپ بارغان بۇ قانۇنسىز قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

♦ 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ 13 – كۈنلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەردە 5 ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىگە، ئۈرۈمچىدە 5 ئۇيغۇرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىگە قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈش مەقسىتى بىلەن، د ئۇ ق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى كەڭ كۆلەملىك نارازىلىق نامايىشلىرى ئۆتكۈزۈشكە ئۇيۇشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپادىكى بىر قانچە دۆلەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

**ميۇنخېندا**

د ئۇ ق ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە نارازىلىق نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. ميۇنخېن شەھىرىنىڭ ساياھەت مەركىزى ھېسابلانغان كارلپلاتز – ستاچۇس مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى نامايىشقا، ميۇنخېن شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتناشتى. نامايىش، ھەرقايسى دۆلەتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى جەلپ قىلدى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى نامايىش جەريانىدا قىلغان سۆزىدە، بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىغا دەل بىر ئاي قالغان مەزگىلدە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقىنىڭ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى قىرغىنچىلىقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم دۇنياغا ئېنىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتى. خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى ميۇنخېن شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى Jürgen Thirak ئەپەندىمۇ نامايىش جەريانىدا سۆز قىلىپ، نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت – ئېتىبارى بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىغا مەركەزلەشكەن بىر پەيتتە، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ قېتىم ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر رايونلىرىدا ئېلىپ بارغان قانلىق باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ، خىتاينىڭ ئولىمپىكنى ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىگە ئەسلا ئىگە ئەمەسلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئوچۇق ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىنى بىلدۈردى. نامايىش جەريانىدا، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ قېتىم ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرلەردە ئېلىپ بارغان قانلىق باستۇرۇش ھەرىكىتى بايان قىلىنغان تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىلدى.

**فرانكفورتتا**

7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتى تەرىپىدىن گېرمانىيىنىڭ فرانكفورت شەھىرىنىڭ ھائۇپتىۋاچە كوچىسىدا نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ بېرىلدى. نامايىش جەريانىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، خەلقى، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتى مەزمۇن قىلىنغان مىڭ پارچىغا يېقىن تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى.

## ستوكھولمدا

شۋىتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى ۋە شۋىتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىشى بىلەن 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، خىتاينىڭ ستوكھولمدىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىش جەريانىدا شۋىتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابدۇشۇكۇر ئەپەندى ۋە د ئۇ ق نىڭ باياناتچىسى دىلشات رىشىت ئەپەندى سۆز قىلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئالدىدا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتى ھەققىدە توختالدى.

## ئوسلودا

7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى نورۋېگىيەنىڭ پايتەختى ئوسلو شەھىرىدە، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. ئوسلو ۋە نورۋېگىيىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار نامايىشقا ئىشتىراك قىلدى. مەكتەپلەرنىڭ تەتىل ۋاقتى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى نامايىشقا كۆپ ساندا ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ كىچىك دوستلار 8 ـ ئىيۇل قىرغىنچىلىقى بايان قىلىنغان تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى تارقاتتى.

♦ ميۇنخېن شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ 850 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ميۇنخېن چەت ئەللىكلەر كېڭىشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن غەربى باغچىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇرلار قاتنىشىپ، ئۇيغۇر مىللىي تاماقلىرى كۆرگەزمە قىلىندى ۋە ئۇيغۇر تاماقلىرى سېتىلىپ تەشكىلاتقا ماددىي كىرىم قىلىندى. پائالىيەت جەريانىدا ئۇيغۇر سەنئىتى تونۇشتۇرۇلدى.

♦ خەلقئارا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە فوندىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، د ئۇ ق بىر قانچە ئاي جىددىي تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، 2008 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ 23 ـ كۈنىگىچە ميۇنخېن شەھىرىدە ئۇيغۇر ئاياللىرىنى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىنى نەتىجىلىك ئېلىپ باردى. خەلقئارا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە فوندىنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرى كۇرسى ن ە د نىڭ ماددىي قوللىشى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كۇرس د ئۇ ق ۋە باۋارىيە پارلامېنتى يېشىللار پارتىيىسىنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىششى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئىيسا، مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان ئەپەندىلەر بۇ كۇرسىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل

بولۇپ ئىشلىدى. بۇ كۇرسقا قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركىيە، ئامېرىكا، كانادا، گېرمانىيە، نورۋېگىيە، شۋېتسىيە، شۋېتسارىيە، فرانسىيە، گوللاندىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى. 3 كۈنلۈك كۇرس جەريانىدا، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن كەلگەن پروفېسسورلار، مۇتەخەسسىسلەر، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، خەلقئارا قانۇن، ئاياللار ھەرىكىتى ۋە ئاياللار ھەرىكىتىنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ تاكتىكىلىرى ساھەلىرى بويىچە دەرس سۆزلەندى، ئەمەلىي مەشىق ئېلىپ بېرىلدى. سەمىنەر رەسمىي باشلىنىشتىن بىر كۈن بۇرۇن يەنى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى د ئۇ ق نىڭ ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى ۋە لېكسىيە سۆزلىگۈچى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن مىيۇنخېندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىش، تونۇشۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. مېھمانلارغا ئۇيغۇر سەنئەت نومۇرلىرى تەقدىم قىلىندى. كۇرسنىڭ ئېچىلىش كۈنى، د ئۇ ق ۋە يېشىللار پارتىيىسىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن باۋارىيە پارلامېنتىنىڭ مەتبۇئات زالىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. رابىيە قادىر خانىم، يېشىللار پارتىيەسى باشلىقى Margarete Bause خانىم ۋە خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتىدىن Ulrich Delius ئەپەندىلەر مۇخبىرلارغا ئۇيغۇر ئاياللار كۇرسى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى، بېيجىڭ ئولىمپىك ھەققىدە مەلۇمات بەردى ۋە مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى. كۇرس جەريانىدا قاتناشقۇچىلارغا د ئۇ ق نىڭ پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلدى، د ئۇ ق تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار تارقىتىلدى. د ئۇ ق ئىشخانىسى زىيارەت قىلىندى. كۇرسنىڭ 3 ـ كۈنى بارلىق مېھمانلار ئۈچۈن باۋارىيەنىڭ تارىخى يەرلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

♦ 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى  مىيۇنخېندىكى مارمارىس رېستورانىدا، د ئۇ ق رەھبەرلىرى بىلەن گېرمانىيىلىك زىيالىيلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىش پائالىيىتى بولۇپ ئۆتتى. بۇ ئۇچرىشىشقا 50 كە يېقىن گېرمان ئادۋوكات، دوكتور ۋە ژۇرنالىستلار ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، رابىيە كادىر خانىم، ئەسقەرجان، دولقۇن ئىيسالار ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. مېھمانلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. پائالىيەت جەريانىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تونۇشتۇرۇلدى، ئۇيغۇر ئۇسۇلى، مۇزىكىسى تەقدىم قىلىندى.

♦ 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ 27 – كۈنلىرى كانادانىڭ مونترېئال شەھىرىدە تۈرك تىللىق مىللەتلەر فېستىۋالى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ فېستىۋالغا د ئۇ ق ياشلار كومىتېتىدىن بەختىيار شەمسىددىن رىياسەتچىلىكىدە بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. فېستىۋالدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرىدىغان مەخسۇس ئۇيغۇر ئۆيى ياساپ چىقىلىپ، زىيارەتچىلەرنىڭ زىيارىتىگە تەقدىم قىلىندى. بۇ ئۇيغۇر ئۆيىگە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، سەنئىتى ۋە سىياسىي ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرغان رەڭگا رەڭ كىيىم – كېچەكلەر، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى، قەدىمى يىپەك يولىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەر خىل بۇيۇملار، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، سىياسىي ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرىدىغان ھەرخىل كىتاب ژۇرناللار قويۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر قىز ـ ئوغۇللىرى زىيارەتچىلەرگە ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق چۈشەندۈرۈش

ئېلىپ باردى. مونترېئال شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى Marcel Tremblay ئەپەندى ئۇيغۇر ئۆيىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات سورىدى. فېستىۋال جەريانىدا ئۇيغۇر فولكلور گۇرۇپپىسى ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنى تاماشىبىنلارغا تەقدىم قىلدى.

♦ 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ۋ. بۇش ئەپەندى، ئاقساراىدا د ئۇ ق رەئىسى رابىيە قادىر خانىم، خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن Weijingsheng ، Herywu ، Sasha Gong ۋە Bob Fu لارنى قوبۇل قىلدى. بۇ پرېزىدېنت بۇش ئەپەندىنىڭ رابىيە خانىمنى ئىككىنچى قېتىم قوبۇل قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىغا ئاز ۋاقىت قېلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىخەتەرلىكنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا بۇش ئەپەندىنىڭ رابىيە خانىمنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ئۇيغۇرلارغا زور مەنىۋى ئىلھام، بەخت بەخش ئەتتى. كۆرۈشۈش جەريانىدا رابىيە خانىم پرېزىدېنت بۇشقا ئولىمپىك ئېچىلىش مۇراسىمىدا خۇ جىن تاۋ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

♦ 8 ـ ئاينىڭ 1 – كۈنى بېيجىڭ ئولىمپىك ئېچىلىشقا ساناقلىق كۈنلەر قېلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، خىتاي ساقچىلىرى ئۇيغۇرلارغا بولغان باستۇرۇش ۋە تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈشكە باشلىدى. قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ رەسمىي تور بېتىدە ئېلان قىلىنىشىچە، ئاتۇشنىڭ شەھەر مەركىزىگە رابىيە قادىر خانىمنىڭ رەسمىي نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئېسىلغان، بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن خىتاي ساقچى دائىرىلىرى بۇ ۋەقەنى ئىنقىلاش باھانىسى بىلەن ئاتۇشتا چوڭ كۆلەملىك ئاقتۇرۇش، تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى باشلىغان.

♦ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىۋاتقان «شىنجاڭ» تور بېتىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، خىتاي ساقچىلىرى غۇلجا شەھىرىدە جىددىي تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى باشلاپ دەسلەپكى قەدەمدە 1500 كىشىنى قولغا ئالغان ۋە تۇتقۇن قىلىشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ، ئۆيمۇ ـ ئۆي ئاقتۇرۇشقا، گۇناھسىز ئىنسانلارنى قولغا ئېلىشقا باشلىغان.

♦ ئۈرۈمچى سالامەت تور بېتىدە بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىكنىڭ ئالدىدا «دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىن 52 نى» قاتتىق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

♦ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن د ئۇ ق 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باياناتى ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى قاتتىق ئەيىبلەيدىغانلىقىنى، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە جىددىي دىققەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى.

♦ شىنخۇا ئاگېنتلىقى، 2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىدە خىتاي قوراللىق ساقچى قىسىملىرىغا بومبىلىق ھۇجۇم قىلىنىپ، 16 ئەسكەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، كۆپلىگەن ئەسكەرلەرنىڭ يارىدار بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن د ئۇ ق ۋەتەن

ئىچى بىلەن ئالاقە قىلىپ، ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ھەققىدە ئۇچۇر ئېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، بارلىق ئالاقىلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاتتىق كونترول قىلىنىشى سەۋەبى بىلەن ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن خىتاي ساقچى ۋە ئەسكەرلىرى بىرلىكتە قەشقەردە چوڭ كۆلەملىك ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇش، تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن د ئۇ ق 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، باياناتى ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ زور تۈركۈمدە ئادەم تۇتۇشىنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

♦ 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاۋستىرىيەنىڭ پايتەختى ۋىيانا شەھىرىدىكى دەمەل مېھمانخانىسىدا، ئاۋستىرىيە ئاگەندا نەشرىياتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئولىمپىك ھارپىسىدىكى خىتاي ۋە خىتايدا ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ئەھۋالى بويىچە دوكلات بېرىش ۋە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئىز ـ دېرىكسىز يوق قىلىۋېتىلگەن، خىتايدىكى ئۇن داڭلىق ئادۋوكاتنىڭ بىرى بولغان Gao Zhisheng نىڭ ھايات ئىش ـ ئىزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن گېرمانچە كىتابىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇش مۇراسىممۇ بولۇپ ئۆتتى. بۇ مۇراسىمغا ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۈمىد ئاگاھى ۋە غەيۇر قۇربانلار ئىشتىراك قىلىپ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بەردى ۋە مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئاۋستىرىيەنىڭ ئەڭ چوڭ تېلېۋىزىيە قانىلىدىن بىرى بولغان ئو ر ف 2 ئۈمىد ئاگاھى ۋە غەيۇرلارنى مەخسۇس زىيارەت قىلدى. بۇ زىيارەت ئو ر ف2 قانىلىنىڭ كەچ سائەت 10 دا كۆرسىتىلىدىغان كۈندىلىك خەۋەرلەر پروگراممىسىدا تارقىتىلدى. ئۇندىن سىرت، ئاۋستىرىيەنىڭ ئەڭ چوڭ گېزىتى بولغان «كۇررىئەر» ۋە شۇنداقلا «دىئە پرەسسە»، «دەر ستاندارت» قاتارلىق مەتبۇئاتلار مەخسۇس زىيارەت ئېلىپ باردى.

♦ 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ 5 ـ كۈنلىرى ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە «ئاسىيا ۋە خىتايدا دېموكراتىيە» ناملىق خەلقئارا يىغىن بولۇپ ئۆتتى. بۇ يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىللىرى، خىتاي يازغۇچى ۋە زىيالىيلىرى، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان، ئىچكى موڭغۇل ۋە تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، كۆپلىگەن كىشى قاتناشتى. يىغىنغا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن د ئۇ ق مۇئاۋىن باشلىقى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى، ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى باشلىقى ئىلھام مەھمۇتلار ئىشتىراك قىلدى. سېيىت تۈمتۈرك يىغىندا سۆز قىلىپ ئۇيغۇر دېموكراتىك ھەرىكىتى، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «تېررورىست» قالپىقى بىلەن ئەيىبلەپ، قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرۇۋاتقانلىقى ھەققىدە دوكلات بەردى. يىغىنغا ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ سۆزچىسى نەنسىي پېلوسى خانىم، تىبەتلەرنىڭ لىدېرى دالاي لاما قاتارلىقلار خەت ئەۋەتكەن بولۇپ، يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا بۇ خەتلەر ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

♦ 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ 8 – كۈنلىرى د ئۇ ق بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى كۈنىدە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى كەڭ كۆلەملىك

نارازىلىق نامايىشلىرى ئۆتكۈزۈشكە چاقىردى. بۇ چاقىرىققا ئاساسەن دۇنيانىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىدە نامايىش، مەتبۇئات يىغىنلىرى بولۇپ ئۆتتى.

### بېرلىندا

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، يەنى بېيجىڭ ئولىمپىك ئېچىلىش مۇراسىمىغا بىر كۈن قالغان كۈنى، بېرلىندىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا، د ئۇ ق، خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتى، تىبەتنى ھىمايە قىلىش گۇرۇپپىسى، فالۇنگۇڭ قاتارلىقلارنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بېيجىڭ ئولىمپىكىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ت ۋ، گېزىت – ژۇرنال، رادىئو مۇخبىرلىرى نەق مەيداندىن نامايىشنى خەۋەر قىلدى. گېرمانىيىنىڭ دۆلەتلىك ت ۋ بولغان ئا ر د قانىلى نامايىشنى نەق مەيدان تارقاتتى. خىتاي ھۆكۈمىتىدىن، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق قىرغىنچىلىقلىرىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ، خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى تەرىپىدىن توپلىغان 10 مىڭ كىشىلىك ئىمزانى خىتاينىڭ بېرلىندىكى باش ئەلچىخانىسىغا تاپشۇرۇشماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي تەرەپ بۇ ئىمزالارنى قوبۇل قىلمىدى. نامايىش جەريانىدا ئەسقەرجان، ئابدۇلھېكىم ئىدرىس، دولقۇن ئىيسا، تۇرسۇن مۇھەممەدلەر كۆپلىگەن ت ۋ، رادىئو ۋە گېزىت - ژۇرناللىرىنىڭ زىيارەتلىرىنى قوبۇل قىلدى. بۇ كۈنكى نامايىش گېرمانىيىنىڭ كۆپلىگەن ت ۋ، رادىئولىرىدا ئاساسلىق خەۋەر قاتارىدا تارقىتىلدى.

### ميۇنخېندا

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ميۇنخېن شەھىرىدە بېيجىڭ ئولىمپىكىگە قارشى نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. نامايىش كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. نامايىش جەريانىدا گېرمانىيە ت ۋ، رادىئوسى ۋە گېزىتلىرى نامايىشچىلارنى زىيارەت قىلدى. نامايىشتا ياۋروپا پارلامېنتى تاشقىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باياناتچىسى Bernt Passelt ئەپەندى سۆز قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى توختىتىشى كېرەكلىكىنى، بولمىسا خىتاي دۆلىتىنىڭ مەڭگۈ تىنچلىقنى بەرپا قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. نامايىشتا مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۇرسۇن مۇھەممەدلەر سۆز قىلىپ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ۋە خىتاينىڭ ئولىمپىك ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە توختالدى.

♦ 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچتە، د ئۇ ق ۋە تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمئىيىتى بىرلىكتە ميۇنخېندە Marienplatz مەيدانىدا بېيجىڭ ئولىمپىكىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك ئىككىنچى بىر نامايىش ئېلىپ باردى. نامايىشتا تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى تىبەت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە سۆزلىدى. ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن

رەئىسى تۇرسۇن مۇھەممەد ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىنىڭ تىبەتكە ئوخشاش ئىكەنلىكى ۋە نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتى ھەققىدە مەخسۇس سۆزلىدى. نامايىش جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋاراقچىلار تارقىتىلدى.

## ستوكھولمدا

7 ـ ئاۋغۇست كۈنى شىۋىتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى ۋە شىۋىتسىيە موڭغۇل كومىتېتىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىشىدە شىۋىتسىيە پارلامېنتى بىناسى ئالدىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى نامايىش ئېلىپ باردى. نامايىشتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك مۇراسىمىنىڭ ئېچىلىش ھارپىسىدا ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇللارنى قاتتىق باستۇرۇۋاتقانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىنىڭ يوقلۇقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شىۋىتسىيە ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتىنىڭ خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە جىددىي دىققەت قىلىش ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

## ئوتتوۋادا

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كانادانىڭ پايتەختى ئوتتاۋا شەھىرىدە خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قارشى نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ ساھىپخانلىقىنى كانادا پارلامېنتى ئەزاسى David Kilgour ئەپەندى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ نامايىشقا كۆپ ساندا ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر، تەيۋەنلىكلەر، فالۇنگۇڭچىلار، سۇدانلىقلار قاتناشتى. نامايىشتا ئۇيغۇر، تىبەت، تەيۋەن، فالۇنگۇڭ ۋە سۇدان ۋەكىللىرى سۆز قىلىپ خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيەتلىرى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىدى. كانادا پارلامېنت ئەزاسى Irwin Catler ئەپەندى سۆزىدە مەخسۇس ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختىلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كانادا پۇقراسى ھۈسەيىن جېلىلنى قانۇنسىز قولغا ئالغانلىقىنى ئەيىبلەپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ھۈسەيىن جېلىلنى دەرھال قويۇپ بېرىشى كېرەكلىكىنى خىتاب قىلدى. پارلامېنت ئەزاسى David Kilgour ئەپەندى سۆزىدە ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئەيىبلىدى.

### ۋانكوۋەردە

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، كانادانىڭ ۋانكوۋەر شەھىرىدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا، بېيجىڭ ئولىمپىكىغا قارشى نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. نامايىش د ئۇ ق نىڭ ۋانكوۋەردىكى ۋەكىلى ئۆمەرجان ئەپەندىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، نامايىشقا ئۇيغۇر، تىبەت، فالۇنگۇڭ ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. نامايىشتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىكنىڭ بىخەتەرلىكىنى باھانە قىلىپ، تىبەت، شەرقىي تۈركىستاندا گۇناھسىز ئىنسانلارنى تۇتقۇن قىلىۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. نۇتۇقلار سۆزلەندى.

### ۋاشىنگتوندا

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندا بېيجىڭ ئولىمپىككە قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا ئۇيغۇرلار، تىبەتلىكلەر، تەيۋەنلىكلەر ۋە خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىللىرى، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى. نامايىش لافايىت باغچىسىدىن باشلىنىپ خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئاخىرلاشتى. نامايىشتا رابىيە خانىم سۆز قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك بىخەتەرلىكى باھانىسى بىلەن كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى، ئولىمپىكنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئازاب ـ ئوقۇبەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتى. نامايىشتا يەنە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئاسىيا تىنچ ئوكيان بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇلى T. Kumar ئەپەندى، چېگرىسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتىنىڭ خادىمى Elisa Bermudez خانىم، تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىلى Doma Norbu ئەپەندى، تەيۋەنلىكلەرگە ۋاكالىتەن Iris xu خانىملار سۆز قىلىپ، خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى ھەققىدە توختالدى.

### توكيودا

8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ياپونىيىنىڭ پايتەختى توكيو شەھىرىدە خىتاي ئەلچىخانىسىغا 500 مېتىر ئۇزاقلىقتىكى Shibakoyin باغچىسىدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نامايىشنى ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، نامايىشقا توكيودا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر، موڭغۇللار ۋە ياپونلاردىن بولۇپ 500 ئەتراپىدا كىشى قاتناشتى. د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى تۈركىيىدىن ئالاھىدە ياپونىيىگە بېرىپ، ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بۇ نامايىشنى تەشكىللەش ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى قۇرۇلغىنىغا ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، د ئۇ ق نىڭ بىۋاسىتە قوللىشى ۋە ھەمكارلىششى بىلەن نامايىش ئىنتايىن ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشنى كۆپلىگەن مەتبۇئاتلار زىيارەت قىلدى.

### ئەنقەرەدە

8 ـ ئاۋغۇست كۈنى شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ـ ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تۈركىيىنىڭ ئەنقەرە شەھىرىدە كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. نامايىشقا ئۇيغۇرلاردىن

باشقا تۈركىيەدىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى، بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى بولۇپ، 400 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. نامايىشتا د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى، د ئۇ ق نامىدىن مەتبۇئات باياناتى ئوقۇپ ئۆتتى. نامايىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىستانبۇلدىن كەلگەن مۇھەممەد تۇرسۇن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىگە بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆزىگە ئوت قويۇپ، ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋالدى. تۈرك ساقچىسى ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى بىلەن ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى. ئېغىر يارىدار بولغان مۇھەممەد تۇرسۇن ئەپەندى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلدى. خىتايغا بولغان غەزەب – نەپرىتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆرسىتىپ، ئۆلگە ياراتقان مۇھەممەد تۇرسۇن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن ئالاھىدە مۇكاپاتلاندى.

### ئوسلودا

8 ـ ئاۋغۇست كۈنى نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئوسلودىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا، بېيجىڭ ئولىمپىكىغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ بېرىلدى. نامايىشقا ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە تىبەتلىكلەر، فالۇنگۇڭچىلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. نامايىش جەريانىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋاراقچىلار تارقىتىلدى.

### مالبورندا

8 ـ ئاينىڭ 8 ـ 9 ـ كۈنى ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىشى بىلەن، ئاۋستىرالىيەنىڭ مالبورن شەھىرىدە ئۇيغۇرلار ئوز ئارا پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. پۇتبول مەيدانىنىڭ ئەتراپىغا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ۋە بېيجىڭ ئولىمپىك ئۆتكۈزۈشكە لايىق ئەمەس دېگەن لوزۇنكىلارنى ئېسىپ بېيجىڭ ئولىمپىكىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ قېتىمقى پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ مەقسىتى، «ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى دوستلۇقنىڭ، قېرىنداشلىقنىڭ، ھەمكارلىقنىڭ سىمۋولى بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما بۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر ئازاب بولۇپ قالدى» دېگەننى ئىپادىلەش بولۇپ، بۇ پائالىيەتكە مالبورندىن باشقا، سىدنىي ۋە ئادىلايدتىن مەخسۇس ئاپتوبۇس بىلەن 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرى كېلىپ ئىشتىراك قىلدى.

### سىدنىي

8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مالبورندا پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندا، سىدنىيدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا ئولىمپىككە قارشى نامايىش ئېلىپ باردى. بۇ نامايىشقا تىبەت، ئۇيغۇر ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ خادىملىرى ئىشتىراك قىلدى.

□ 8 ـ ئاينىڭ 8 – كۈنى ئولىمپىكنىڭ باشلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن، شۋېتسارىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى، رادىئو كانال ك نىڭ مۇخبىرى فەدىئە ئەپەندىنىڭ ياردىمىدە، شۋېتسارىيەنىڭ

ئارائۇ شەھىرىدە ئۇچۇق مەيدان سەھنىسى قۇرۇلۇپ، ئولىمپىكنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى توغرىسىدا سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە كەڭ دائىرىلىك مەلۇمات بېرىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. پائالىيەت جەريانىدا يەنە جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن يۇزلەرچە تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى تارقىتىلدى. پائالىيەت سائەت 17.30 دا باشلىنىپ سائەت 22.00 دە ئاخىرلاشتى.

♦ 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ 17 – كۈنلىرى د ئۇ ق نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۇرسۇن مۇھەممەد، فرانسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەكبەر يۈسۈپ قاتارلىق ئۇيغۇر ۋەكىللەر، فرانسىيەدىكى تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى Marionna xamin ۋە خىتاي دېموكراتىيە پائالىيەتچىسى ۋېي جىڭشىڭ تەرىپىدىن فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە چاقىرىلغان «2008 ـ يىللىق ئولىمپىكتىن كېيىنكى خىتاي ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى» غا ئىشتىراق قىلدى. يىغىندا خىتاي دېموكراتلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ئولىمپىكتىن كېيىنكى خىتاي ۋەزىيىتى ھەققىدە كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. تۇرسۇن مۇھەممەد خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان سىستېمىلىق ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى، بۇ سىياسەتنىڭ ھەتتا تىبەتلىكلەردىنمۇ ئېغىر دەرىجىدە بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى، پىلانلىق تۇغۇت، خىتاي كۆچمەنلىرى، ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە مەجبۇرى ھالدا يۆتكەۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىق شەكلىدىكى پائالىيەتلىرى، نامايىشلىرى قاتارلىق باستۇرۇلغانلىقى مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. يىغىننىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە سورالغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

♦ 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تۇرسۇن مۇھەممەد، ۋېي جىڭشىڭ، مارىئوننا خانىملار بىلەن فرانسىيىنىڭ ناتۇس شەھىرىگە بېرىپ، فرانسىيەدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان دالاي لاما بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار دالاي لاما بىلەن خىتاي، تىبەت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1219354237&mid= ـ 2139923529

♦ 8 ـ ئاينىڭ 19 – كۈنى د ئۇ ق دىنى ئىشلار كومىتېتى باياناتى ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رامىزان ئېيىدا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قاتتىق بوغۇۋاتقانلىقىنى، روزا تۇتۇش ئەركىنلىكلىرىنى چەكلەۋاتقانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەش بىلەن بىرگە، رامىزان ئېيىدا ۋەتەنداشلارنى ئۆز ئارا تېخىمۇ ھەمكارلىقنى كۈچلەندۈرۈشكە چاقىردى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1750312520&mid .2139923529

♦ 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ 22 ـ كۈنلىرى گوللاندىيەنىڭ دەنھارگ شەھىرىدە ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ۋە گوللاندىيە Clingdael خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ بىرلىكتە

ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنى ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتشۇناسلىق بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. كۇرسقا د ئۇ ق باش كاتىپلىقىدىن غەيۇر قۇربان، گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىدىن ئەلى جاللادىن ۋە يالقۇن يارمەمەت قاتارلىقلار ئىشتىراك قىلدى.

♦ 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى د ئۇ ق باياناتچىسى دىلشات رىشىت، خەلقئارا مەتبۇئاتقا بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ساقچى دائىرىلىرىنىڭ قەشقەردە 100 دىن ئارتۇق كىشىنى قولغا ئالغانلىقىنىڭ ھېچ بىر قانۇنى ئاساسىنىڭ يوقلۇقىنى، گۇناھسىز ئىنسانلارنى تۇتقۇن قىلىۋاتقانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ گۇناھسىز ئىنسانلارنى تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى توختىتىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى.

http://news. trendaz. com/?show=news&newsid=1275747&lang=EN

♦ 2008 – يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تۈركىيىنىڭ 11 – نۆۋەتلىك جۇمھۇر رەئىسلىكىگە سايلانغان ئابدۇللاھ گۈل ئەپەندى قەيسەرىگە كەلدى. قەيسەرىنى زىيارەت قىلىش ۋە قەيسەرى خەلقىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەن ئابدۇللاھ گۈل ئەپەندىنىڭ شەرىپىگە قەيسەرى بەلەدىيەسى تەرىپىدىن ھىلتون ھوتەلدە زىياپەت بېرىلگەن بولۇپ، زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنغان قەيسەرىدىكى مۆتىۋەر كىشىلەر ۋە ئاممىۋى تەشكىلات رەھبەرلىرى قاتارىدا سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندىمۇ تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، سېيىت ئەپەندى ئابدۇللاھ گۈل ئەپەندىگە د ئۇ ق رەئىسى رابىيە خانىمنىڭ ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى.

♦ شۋېتسارىيەنىڭ پايتەختى بەرن شەھىرىدە 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شۋېتسارىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى، شۋېتسارىيە ـ تىبەت دوستلۇق جەمئىيىتى ۋە فالۇنگۇڭچىلار «مېدالنىڭ ئىككىنچى يۈزى» دېگەن تېمىدا بىرلەشمە پائالىيەت ئورۇنلاشتۇردى. پائالىيەتتە شۋېتسارىيىلىك كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى ھوفەر خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي دوكلات بەردى. ئۇيغۇرلار تۇنۇشتۇرۇلغان تەشۋىق ۋەرەقەلىرى تارقىتىلدى. ئۇيغۇر تائاملىرى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋەزىيىتى ۋە مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشى ۋە ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك يىغىنىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان قاتتىق قوللۇق باستۇرۇش سىياستى پائالىيەتكە قاتناشقۇچىلار تەرىپىدىن بىردەك ئەيىبلەندى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1220211300&mid= ـ 2139923529

♦ بېيجىڭ ئولىمپىكىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن شىددەت ۋەقەلىرىنى باھانە قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى باشلاتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، د ئۇ ق 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 150 گە يېقىن ئەزاسىغا، گېرمانىيە پارلامېنتى رەئىسى ۋە ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ 16 نەپەر ئەزاسىغا، سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ رەئىسلىرى ۋە گېرمانىيە پرېزىدېنتى كوھلەر، باش مىنىستىرى Agela Markel خانىملارغا ئايرىم ـ ئايرىم خەت ئەۋەتىپ «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىساس ئېلىش

خاراكتېرلىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىمىزنى، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى، پارلامېنتى ۋە ياۋروپا بىرلىكىنىڭ بۇ ھادىسىگە جىددىي دىققەت قىلىشى»نى تەلەپ قىلدى.

♦ 9 - ئاينىڭ 4 – كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى رامىزان ئېيىدا ئۇيغۇرلارنىڭ روزا تۇتۇش قاتارلىق دىنىي ئەركىنلىكىگە بولغان بېسىمنى تېخىمۇ شىددەت بىلەن كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، د ئۇ ق باياناتچىسى دىلشات رېشىت بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي زۇلمىنى قاتتىق ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ بايانات خەلقئارا مەتبۇئاتنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، كۆپلىگەن مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى.

♦ 9 - ئاينىڭ 7 – كۈنى د ئۇ ق دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، رامىزان ئېيى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىپتار زىياپىتى ئۆتكۈزدى. پائالىيەت جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكلىرىنى قاتتىق چەكلەۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈلدى.

♦ 8 - سېنتەبىر، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئويۇشتۇرۇلغان ئىپتار زىياپىتى جەريانىدا رابىيە قادىر خانىم تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كاندىلىزا رەئىس خانىم بىلەن ئۇچراشتى. ئۇچرىشىشتا Candiliza Reis خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، جۈملىدىن رابىيە قادىر خانىمنىڭ تۈرمىدىكى پەرزەنتلىرى ئابدۇلھېكىم ۋە ئالىم ئابدۇرېھىملارنىڭ مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

♦ 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياپونىيىنىڭ ت ب س ت ۋ قانىلىڭ خادىملىرى د ئۇ ق غا كېلىپ دولقۇن ئىيسا ۋە قۇرۇلتاينىڭ باشقا خادىملىرىنى بىيجىڭ ئولىمپىك ۋە ئۇيغۇرلار ۋەزىيىتى ھەققىدە مەخسۇس زىيارەت قىلىپ، ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلىدى.

♦ 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئېستونىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «ياللىق دۆلەتلىرى ۋە تىبەت تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن كۆچمەن يۆتكەش سىياستى» ناملىق خەلقئارا يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. ئېستونىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ يىغىنغا ئېستونىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى، سابىق مىنىستىرلەر، ئېستونىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى، ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى. يىغىن جەريانىدا د ئۇ ق باش مەسلىھەتچىسى ئەركىن ئالىپتېكىن، دولقۇن ئىيسا ئەپەندىلەر مۇتىخەسسىسلەر، پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. يىغىن جەريانىدا يەنە، د ئۇ ق ۋە ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەييارلانغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەخسۇس دوكلاتلار، كىتابچىلار تارقىتىلدى. يىغىننىڭ ئاخىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇللارغا قاراتقان نوپۇس يۆتكەش سىياسىتىنى دەرھال توختىتىشقا چاقىرىپ مەخسۇس خىتابنامە ئېلان قىلدى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1483776446&mid= ـ 2139923529

♦ 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ 21 – كۈنلىرى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رەئىسلىك كېڭىشى (ئىجرائىيە هەيئەتلىرى) يىغىنى ئېستونىيەنىڭ پايتەختى تاللىن شەهرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا، ئۇيغۇرلارغا ۋاكالەتەن ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندى، دولقۇن ئېيسا ئەپەندىلەر ئىشتىراك قىلدى. يىغىن جەريانىدا، 19 ـ سېنتەبىر چۈشتىن بۇرۇن ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە هەيئەتلىرى ئېستونىيە پارلامېنتىنى زىيارەت قىلىپ، ئېستونىيە پارلامېنتى «تىبەتنى هىمايە قىلىش گۇرۇپپىسى» بىلەن مەخسۇس مۇزاكىرە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇزاكىرە يىغىنىغا ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە هەيئەتلىرىدىن باشقا ئېستونىيە پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى Jüri Ratas ئەپەندى، تىبەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى Aleksei Lotman ئەپەندى، سابىق باش مىنىستىر Mart Laar ئەپەندى، Silver Meikar ئەپەندى، Lauri Vahtre ئەپەندى، Ken-Marti Vaher ئەپەندىلەر قاتناشتى. ئۇچرىشىش جەريانىدا دولقۇن ئېيسا ئەپەندى، سابىق باش مىنىستىر مارت لائار ئەپەندى بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى هەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە د ئۇ ق تەرىپىدىن تەييارلىغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتېرىياللارنى تەقدىم قىلدى. 2000 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، 3 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئېستونىيەدە ئېچىلغان بولۇپ، ياشلار قۇرۇلتىيى جەريانىدا ئېستونىيەنىڭ هازىرقى پرېزىدېنتى، ئۆز ۋاقتىدىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى Toomas Hendrik Ilves ئەپەندى، ئەركىن ئالپتېكىن ۋە دولقۇن ئېيسا ئەپەندىلەرنى قوبۇل قىلغان ئىدى.

.http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1222177745&mid= ـ 2139923529

♦ د ئۇ ق مەخسۇس قارار ماقۇللاپ خىتاي خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش كۈنى بولغان 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىنى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ «ماتەم كۈنى» دەپ جاكارلاپ، هەر يىلى بۇ كۈندە دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەپ كەلگەن ئىدى.

♦ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، 2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چاقىرىق ئېلان قىلىپ خىتاي خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 59 ـ يىللىقى ۋە ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 53 ـ يىللىقى خاتىرە كۈنىدە، دېموكراتىك دۆلەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى، شۇ دۆلەتلەردە خىتاي ئەلچىخانىلىرى، كونسۇلخانىلىرى ئالدىدا نامايىش ئېلىپ بېرىش، مەتبۇئات يىغىنى ئۆتكۈزۈش ۋە مۇهاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ شەرقي تۈركىستاندىكى ئىنسان هەقلىرى قىرغىنچىلىقلىرىغا قارشى نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1222251302&mid= ـ 2139923529

♦ نەتىجىدە 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گېرمانىيە، ئامېرىكا، كانادا، شىۋىتسىيە، نورۋېگىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە خىتاي ئەلچىخانىلىرى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

قازاقىستان، قىرغىزىستاندا مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىپ، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

♦ 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى د ئۇ ق ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىشى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار روزا ھېيتىنى قۇتلۇقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. پائالىيەتتە دولقۇن ئەيسا ئەپەندى سۆز قىلىپ، ۋەتەنداشلارنىڭ روزا ھېيتىنى قۇتلۇقلاش بىلەن بىرگە، نۆۋەتتىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا رامىزان ئېيى ۋە روزا ھېيت جەريانىدا قاراتقان باستۇرۇش ۋە قاتتىق نازارەت قىلىش ھەرىكەتلىرى ئۈستىدىن مەلۇمات بەردى. پائالىيەتتە ئۇيغۇر ياش - ئۆسمۈرلىرى تەرىپىدىن تەييارلانغان ھېيتلىق سەنئەت پروگراممىلىرى قويۇلدى. پائالىيەتكە 200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1223456945&mid= - 2139923529

♦ 7 - ئۆكتەبىر ئامېرىكا فېدېراتسىيە سوت مەھكىمىسىدە گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇر تۇتقۇنلىرى ئۈستىدە ئېچىلغان سوتتا ئامېرىكا ۋاشىنگتون رايونلۇق سوت مەھكىمىسى سودىيىسى Richardo Urbina ئەپەندى ئۇيغۇر تۇتقۇنلارنىڭ ئامېرىكىغا دەرھال قويۇپ بېرىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى. د ئۇ ق بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 8 - ئۆكتەبىر كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، د ئۇ ق بارلىق ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن سوتنىڭ بۇ قارارىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتلىرى ۋە بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەن بارلىق كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئامېرىكا سوتىنىڭ بۇ قېتىمقى ئادىل ھۆكمىنىڭ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئادالەتكە بولغان ئىشەنچىنى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئامېرىكىغا، ئامېرىكا خەلقىگە بولغان ھۆرمىتىنى ئاشۇرغانلىقىنى بايان قىلدى.

♦ تۈركىيەنىڭ قارابۈك شەھرىدە، 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت بايرىمى بولۇپ ئۆتتى. بۇ بايرامغا 22 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن 250 كىشى قاتناشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن د ئۇ ق نىڭ تەپتىشى خەيرۇللاھ ئەپەندى باشچىلىقىدا بىر ھەيئەت قاتناشتى. پائالىيەت جەريانىدا ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە مەدەنىيەتلىرىنى نامايان قىلدى، ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇردى. پائالىيەتتە خەيرۇللاھ ئەپەندى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تىل - يېزىقىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ قۇربانى بولۇپ، ۋەيران قىلىنىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى، دۇنيانىڭ بۇ ۋەزىيەتكە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرىدىغان كۆرگەزمە ئېچىلدى. بۇ كۆرگەزمە كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

http://www. gokbayrak. com/türkistan. asp?inc=haberdetay&numara=1113

♦ د ئۇ ق نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە ياپونىيىدە زىيارەتتە بولدى. ئۇ ياپونىيە زىيارتى جەريانىدا ياپونىيە پارلامېنت ئەزالىرى، سىياسەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە تىبەت، ئىچكى موڭغۇل، تەيۋەن ۋە خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئېلىپ باردى. ياپونىيە زىيارتى جەريانىدا تۆۋەندىكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ياپونىيىنىڭ توكۇسوكۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى» دېگەن تېمىدا بىر خەلقئارالىق يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى ۋە ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىلھام ماھمۇت ئەپەندىلەر تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. يىغىندا سېيىت تۈمتۈرك شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي دوكلات بەردى. يىغىنغا ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇللارنىڭ ۋەكىللىرىدىن باشقا، كۆپ ساندا ياپونلۇق ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، خىتاي دېموكراتلىرى، تەيۋەنلىكلەر، ياپونىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ياپونىيە زىيالىيلىرى ئارىسىدا بىلىنىشى جەھەتتە ئىنتايىن پايدىلىق رول ئوينىدى.

http://www. gokbayrak. com/türkistan. asp?inc=haberdetay&numara=1111

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سېيىت تۈمتۈرك، ياپونىيىنىڭ ناگويا شەھىرىدىكى سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ خادىملىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئېلىپ باردى.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سېيىت تۈمتۈرك ۋە ئىلھام مەھمۇد ئەپەندىلەر، ياپونىيىنىڭ Organization for Industrial، Spiritual and Cultural Advancement (OİSCA) جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بەردى. دوكلاتتىن كېيىن خىتاي، ياپون مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇزاكىرىلەر بولۇپ ئۆتتى.

http://www. gokbayrak. com/türkistan. asp?inc=haberdetay&numara=1115

♦ 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى د ئۇ ق ۋە ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى بىرلىكتە ب د ت تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتىغا، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان تەن جازاسىنى ئاساسى تېما قىلغان مەخسۇس بىر دوكلات يوللىدى. بۇ دوكلات ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ تور بېتىدە ئېلان قىلىندى.

♦ 10 ـ ئاينىڭ 29 – كۈنى مۇئاۋىن رەئىس سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى، تۈركىيەدىكى ئايلىق سىياسىي ژۇرنال بولغان «قۇتلۇ سەسلىنىش» ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى ئىسمائىل ئۆزدەمىر ئەپەندىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى، خىتاي ـ تۈركىيە مۇناسىۋىتى ۋە د ئۇ ق غا ئائىت سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. بۇ زىيارەت 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىندى.

http://www.2023haber. com/haber_detay. php?haberid=11644

♦ ئامېرىكىنىڭ ئالەم بوشلۇقى تەتقىقات مەركىزى (ناسا) نىڭ ئۇيغۇر تەتقىقاتچىسى ئەركىن سىدىق ئەپەندى «ئالەم بوشلۇقىدىكى تەلەسكوپىنى يەر شارى باشقۇرۇش مەركىزىدە تۇرۇپ تەڭشەش» ساھەسىدىكى يېڭى كەشپىياتى بىلەن، ناسانىڭ «كەشپىيات ۋە تۆھپە باشقارمىسى» تەرىپىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن د ئۇ ق 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ پەن ساھەسىدىكى بۇ تۆھپىسىنى مەدھىيىلەپ باياناتت ئېلان قىلدى. باياناتتا ئەركىن سىدىقتا ئوخشاش كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئالىملىرى شەرقىي تۈركىستاندا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى ئايرىمچىلىق، چەتكە قېقىش سىياسىتى سەۋەبىدىن تەتقىقات ساھەلىرىدە بېسىمغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى تەكىتلەنگەن.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=2109740299&mid= ـ 2139923529

♦ تىبەتنىڭ روھانىي داھىيسى دالاى لاما ياپونىيە زىيارىتى جەريانىدا، 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، توكيودىكى رويال پارس مېھمانخانىسىدا د ئۇ ق نىڭ ياپونىيە ۋەكىلى ۋە ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىلھام ماھمۇت ئەپەندىنى قوبۇل قىلدى. ئۇچرىشىشتا ئىلھام مەھمۇد ئەپەندى دالاي لاماغا ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ياپونىيىدىكى ئەھۋالى ۋە پائالىيەتلەر ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ئۇچرىشىشتا يەنە تىبەت ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ كېلىچەككە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە مۇزاكىرىلەر بولۇپ ئۆتتى.

http://www. gokbayrak. com/türkistan. asp?inc=haberdetay&numara=1117

♦ ب د ت تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتىنىڭ يىغىنى، 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلدى. كومىتېتنىڭ خىتايدىكى تەن جازاسىنى باھالاش يىغىنى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە بولۇپ ئۆتتى. د ئۇ ق غا ۋاكالىتەن دولقۇن ئىيسا رىياسەتچىلىكىدە، غەيۇر ۋە ئابدۇۋەلى ئالماس ئەپەندىلەردىن تەشكىل تاپقان 3 كىشىلىك بىر ھەيئەت بۇ يىغىنغا قاتناشتى.

 6 ـ نويابىر چۈشتىن بۇرۇن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى ئىشخانىسىدا، ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، مەركىزى نيۇ-يورۇكتىكى خىتايدا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى، تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، فالۇنگۇڭ ۋەكىللىرى، شاڭگاڭ ۋە ماكودىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بولۇپ، 16 دىن ئارتۇق خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى  بىرلىكتە مۇزاكىرە يىغىنى ئېلىپ باردى.

 6 ـ نويابىر چۈشتىن كېيىن ب د ت يىغىن زالىدا، تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتىنىڭ 10 كىشىدىن تەشكىل تاپقان ئەزالىرى خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ خىتايدىكى تەن جازاسى ۋەزىيىتى ھەققىدىكى دوكلاتىنى، پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى. يىغىندا د ئۇ ق غا ۋاكالىتەن غەيۇر ئەپەندى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان تەن جازاسى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. كومىتېت ئەزالىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

□ 7 ـ نويابىر كۈنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ب د ت دىكى باش ئەلچىسى ۋە خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دوكلاتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. دوكلاتتىن كېيىن كومىتېت ئەزالىرى، خىتاي ۋەكىلىدىن سوئاللار سوراپ، ئېنىق بولمىغان بىر قىسىم مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كومىتېت ئەزالىرى سورىغان سوئاللارنىڭ ئىچىدە 4 سوئال مەخسۇس ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك سوئاللار بولۇپ، بۇلار 6 ـ نويابىر كۈنى د ئۇ ق ۋەكىللىرى، كومىتېت ئەزالىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ئاساس قىلغان ئىدى.

□ 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 38 كىشىدىن تەشكىل تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى، 40 تىن ئارتۇق خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، كۆزەتكۈچىلەر ۋە كومىتېت ئەزالىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن خىتاي ھەققىدىكى ئاخىرقى يىغىن بولدى. بۇ يىغىندا كومىتېت ئەزالىرى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللىرىغا خىتاي تەرەپ جاۋاب بېرىپ ئۆتتى. خىتاي تەرەپنىڭ جاۋابىدىن كېيىن، كومىتېت ئەزالىرى خىتاي تەرەپنىڭ جاۋابىدا نۇرغۇن نۇقتىلار ئېنىق بولمىغانلىقى ۋە نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب بېرىلمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېنىق بولمىغان نۇقتىلارغا جاۋاب بېرىشنى قايتا تەلەپ قىلدى.

□ 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ب د ت مەتبۇئات زالىدا تىبەت تەشكىلاتى، مەركىزى نيۇ-يورۇكتىكى خىتايدا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى ۋە د ئۇ ق بىرلىكتە تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش يىغىنى ھەققىدە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئېلىپ باردى. مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا بىبك، رۇيتىر... قاتارلىق خەلقئارالىق مەتبۇئاتلارنىڭ مۇخبىرلىرى ئىشتىراك قىلدى.

□ بۇ قېتىمقى تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتىنىڭ يىغىنى جەريانىدا، د ئۇ ق ۋەكىللىرىنىڭ باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن زىچ ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر مەسىلىسى مۇھىم بىر مەسىلە قاتارىدا ئورۇن ئالدى. يىغىن جەريانىدا د ئۇ ق ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان تەن جازاسىغا ئائىت دوكلات تارقىتىلدى، كومىتېت ئەزالىرى بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىش ئېلىپ بېرىلدى.

♦ 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ۋە 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلغان ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئەسلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، د ئۇ ق ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ميۇنخېن شەھىرىدە مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتتە بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى ھەققىدە مەخسۇس دوكلات بېرىلدى. رەسىملىك كۆرگەزمە ئېچىلدى. تارىخى شەخسلەر ئەسلەپ ئۆتۈلدى. پائالىيەت جەريانىدا ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلدى.

♦ 11 ـ ئاينىڭ 12 – كۈنى ب د ت ئىلىم، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 2008 ـ يىلىنى «مەھمۇد كاشغەرى يىلى» دەپ ئېلان قىلغاندىن ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا مەھمۇد كاشغەرىنى خاتىرلەش ئىلمى يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

□ 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تۈركىيەنىڭ غازى ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ـ ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن غازى ئۇنىۋېرسىتېتىدا، مەھمۇد كاشغەرىنى خاتىرىلەش بىلەن بىرگە ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلمى يىغىن بولۇپ ئۆتتى. يىغىندا غازى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور، دوكتۇر رىزا ئايخان ئەپەندى، تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور سەما ئۆزۆندەر خانىم ۋە پروفېسسور ئەھمەد بىجان ئەرجىلاسۇن، پروفېسسور فاتىھ كىرىسجى ئوغلۇ ئەپەندىلەر مەھمۇد كاشغەرى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. يىغىندا يەنە د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى، مۇئاۋىن باش كاتىپ دوكتۇر ئەركىن ئەمەت ئەپەندىلەر يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ خەلقئارادىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. يىغىنغا غازى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى.

♦ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي ئاۋازى بولغان چىن خۇئا نېت تور بېتىدە 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، د ئۇ ق ھەققىدە مەخسۇس بىر ماقالە ئېلان قىلىنىپ، د ئۇ ق نى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ كۆرسەتكەن ۋە د ئۇ ق نى تېررورىست تەشكىلات دەپ تەكىتلەپ، د ئۇ ق نىڭ مەقسىتى پائالىيەتلىرىنى بۇرمىلاپ، د ئۇ ق غا بوھتان چاپلىغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 11 – ئاينىڭ 15 – كۈنى د ئۇ ق باياناتچىسى دىلشات رېشىت بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خاتا قارىشىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، د ئۇ ق پائالىيەتلىرىنى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ قائىدىلىرىگە، قانۇنلىرىغا ھۆرمەت قىلغان ھالدا تىنچلىق يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتانلىقىنى، د ئۇ ق نىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى تېررورىست ھەرىكەتنى قەتئىي چەتكە قاقىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاينىڭ د ئۇ ق غا سىياسىي سۇيىقەست قىلىۋاتقانلىقىنى پاش قىلدى.

♦ 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۇيغۇر ئايال ئارزىگۇل خانىمنىڭ 6 ئايلىق ھامىلە پەرزەنتىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك، ئالدۇررۇۋېتىشكە مەجبۇرلىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن د ئۇ ق بۇ ئىشقا جىددىي كۆڭۈل بۆلۈپ، دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىدىن، خەلقئارا تەشكىلاتلاردىن بۇ مەسىلىگە جىددىي ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. باياناتچى دىلشات رېشىت د ئۇ ق نامىدىن  بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىبلەش بىلەن بىرگە خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ بۇ ۋەقەگە دىققەت قىلىشىنى ۋە ئۆلۈم ئالدىدىكى بىر جاننى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ياردەم قىلىشقا چاقىردى. ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە ئارزىگۇلنىڭ بالىسىنى مەجبۇرى ئالدۇرۇۋېتىش ئوپېراتسىيەسى ئەمەلدىن قېلىپ، بىر جاننىڭ ھاياتى ساقلىنىپ قالدى. ئەمما ئارزىگۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھازىرمۇ كۆپلىگەن بېسىملارغا دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ئاستىدا ياشىماقتا.

♦ شىۋىتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى ستوكھولم شەھرىدە 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئومۇمى قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، 2 يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات بەردى ۋە دېموكراتىك ئاساستا يېڭى ئىدارە

ھەيئىتىنى سايلاپ چىقتى. ماھنۇر خانىم تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. قۇرۇلتايدا شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىدىن دوكلات بېرىش بىلەن بىرگە د ئۇ ق نىڭ يېقىندىن بۇيان ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدىنمۇ دوكلات بېرىلدى. سايلامغا د ئۇ ق غا ۋاكالىتەن باياناتچى دىلشات رېشىت ئەپەندى كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتنىشىپ، سايلامنىڭ دېموكراتىك شەكىلدە ئۆتۈشى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى، د ئۇ ق نى تەشكىل قىلغان ئەڭ ئاساسلىق تەشكىلاتلاردىن بىرى بولۇپ، د ئۇ ق بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ياۋروپادا ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ تونۇلۇشىدا ئاكتىپ پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىر تەشكىلات.

♦ ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى، 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئادىلايد شەھرىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت كۈنىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەتكە ئاۋستىرالىيىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدىن كەلگەن 300 گە يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىق بىلەن بىرگە جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرىدىن Maykel Etkinson ئەپەندى، Tony Zappiya ئەپەندى، Fransis Bedford ئەپەندى، Lidisey Simmons خانىم، Weni Chikkarlo ئەپەندى، Greg Kelly ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. پائالىيەتتە د ئۇ ق نىڭ ئاۋستىرالىيىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى، ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھۇسەن ھەسەن ئەپەندى د ئۇ ق پائالىيەتلىرى ھەققىدە دوكلات بېرىپ ئۆتتى. پائالىيەت جەريانىدا پائالىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان «ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر لوڭقىسى» نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقىدە ئادىلايد پۇتبول كوماندىسى چېمپىيونلۇق لوڭقىسىنى ئالدى. مەلبورن كوماندىسى 2 ـ لىككە، سىدنىي كوماندىسى 3 ـ لىككە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا پائالىيەت جەريانىدا يەنە ھەر خىل شەكىلدىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، چوڭ ـ كىچىك تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

♦ 11 ـ ئاينىڭ 20 – كۈنى دولقۇن ئىيسا ئەپەندى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نامىدىن گېرمانىيە يېشىللار پارتىيىسىنىڭ قوش رەئىسلىرىدىن Clodia Roth خانىم بىلەن جەم ئۆزدەمىر ئەپەندىگە ۋە يېشىللار پارتىيىسىنىڭ گېرمانىيە پارلامېنتىدىكى باش كاتىپى Volker Beck ئەپەندىلەرگە ئايرىم – ئايرىم ھالدا مەكتۇپ يوللاپ، جەم ئۆزدەمىر ئەپەندىنىڭ گېرمانىيە يېشىللار پارتىيىسىنىڭ قوش رەئىسى بولۇپ سايلانغانلىقىنى، يەنە شۇنداقلا Clodia Roth خانىمنىڭمۇ قايتىدىن پارتىيەنىڭ قوش رەئىسلىكىگە سايلانغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە چاقىردى.

□ گېرمانىيىدىكى نوپۇزلۇق ئۆكتىچى پارتىيەلەرنىڭ بىرى ھېسابلانغان يېشىللار پارتىيەسى 11 ـ ئايدا قۇرۇلتاي ئۆتكۈزگەن ئىدى. گېرمانىيە يېشىللار پارتىيەسىن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە ئىزچىل تۈردە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن بولۇپ، يېشىللار پارتىيىسىنىڭ سابىق رەئىسى ۋە گېرمانىيىنىڭ ئەينى چاغدىكى سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى Joshka Fisher ئەپەندىم 2002 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ب د ت كىشىلىك ھوقۇق

كومتېتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدى. شۇنداقلا يېشىللار پارتىيىسىنىڭ رەئىسى Clodia Roth خانىم، يېشىللار پارتىيىسىنىڭ گېرمانىيە پارلامېنتىدىكى باش كاتىپى Volker Beck ئەپەندىلەرنىڭ مىللىي رەھبىرىمىز ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە خانىم ۋە باشقا د ئۇ ق رەھبەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ كۆرۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىگە بولغان قوللىشىنى ئوچۇق ئىپادە قىلغان ئىدى. Volker Beck ئەپەندىم 2007 – يىلى 12 ـ ئايدا دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيە پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى مەخسۇس ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

♦ دولقۇن ئىيسا خېتىدە بۇ نۇقتىلارنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلارغا بولغان مىننەتدارلىقىنى قايتا ئىزھار قىلىش بىلەن بىرگە بۇندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلدى.

♦ 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ د ئۇ ق نىڭ ئامېرىكا، كانادا، تۈركىيە، نورۋېگىيە، ئاۋستىرالىيە، قازاقىستان، گېرمانىيە، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تېلېفون يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. تېلېفون يىغىنىدا د ئۇ ق نىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمى قۇرۇلتىيىغا ۋە خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى 60 يىلدىن بۇيانقى شەرقىي تۈركىستان ناملىق خەلقئارا يىغىنغا ئائىت مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. نەتىجىدە ۋاشىنگتوندا 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ 19 ـ كۈنلىرى خەلقئارالىق يىغىن ئۆتكۈزۈش ۋە 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە د ئۇ ق نىڭ ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ياۋروپا پارلامېنتىدىكى لىبېرال ۋە دېموكراتلار ئىتتىپاقى، مەركىزى بروكسەلدە بولغان چېگىرىسىز ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى ۋە تەيۋەن دېموكراتىيە فوندىنىڭ بىرلىكتە ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن، ياۋروپا پارلامېنتىدا «ئولىمپىكتىن كېيىنكى ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدىن بۇرۇنقى خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى» دېگەن تېمىدا خەلقئارالىق يىغىن ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا ياۋروپا پارلامېنتىدىكى لىبېرال ۋە دېموكراتلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى Szenti Ivanyi ۋە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى Edward Mcmillan Scott ئەپەندىلەر رىياسەتچىلىك قىلدى. ياۋروپا پارلامېنتىدىكى لىبېرال ـ دېموكراتلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى Graham Watson، پارلامېنت ئەزاسى Marco Cappato ئەپەندى ۋە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى Helga Trüpel خانىم ئېچىلىش نۇتقى سۆزلەپ، خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە توختالدى، بولۇپمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئەيىبلىدى.

يىغىنغا ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرىدىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى، مۇتىخەسسىسلەر ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى. يىغىندا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى فېدېراتسىيونى،

ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، خىتايغا ياردەم تەشكىلاتى، خىتايغا ھەمكارلىق تەشكىلاتى، چېگرىسىز ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى، تىبەت ۋە فالۇنگۇڭ ۋەكىللىرى دوكلات بەردى.

دولقۇن ئىيسا، يىغىندا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ئۇ نۇقتىلىق ھالدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىي، ئىقتىسادى، دىنى، پىلانلىق تۇغۇت، كۆچمەن يۆتكەش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە ئولىمپىكتىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۆچ ئېلىش خارەكتېرلىك تۇتقۇن قىلىش ئېلىپ بارغانلىقى، نەچچە مىڭلىغان بىگۇناھ ئىنسانلارنى سولىغانلىقى، ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى شىددەت بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتى. شۇنداقلا يەنە ياۋروپا پارلامېنتى، ب د ت ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىگە جىددىي دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. يىغىن جەريانىدا دولقۇن ئىيسا ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇيغۇر ۋەزىيىتى ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

♦ قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن، د ئۇ ق 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بايرام تەبرىكى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلىدى. باياناتتا شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنى ئەركىنلىكلىرىنىڭ قاتتىق بېسىمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، شۇڭا دېموكراتىك دۆلەتلەردە ئەركىن ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى، دېموكراتىيىنى قەدىرلىشى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. د ئۇ ق دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىقتىسادى ياردەم سەپەرۋەرلىكى ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارغا ۋە مۇھاجىرلارغا ماددىي ياردەم ئەۋەتىلدى.

♦ ب د ت تەرىپىدىن خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى بايانامىسى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، د ئۇ ق بايانات ئېلان قىلىپ، بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدە «خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى»نى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىشقا چاقىرغان ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر قانچە دۆلەتلەردە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

□ گېرمانىيە ئۇيغۇرلىرى ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خىتاينىڭ ميۇنخېندىكى كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش ئېلىپ باردى. نامايىش جەريانىدا يەنە، دولقۇن ئىيسا ئەپەندى نۇتۇق سۆزلەپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

□ فرانسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى، فرانسىيە ئەركىنلىك مەيدانىدا (Trocadiro) ئۇيغۇر، تىبەت، ۋيېتنام، بىرما، تامۇل، دېموكراتىك خىتاي، تەيۋەن قاتارلىق 7 تەشكىلات بىلەن بىرلىكتە خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. يۇقىرىقى تەشكىلات بىرلىكتە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى

ئۆتكۈزدى. پائالىيەت جەريانىدا يەنە ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلدى. فرانسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەكبەر ئەپەندى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى.

□ د ئۇ ق نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قەھرىمان خوجامبەردى ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جامائەت ۋەكىللىرى بىلەن يىغىن ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىنغا ئالمۇتا شەھىرى ۋە ئەتراپىدىن بولۇپ 150 تىن ئوشۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى. پائالىيەتتە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق بايانامىسىنىڭ مەزمۇنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى. شۇنداقلا يەنە د ئۇ ق نىڭ ئېلىپ بارغا پائالىيەتلىرى ھەققىدە كۆپچىلىككە مەلۇمات بېرىلدى.

□ تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى، شەرقىي تۈركىستان ياشلار تەشكىلاتى، شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىشى بىلەن خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. نامايىش تۈركىيە مەتبۇئاتىنىڭ كۆچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىدى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مىيۇنخېن شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى Hep Monatzder ئەپەندىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە مىيۇنخېن جەنۇب ـ شىمال مۇنبىرى تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن «كۈلتۈر بازىرى» ناملىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ھىندونوزىيە، برازىلىيە، مېكسىكا، پېرۇ، ماداغاسقار، ياپونىيە، سىبىرىيە، جەنۇبى ئافرىقا، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن كېلىپ مىيۇنخېندا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت جامائەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلغان بۇ پائالىيەتكە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتى مىيۇنخېندىكى ئۇيغۇر جامائىتىگە ۋاكالىتەن ئىشتىراك قىلدى. ياۋروپا شەرقى تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ تەشكىللىشىدە مىيۇنخېندىكى ئۇيغۇر ياش ـ ئۆسمۈرلىرى تەرىپىدىن تەييارلانغان نەپىس ئۇيغۇر ئۇسسۇلى كۆرسىتىلدى. پائالىيەت جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدە مەيدانغا كېلىۋاتقان ھەر خىل مەسىلىلىرىنى بايان قىلىدىغان كىتابچىلار، دوكلاتلار ۋە باشقا تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تارقاتتى.

♦ قەشقەر خەلق ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى، 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئوچۇق سوت ئېچىپ ئىككى نەپەر ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن د ئۇ ق باياناتچىسى دىلشات رېشىت نۇرغۇنلىغان خەلقئارا مەتبۇئاتلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچقانداق قانۇنى يوللارنى باسماي تۇرۇپلا ئۇيغۇرلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىۋاتقانلىقى، نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي سەۋەبتىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىۋاتقانلىقى...» نى قاتتىق ئەيىبلىدى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 22 – كۈنى تۈكىيىنىڭ چاناققەلئە ئونى سەككىز مارت ئۇنىۋېرسىتېتىدا، «شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي زۇلۇمى» ناملىق يىغىن ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىندا مۇئاۋىن رەئىس سېيىت تۈمتۈرك ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بەردى. يىغىن جەريانىدا

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسىتىلدى. يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا سىيىت تۈمتۈرك ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. رەسىم كۆرگەزمىسى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 23 – كۈنى گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، گۇئانتانامو تۈرمىسىدىكى تۇتقۇنلاردىن بىر قىسمىنى ئېلىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقى ھەققىدە باياناتى بەرگەندىن كېيىن، د ئۇ ق گېرمانىيە فېدېرال ھۆكۈمىتى ۋە باۋارىيە ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ، گۇئانتانامو تۈرمىسىدە گۇناھسىز يېتىۋاتقان 17 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ بىر قىسمىنى گېرمانىيىنىڭ ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ 23 – كۈنى د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلھېكىم ئىدرىس ئەپەندى، گېرمانىيىدىكى «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى Carolin Emcke خانىم رىياسەتچىلىكىدىكى مۇخبىرلار گۇرۇپپىسىغا ھەمراھ بولۇپ، ئالبانىيەنى زىيارەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئالبانىيەنى زىيارەت قىلىشىدىكى مەقسەت، 2006 ـ يىلى گۇئانتانامو تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىپ، ئالبانىيەگە ئورۇنلاشقان 5 نەپەر ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلىش، ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئىدى. بۇ زىيارەت جەريانىدا ئابدۇلھېكىم ئەپەندى ھەم تەرجىمان ھەم يول كۆرسەتكۈچى (رەھبەر) بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ئاكتىپ ماسلاشتى. ۋاقىت گېزىتىنىڭ 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئالبانىيەدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالە گۇئانتانامو تۈرمىسىدىكى باشقا 17 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ گېرمانىيىگە ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

♦ 2 ـ ئايدا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى تەرىپىدىن جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنىدا، دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە بولغان دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاش ۋە دۆلەتلەرنىڭ يىغىنىدا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن سوئال سورىشىنى، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، شۇنداقلا يەنە ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ گۇئانتانامو تۈرمىسىدىكى گۇناھسىز ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش مەقسىتىدە، دولقۇن ئىيسا د ئۇ ق نامىدىن ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا دۆلەتلەر ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە ئەزا دۆلەتلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا 60 قا يېقىن دۆلەتنىڭ بېرلىندىكى باش ئەلچىسىگە 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ 24 – كۈنلىرى ئايرىم ـ ئايرىم خەت ئەۋەتتى.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 29 – كۈنى تۈركىيە پارلامېنت ئەزاسى دوكتۇر رىشات دوغرۇ ئەپەندى، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيە پارلامېنتىدە سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كۈنسېرى ناچارلىشىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە توختالدى. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىرغان ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى سىيىت تۈمتۈرك ئەپەندى دوكتۇر رىشات دوغرۇ ئەپەندىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا رەھمىتىنى ئىزھار قىلدى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى يېڭى ۋەزىيەتلەر ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

# 2009 ـ يىلى

♦ 1 ـ ئاينىڭ 1 – كۈنى رابىيە قادىر خانىم، د ئۇ ق نامىدىن يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن بىر بايانات ئېلان قىلىپ، بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى يىلىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئۇ باياناتىدا، 2008 ـ يىلىدا دۇنيادا يۈز بەرگەن زور سىياسىي ۋەقەلەرگە پاراللېل ھالدا، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ زور ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ۋە تىبەتلىكلەرگە قارىتا قاتتىق تۇتقۇن قىلىش، باستۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارغانلىقىنى، 2008 ـ يىلى خىتاي كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدە ئېغىر پاجىئەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، 2009 ـ يىلىنىڭ دۇنيا تىنچلىقى، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەر بولغان بىر يىل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. باياناتتا يەنە، 2008 ـ يىلى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر دەۋاسىغا خەلقئارادا ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنىڭ كۆپەيگەنلىكى، دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت، پارلامېنتلىرى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقى، 2009 ـ يىلى بۇ خىل پائالىيەتلەرنىڭ تېخىمۇ جانلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

♦ 12 ـ ئاينىڭ 31 – كۈنى ۋە 1 ـ ئاينىڭ 1 – كۈنى د ئۇ ق نىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، ئامېرىكا، گېرمانىيە، فرانسىيە، كانادا، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەتتە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پروگراممىلىرى بىلەن بىرگە، 2008 ـ يىلى د ئۇ ق نىڭ ۋە ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە دوكلات بېرىلدى.

♦ 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ 13 – كۈنلىرى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 2 ـ ئايدا جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان كىشىلىك ھوقۇقنى ئومۇميۈزلۈك كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنىدىن بۇرۇن، دۆلەتلەرگە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش، شۇنداقلا يەنە ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ گۇئانتانامو تۈرمىسىدىكى گۇناھسىز ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش مەقسىتىدە، ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا دۆلەتلەر ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە ئەزا دۆلەتنىڭ بېرلىندىكى باش ئەلچىسىگە 12 ـ ئايدا ئايرىم ـ ئايرىم خەت ئەۋەتىلگەن ئىدى. گېرمانىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە خەت ئەۋەتىپ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. بۇ مەقسەت بىلەن دولقۇن ئىيسا، غەيۇر قۇربانلار 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە بېرلىندە زىيارەتتە بولدى.

♦ زىيارەت جەريانىدا پورتىگالىيە، كانادا، فىلىپپىن، تۈركىيە ياپونىيە، شىۋىتسىيە، نورۋېگىيە، بولونىيە، ئەزەربەيجان، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىخانىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، بەزى دۆلەتلەرنىڭ باش ئەلچىلىرى، بەزىلىرىنىڭ باش كونسۇلى، سېكرىتارلىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتى ھەققىدە، بولۇپمۇ بېيجىڭ ئولىمپىكىنىڭ ئالدى ـ

كەيىندىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ئۇلارغا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدىكى دوكلاتلارنى تەقدىم قىلدى.

□ گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى شەرقىي ئاسىيا بۆلۈمى (East Asia Division) نىڭ مۇدىرى Thomas Wriessnig ئەپەندى، خىزمەتچىسى Roland Seeger ئەپەندى ۋە گېرمانىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ئەزاسى، خرىستىئان دېموكراتلار بىرلىكى پارتىيىسىنىڭ پارلامېنتىدىكى مۇئاۋىن باشلىقى Arnold Vaatz ئەپەندى ۋە سولچى پارتىيە پارلامېنت ئەزاسى، كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى باياناتچىسى Michael Leutert ئەپەندىلەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچرىشىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ۋە گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇر تۇتقۇنلار مەسىلىسى ھەققىدە تەپسىلىي سۆھبەت ئېلىپ باردى.

خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتى، تىبەتنى ھىمايە قىلىش تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم قىلىش تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، 2009 ـ يىلى بىر قىسىم پائالىيەتلەرنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىش مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى.

♦ باياناتچى دىلشات رېشىت، 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، مۇخبىرنىڭ بېيجىڭ ئولىمپىك ھەققىدە سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەردى. ئۇ «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك جەريانىدا ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىق پائالىيەتلىرىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرغانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتىدىن 2008 ـ يىلى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان تۇتقۇن قىلىشىنىڭ، 2007 ـ يىلغا قارىغاندا شىددەتلىك بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى...» ئىپادە قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى 2008 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى 11 ئېيىدا 1300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى قولغا ئالغانلىقىنى، بۇنىڭ 1154 نەپىرىنى سوتلىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

♦ د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى ۋە تەپتىش خەيرۇللاھ ئەپەندىلەر، 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تۈركىيە پارلامېنتى ئەزاسى، سابىق دۆلەت مىنىستىرى ئۆمەر دىنچەر ئەپەندى ۋە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شەنول بال خانىم بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۈركىيە پارلامېنتىدا كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى تەلەپ قىلدى.

♦ باۋارىيە پارلامېنتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ۋە مىيۇنخېن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خادىملىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر گۇرۇپپا ۋەكىللەر ئۆمىكى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە، بوسنىيەنى زىيارەت قىلدى. د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەر جان ئەپەندى بۇ ئۆمەك بىلەن بىرگە بوسنىدا زىيارەتتە بولدى. بۇ ئۆمەك بوسنا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، سارايىبو شەھەرلىك ھۆكۈمەت، ھەرقايسى دىنى گۇرۇپلار، ئاممىۋى تەشكىلات ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلەرنى زىيارەت قىلدى.

زىيارەت جەريانىدا ئەسقەرجان كۆپلىگەن پارلامېنت ئەزالىرى، سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

♦ 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، د ئۇ ق نىڭ ئاۋستىرالىيە ۋاكالەتچىسى ھۇسەن ھەسەن ئەپەندى، ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ يوللاپ گۇئانتانامودا تۇتۇقلۇق تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئاۋستىرالىيەنىڭ ئىلتىجا ھەققى بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ مەكتۇپ ئاۋستىرالىيە مەتبۇئاتىدا تەسىر قوزغىدى.

♦ 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى رابىيە خانىم ۋە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئالىم سېيتوف ئەپەندىلەر، ئامېرىكا كونگرېسى Tamlantos كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىش» يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

♦ 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ 30 – كۈنلىرى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئوباما ئەپەندى ھوقۇق ئۆتكۈزۈۋېلىپ، گۇئانتانامو تۈرمىسىنى تاقاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن كېيىن، گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى دۇنيا مەتبۇئاتىنىڭ يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىدى. نۇرغۇنلىغان مەتبۇئاتلار د ئۇ ق ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەرجان ئەپەندى قاتارلىق د ئۇ ق رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. بۇ زىيارەتلەر تۆۋەندىكى گېرمانىيە مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىندى.

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، گېرمانىيە دولقۇنلىرىنىڭ مۇخبىرى Sylvia Wasserman خانىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى «Politic Direct» پروگراممىسىدا،

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، Bayerisches Fernsehen TV قانىلىنىڭ مۇخبىرى Pauline Tillmann ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى «Abendrunschau» پروگراممىسىدا.

1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، 3 Bayern رادىئوسىدا،

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، Bayerisches Fernsehen TV قانىلىنىڭ Jugen پروگراممىسىدا.

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ARD TV قانىلىنىڭ مۇخبىرى Christine Adelhardt ئەپەندىنىڭ «پانوروما» پروگراممىسىدا،

Berliner Zeitung نىڭ 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈندىكى سانىدا مۇخبىرى Frank Nordhausen ئەپەندى تەرىپىدىن مەخسۇس ئۇيغۇرلار ھەققىدە زور ھەجىملىك ماقالە.

♦ ئەسقەرجان ئەپەندى، 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بېرلىنگە بېرىپ گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقتىن مەسئۇل ئالىي ئەمەلدارى Gunther Nooke ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىدىن مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، گۇنتانامودىكى ئۇيغۇرلارنى گېرمانىيەنىڭ قوبۇل قىلىشى مەسىلىسى ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا گېرمانىيىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ

باردى. سۆھبەتتە، Gunther Nooke ئەپەندى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكىنى، گۇئانتانامو تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇرلارنى گېرمانىيىنىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ 5 – كۈنلىرى د ئۇ ق بىر قانچە يىلدىن بۇيان گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇرلارنى گېرمانىيىگە قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن گېرمانىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىششلار ئېلىپ بارغان ئىدى. ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئوباما ئەپەندىنىڭ گۇئانتانامو تۈرمىسىنى تاقاش ھەققىدىكى بۇيرۇقىدىن كېيىن، گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇر تۇتقۇنلار مەسىلىسى گېرمانىيىدە مۇھىم بىر تېما ھالىغا كەلدى. د ئۇ ق رەھبەرلىرى جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ بىر قىسىم پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، باۋارىيە پارلامېنتىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا، گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇر تۇتقۇنلار مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس مۇزاكىرە بولۇپ ئۆتتى. مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان ئەپەندى، 200 گە يېقىن پارلامېنت ئەزاسىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ۋە گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە دوكلات بەردى. پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. مۇزاكىرىدىن كېيىن «ئەگەر ئامېرىكا گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇر تۇتقۇنلارنى گېرمانىيىدىن ئېلىشنى تەلە قىلسا، ئۇيغۇرلارنى ئېلىش ھەققىدە ئويلىشىدىغانلىقى...» ھەققىدە قارار قوبۇل قىلدى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ميۇنخېن شەھەرلىك Kengiysih (مەجلىس) دە، گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇر تۇتقۇنلار ھەققىدە مەخسۇس مۇزاكىرە يىغىنى بولدى. ئەسقەرجان بۇ يىغىندىمۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدە دوكلات بەردى. يىغىنىڭ ئاخىرىدا بارلىق پارتىيەلەرنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بىلەن «گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇرلارنى ميۇنخېن شەھىرىنىڭ قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكى...» ھەققىدە قارار قوبۇل قىلدى. شۇنداقلا، ميۇنخېن شەھەر باشلىقى Christain Ude ئەپەندى تەرىپىدىن گېرمانىيە باش مىنىستىرى Angela Merkel خانىمغا مەخسۇس خەت ئەۋەتىش قارار قىلىندى.

♦ 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدە ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلىپ نەچچە مىڭلىغان ياشلار تىنچلىق بىلەن نامايىش ئېلىپ بارغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى قورال كۈچى ئىشلىتىپ بۇ نامايىشنى قانلىق باستۇرغان ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ھەر يىلى بۇ كۈننى خاتىرىلەپ ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا. د ئۇ ق ھەر يىلقىغا ئوخشاش بۇ يىلمۇ دېموكراتىك دۆلەتلەردە، غۇلجا ۋەقەسى خاتىرە كۈنىدە ھەر ـ قايسى تەشكىلاتلارنى نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىشقا چاقىردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپلىگەن دۆلەتلەردە نامايىشلار ئېلىپ بېرىلدى.

♦ ۋاشىنگتون: 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ بېرىلدى. نامايىشتا د ئۇ ق رەئىسى رابىيە خانىم نۇتۇق سۆزلەپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

♦ ميۇنخېن: د ئۇ ق ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىشى بىلەن ميۇنخېننىڭ ساياھەتچىلەر مەركىزى ھېسابلانغان Karlplatz-Stachus مەيدانىدا نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. نامايىش جەريانىدا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 1000 پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ۋاراقچىسى تارقىتىلدى. نامايىش ساياھەتچىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتتى.

♦ ئوسلو: نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، خىتاينىڭ ئوسلودىكى ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ بېرىلدى.

♦ بروسسل: بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر بىرلىكىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىشى بىلەن بروسسلدە ياۋروپا پارلامېنتى ئالدىدا نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. نامايىشچىلار ياۋروپا بىرلىكىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىشىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى توختىتىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى.

♦ ئەنقەرە: شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ـ ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، خىتاينىڭ ئەنقەرەدىكى ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش ئېلىپ بېرىلدى. نامايىشقا ئۇيغۇرلاردىن باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، بىر قىسىم سىياسەتچىلەرمۇ ئىشتىراك قىلدى. نامايىش ئاخىرىدا خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىغا قارا گۈل چەمبىرەك قويۇلدى.

♦ تورونتو ۋە ۋانكوۋېر: كانادا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ئوخشاش ۋاقىتتا تورونتو ۋە ۋانكوۋېر شەھىرىدە خىتاي كونسۇلخانىلىرى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

♦ ستوكھولم: 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ستوكھولمدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى بولۇپ ئۆتتى.

♦ فرانكفورت: 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتى فرانكفورت شەھەر مەركىزىدە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، غۇلجا ۋەقەسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە فرانكفورت خەلقىگە مەلۇمات بەردى. پائالىيەت جەريانىدا نەچچە يۈزلىگەن تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى تارقاتتى.

♦ توكيو: 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن توكيو شەھىرىنىڭ شىبۇيا رايونىدا نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ بېرىلدى. نامايىشقا ياپونىيىدىكى بىر قىسىم كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرى، ياپونلۇق ئۇيغۇر دوستلىرى بولۇپ 120 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. نامايىش جەريانىدا ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىلھام توختى ئەپەندى ياپونىيە مەتبۇئاتىنىڭ زىيارەتلىرىنى قوبۇل قىلدى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 7 – كۈنى شۋېتسىيەنىڭ مالمو شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ قوللىشى بىلەن شۋېتسىيەلىك Pear ئەپەندى، مالمو شەھىرىدە 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە بىر ئاي بويىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن فوتو رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچقان. Pear ئەپەندى بىر قانچە يىل ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ، نۇرغۇنلىغان رەسىملەرنى تارتىپ كەلگەن. Pear ئەپەندى بۇ رەسىملەردىن تاللاپ شۋېتسىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە كۆپ قېتىم رەسىم كۆرگەزمىلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. بىر ئاي داۋام قىلغان بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىسى جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ

ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات بېرىش يىغىنىمۇ ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن Pear ئەپەندى ۋە مالمو شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن، جەنۋەدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دولقۇن ئىيسا ئەپەندى، 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مالمو شەھىرىگە بېرىپ دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ پائالىيەتكە 150 دىن ئارتۇق شۋېتسىيەلىك قاتناشقان بولۇپ، دولقۇن ئىيسا يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى، ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە د ئۇ ق ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. پائالىيەت جەريانىدا شۋېتسىيە پارلامېنت ئەزاسى Arnold Vaatz ئەپەندى بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىپ، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شۋېتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىدە چاقىرىلىۋاتقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى يىغىنىدا، 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى كۆزدىن كەچۈرۈلۈۋاتقان بىر ۋاقىتتا، د ئۇ ق بىلەن تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورتاق تەرتىپلىشىدە ب د ت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا خىتايغا قارشى كەڭ كۆلەملىك نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا تىبەتلىكلەر بىلەن بىرگە شۋېتسارىيەدىكى ئۇيغۇرلار ۋە گېرمانىيىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار بولۇپ 150 كە يېقىن كىشى ئىشتىراك قىلدى. نامايىش جەريانىدا دولقۇن ئىيسا ئەپەندى نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ـ تىبەت مەسىلىسىنىڭ ئوخشاش بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلىكلەرنىڭ ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دولقۇن ئىيسانىڭ نۇتقى كۈچلۈك ئالقىشقا ئېرىشتى.

♦ 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گېرمانىيە دولقۇنلىرى (Deutsche welle)، DW-World نىڭ مۇخبىرى Oleg Zinkowskij ئەپەندى «ئۇيغۇرلار بېرلىنىنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىدۇ» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىدا د ئۇ ق نىڭ قۇرۇلۇشى، پائالىيەتلىرى ۋە رابىيە قادىر خانىم، شۇنداقلا د ئۇ ق نىڭ باشقا رەھبەرلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن ۋە تەپسىلىي مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزگەن.

♦ ئىستانبۇلدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ياشلار ۋە مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، كازلىچەشمە زالىدا، «بىلىگ مەدەنىيەت كۈنى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە تۈركىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئۇيغۇرلار ۋە تۈرك تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 400 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان زەيتۇن بۇرنۇ رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى مۇرات ئايدىن ئەپەندى تەبرىك سۆزى قىلدى. پائالىيەت جەريانىدا ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسۇللىرى تەقدىم قىلىندى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تونۇشتۇرۇلدى.

♦ ئەسقەرجان ئەپەندى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيىنىڭ نوپۇزلۇق سىياسىي ژۇرنىلى «فوكۇس»نىڭ مۇخبىرى Gudrun Dometeit خانىمغا ھەمراھ بولۇپ، ئالبانىيەگە بېرىپ ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى ۋە ئۇلارنى زىيارەت قىلدى. ئالبانىيەدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان بۇ سۆھبەت ۋە گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساسى

تېما قىلغان بۇ زىيارەت 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا «فوكۇس» ژۇرنىلىدا چوڭ ھەجىملىك بىر ماقالە بولۇپ ئېلان قىلىندى.

♦ د ئۇ ق نىڭ ئەنگلىيە ۋاكالەتچىسى ئەنۋەر توختى ئەپەندى، 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئەنگلىيە تۈركلىرى ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن لوندوندا «شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. دوكلاتتىن كېيىن بىر قىسىم تۈرك مەتبۇئاتلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

♦ مۇئاۋىن رەئىس سېيىت تۈمتۈرك ۋە تەپتىش خەيرۇللاھ ئەپەندىلەر، 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۈركىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى پروفېسسور، دوكتۇر زەفەر ئۈسكۈل ئەپەندىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى ۋە د ئۇ ق تەرىپىدىن تەييارلانغان دوكلاتلارنى تەقدىم قىلدى. تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىر ئۆمەك ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

♦ تۈركىيەنىڭ قەيسەرى شەھىرىدىكى ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ـ ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىشى بىلەن، 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابانجى مەدەنىيەت سارىيىدا «مەھمۇد كاشغەرى ۋە شەرقىي تۈركىستان»ناملىق يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پروفېسسور، دوكتۇر مەتىن ھۈلاگۈ ئەپەندى ۋە د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندىلەر ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. يىغىندا كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەر، پروفېسسورلار سۆز قىلىپ، مەھمۇد كاشغەرى ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلارنى تەقدىم قىلدى.

□ 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ 28 – كۈنلىرى د ئۇ ق رەھبەرلىرى 2 ـ ئايدا گېرمانىيە ۋە باشقا كۆپلىگەن خەلقئارا مەتبۇئاتلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. 2 ـ ئايدا گېرمانىيەدىكى نۇرغۇنلىغان ت ۋ، گېزىت، ژۇرنال ۋە رادىئولار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆپلىگەن پروگراممىلار تارقاتتى، ماقالىلەر ئېلان قىلدى. بۇ جەرياندا ئەسقەرجان كۆپلىگەن مەتبۇئاتلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. تۆۋەندىكىلەر بۇلارنىڭ مىساللىرىدىن:

2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئانتەننە بايەرن رادىئوسىدا،

2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، كەچلىك گېزىتىنىڭ مۇخبىرى Gerda Frey ئەپەندىنىڭ ماقالىسى،

2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، جەنۇبى گېرمانىيە گېزىتىنىڭ مۇخبىرى Monika Maier Albang خانىمنىڭ ماقالىسى،

2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، BBC-Berlin مۇخبىرى Kerstin Fischer ئەپەندىنىڭ پروگراممىسىدا،

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، گېرمانىيە رادىئو مەدەنىيىتى پروگراممىسىدا،

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، باۋارىيە ت ۋ قانىلىنىڭ مۇخبىرى Dr. Christian Stucken ئەپەندىنىڭ «توقۇنۇشنى ھەل قىلىش» پروگراممىسىدا،

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، رادىئو گوڭنىڭ پروگراممىسىدا،

2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئىسپانىيىنىڭ La Vanguardia گېزىتىنىڭ مۇخبىرى Rafael Poch-de Feliu ئەپەندىنىڭ ماقالىسى،

2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جەنۇبى گېرمانىيە گېزىتىنىڭ مۇخبىرى Monika Maier Albang خانىمنىڭ «شەھەرلىك هۆكۈمەت كېڭىشىدە ئاز كۆرۈلىدىغان بىرلىك» سەرلەۋھىلىك يەنە بىر ماقالىسى،

2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئەنىەك ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى Merlind Theile ئەپەندىنىڭ «گۇئانتانامو تۇتقۇنلىرىنىڭ يېڭى يۇرتى مىيۇنخېن» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى،

2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، Passauer Neue Presse گېزىتىنىڭ مۇخبىرى Simone Herz ئەپەندىنىڭ «گۇئانتانامودىن باۋارىيەگىچە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى،

2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، فرانكفورت ئۇنىۋېرسال گېزىتىنىڭ مۇخبىرى Alexander Marguier ئەپەندىنىڭ ماقالىسى،

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، بايەرن 2 رادىئوسىنىڭ پروگراممىسى،

♦ رابىيە قادىر خانىم 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە شىۋىتسارىيەنىڭ جەنۋە ۋە بەرن شەھەرلىرىدە زىيارەتتە بولۇپ، ب د ت كىشىلىك هوقۇق كېڭىشى، شىۋىتسارىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە شىۋىتسارىيە پارلامېنتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ب د ت كىشىلىك هوقۇق كومىسسارلىقىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەر ۋە يەرلىك خەلقلەر ھەقلىرى ئەمەلدارى Julian Burger خانىم ۋە ب د ت كىشىلىك هوقۇق كومىسسارلىقىنىڭ پروگرامما مۇدىرى Christine Chung خانىملار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى كىشىلىك هوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، شىۋىتسارىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلىرى ۋە شىۋىتسارىيە پارلامېنتى كىشىلىك هوقۇق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇرلاردىن بىر قانچىسىنى شىۋىتسارىيەنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى Tribune we Züricher Zeitungning گېزىتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، بەرنىدە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، بۇ مەتبۇئات يىغىنىغا شىۋىتسارىيەنىڭ بىر قىسىم ت ۋ، گېزىت ۋە رادىئولىرىنىڭ مۇخبىرلىرى ئىشتىراك قىلدى.

♦ خەلقئارا ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن 7 ـ مارت كۈنى سىدنىي شەھىرىدە، 18 كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىشىدە چوڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا 1000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان بولۇپ، ئاۋسترالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى. نامايىش جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاياللارنىڭ هازىرقى ئەھۋالى، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى سەۋەبى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان باللار، بالا ئالدۇرۇش ئوپېراتسىيەسى سەۋەبىدىن

كېسەل بولۇپ كېتىۋاتقان ئانىلار، شۇنداقلا خىتاي شەھەرلىرىگە يۆتكەپ كېتىلىۋاتقان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان تەشۇىقات ۋاراقلىرى تارقاتتى. ئاۋستىرالىيەدە ھەر يىلى خەلقئارا ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر خىل يىغىن ۋە نۇتۇق سۆزلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن.

□ 3 ـ ئاينىڭ 8 – كۈنى خەلقئارا ئاياللار كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن د ئۇ ق ئاياللار كومىتېتى بايانات ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، خەلقئارا جامائەتچىلىكنى ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە بالىلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتكە دىققەت قىلىشقا چاقىردى.

♦ ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيىسى ئىنگلىزچە پروگراممىسىنىڭ ئىسپانىيىدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرى Pablo Morales ئەپەندى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى د ئۇ ق ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، گېرمانىيىدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان رابىيە قادىر خانىم ۋە د ئۇ ق نىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەسقەرجان، دولقۇن ئىيسا ئەپەندىلەر بىلەن مەخسۇس سۆھبەت پروگراممىسى ئېلىپ باردى.

♦ گېرمانىيە دولقۇنلىرى رادىئوسى ئىنگلىزچە خەۋەرلەر بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرى Jodi Breisler خانىم 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە د ئۇ ق ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، رابىيە قادىر خانىم، دولقۇن ئىيسا قاتارلىق د ئۇ ق رەھبەرلىرى ۋە شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندا سىياسىي، دىنىي سەۋەبتىن تۈرمىلەردە ياتقان ۋە ھازىر گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. Jodi Breisler خانىم بۇ سۆھبەتلەرگە ئاساسەن د ئۇ ق ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەخسۇس بىر سائەتلىك پروگرامما ئىشلەيدىغان بولۇپ، د ئۇ ق Jodi Breisler خانىمنىڭ 3 كۈنلۈك زىيارىتى جەريانىدا پروگرامما ئىشلىشىگە يېقىندىن ياردەملەشتى. بۇ رادىئو پروگراممىسى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى 40 مىنۇتلۇق بىر پروگرامما شەكلىدە ھاۋا دولقۇنلىرى بىلەن تارقىتىلدى.

♦ گوللاندىيەلىك تەتقىقاتچى Arne Peter Braaksma ئەپەندى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە د ئۇ ق ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلدى. پەتەر ئەپەندى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ھەققىدە بىر كىتاب يېزىش ئۈچۈن تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، 2008 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋاشىنگتونغا بېرىپ رابىيە قادىر خانىم بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇ قېتىم گېرمانىيىگە كېلىپ، 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى دولقۇن ئىيسا، ئابدۇلجېلىل ئەمەت، ئابدۇسالام ئەپەندىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز كەچۈرمىشى، د ئۇ ق نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پائالىيەتلىرى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ۋە د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى مۇھەممەد ئەمىن ئەلا ئەپەندى، ئاۋستىرالىيە خەۋەر ئاگېنتلىقى Inter Press Service نىڭ مۇخبىرى Stephen de Tarczynski ئەپەندىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. بۇ زىيارەت خاتىرىسى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، «گۇئانتانامو ئۇيغۇرلىرى مۇرەككەپ مىللىي توقۇنۇشنى يورۇتتى» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىندى. مۇھەممەد ئىمىن ئەلا ئەپەندى مۇخبىرنىڭ گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدىكى ھەر تەرەپلىمە سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

http://www. ipsnews. net/news. asp?idnews=46041

♦ 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە ب د ت نىڭ جەنۋەدىكى سارىيىدا بولۇپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا دولقۇن ئىيسا تۆۋەندىكى بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

/http://www. unpo. org/content/view/9356/85

□ 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى Interfaith International we UNA-San Diego ناملىق خەلقئارا تەشكىلاتىنىڭ ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن ب د ت دا «خىتايدىكى ناچارلىشىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق: دۇنيا بۇنىڭغا قاراپ تۇرامدۇ؟ ناملىق يىغىن بولۇپ ئۆتتى. بۇ يىغىندا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ خىتاي، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى 60 يىللىقى، تىبەت قوزغىلىڭىنىڭ 50 يىللىقى، تيەنئەنمىن قىرغىنچىلىقىنىڭ 20 يىللىقى، فالۇنگۇڭچىلارنى باستۇرۇشىنىڭ 10 ـ يىللىقى... قاتارلىق مەزمۇنلار ئاساسى تېما قىلىنغان بولۇپ، دولقۇن ئىيسا ئەپەندى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان 60 يىلدىن بۇيان، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇش سىياسەتلىرى، قىرغىنچىلىقلىرى، كىشىلىك ھوقۇق جىنايەتلىرى ۋە جۇملىدىن بېيجىڭ ئولىمپىكىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىگۇناھ ئىنسانلارنى تۇتقۇن قىلىش، باستۇرۇش، ئۆلتۈرۈش ... قاتارلىق ۋەھشىي سىياسەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى. يىغىننىڭ ئاخىرىدا يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

□ 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، يەنە ب د ت دا ئۆتكۈزۈلگەن باللار ھەقلىرىنى قوغداش ماۋزۇلۇق يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. يىغىندا مۇتىخەسسىسلەر، باللار ھەقلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى، بۇ ئەھدىنامىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋاللىرى ھەققىدە مۇزاكىرە بولۇپ ئۆتتى. دولقۇن ئىيسا بۇ يىغىندا ئۇيغۇر بالىلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئايرىمىچىلىق سىياسەتلىرى، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئۆز تىلىدا تەربىيە كۆرۈش، ئوقۇش ھوقۇقىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى، دىنى ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقانلىقى، ئۇيغۇر باللىرىنى مەجبۇرى ھالدا ئۆز يۇرتلىرىدىن خىتاي رايونلىرىغا يۆتكەپ كېتىۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، تىبەت ئىنقىلابىنىڭ 50 ـ يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن ب د ت بىناسىنىڭ ئالدىدا شىۋىتسارىيەدىكى تىبەتلىكلەر خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى نامايىش ئېلىپ بارغان بولۇپ، دولقۇن ئىيسا ۋە جەنۋەدىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇ نامايىشقا قاتناشتى. دولقۇن ئىيسا نامايىشتا تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىدى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن توكيودا «خىتاينىڭ يىپەك يولىدىكى ئاتوم سىنىقىنىڭ زىيىنى ۋە ياپونىيىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى رولى» ماۋزۇلۇق يىغىن چاقىرىلدى. بۇ يىغىن توكيو شەھىرىنىڭ كەنسى يىغىن زالىدا چاقىرىلغان بولۇپ، بۇ يىغىنغا 250 ئەتراپىدا كىشى قاتناشتى. يىغىندا ياپونىيىلىك مۇتىخەسسىسلەر، دوختۇرلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ خادىملىرى سۆز قىلدى. «خىتايدا ئاتوم سىناقلىرى» ناملىق كىتابنىڭ

ئاپتورى تاكادا جۇن ئەپەندى يىغىندا سۆز قىلىپ، يىپەك يولى ئۈستىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتوم سىنىقىدىن قاتتىق زىيان كۆرگەنلىكىنى پاكىتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدى.

□ د ئۇ ق ئەنگلىيە ۋەكىلى ئەنۋەر توختى ئەپەندى «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان ئاتوم سىنىقىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سالامەتلىكىگە بولغان تەسىرى» تېمىسىدا سۆز قىلغان. ئۇ بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا راك كېسىلى دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقتىدا ئۇچراتقان كېسەللىكلەردىن مىسال بېرىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان ئاتوم تەسىرى ھەققىدە توختالدى. ئۇ سۆزىدە ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنىڭ ئاتوم سىنىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ۋە تارىخى بايرىمى نورۇز بايرىمى بولۇپ، بۇ بايرام ھەر يىلى، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەر خىل شەكىلدە تەبرىكلىنىپ كەلمەكتە. بۇ يىلمۇ ھەرقايسى دۆلەتلەردە نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

□ 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ميۇنخېن شەھىرىدە د ئۇ ق ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، گېرمانىيە ئۇيغۇرلىرى نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. پائالىيەت جەريانىدا ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلىش بىلەن بىرگە دولقۇن ئىسا ئەپەندى، د ئۇ ق ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ بىر يىللىق پائالىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە دوكلات بەردى ۋە يۇرتداشلارغا تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتتى. ئۆسمۈرلەرنىڭ سەنئەت نومۇرلىرى كۆچلۈك ھاياجان قوزغىدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1237844598

□ 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئوسلودا نورۇز مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

□ 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سىدنىيدە نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ئاۋستىرالىيەدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان رابىيە قادىر خانىممۇ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىپ، نورۇز پائالىيىتىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، د ئۇ ق ۋە ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرى، 5 ـ ئايدا ئامېرىكىدا ئېچىلماقچى بولغان 3 ـ نۆۋەتلىك د ئۇ ق قۇرۇلتىيى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

□ 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئامستېردامدا نورۇز بايرىمى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، فرانسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پارىژدا نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ستوكھولمدا نورۇز بايرىمى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

♦ 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ۋىرگىنىيادا نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

http://www. meshrep. com/wforum/viewtopic. php?t=15446

♦ 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئىستانبۇل ۋالىسى تەرىپىدىن سۇلتان ئەھمەد مەيدانىدا چوڭ كۆلەملىك نورۇز بايرىمى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە ھەر خىل مىللەتلەر ئۆز مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىشتى. ئۇيغۇرلارمۇ بۇ پائالىيەتكەن ئىشتىراك قىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى نامايان قىلدى.

www. rfa. org/uyghur/xewerler/tepsiliy_xewer/istanbulda - noruz - 03252009082300 html

♦ 25 ـ مارت كۈنى ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنىي شەھىرىدە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئارا كۆپ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ھەر قايسى مىللەتلەردىن بولغان ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتى تونۇشتۇرۇلدى. سىدنىي شەھىرىدىكى 11 ۋە 12 يىللىقتا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى. ئۇيغۇر ياشلىرى ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان دائىرىگە ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلار، ئۇيغۇرچە دوپپا، ئەتلەس ياغلىق قاتارلىق بۇيۇملارنى قويۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. بۇ پائالىيەتكە 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قاتناشتى.

www. eastturkistan. org. au/uy/xewer/20090325001. htm

♦ 3 ـ ئاينىڭ 26 – كۈنى د ئۇ ق نامىدىن ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئوباما ئەپەندىگە مەكتۇپ يوللاپ، لوندوندا خىتاي پرېزىدېنتى خۇ جىنتاۋ بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان تۇتقۇن قىلىش، مىللىي مەدەنىيىتى، تىلىنى يوق قىلىش، ئىقتىسادى جەھەتتە نامراتلاشتۇرۇش سىياسىتىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

♦ رابىيە قادىر خانىم ۋە مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان ئەپەندىلەر، 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە، ئاۋستىرالىيەنى زىيارەت قىلدى. ئۇلار زىيارىتى جەريانىدا سىدنىي، ئادىلايد ۋە مالبورن قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ ئۇ يەردىكى ۋەتەنداشلىرىمىزغا ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ نۆۋەتتىكى خەلقئارادىكى ئورنى ۋە تەسىرىنى، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىغا بولغان قىزىقىشىنى، مىللىي دەۋايىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە خەلقئاراغا تونۇلۇۋاتقانلىقىنى ھەم ئېتىراپ قىلىنىۋاتقانلىقىدەك بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇردى. د ئۇ ق ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە يەتكۈزدى. بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ۋاشىنگتوندا ئېچىلماقچى بولغان د ئۇ ق نىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي قۇرۇلتىيى ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىستىلاسىنىڭ 60 – يىللىقى»ناملىق خەلقئارالىق كونفرانسى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ئۇلار زىيارىتى جەريانىدا يەنە ئاۋستىرالىيەنىڭ بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ

ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورۇنلىشىش مەسىلىسىگە ئاۋسترالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

http://www. uyghurcongress. org/Uy/News. asp?ItemID=1732988859

♦ خىتاي دائىرىلىرى يېقىندىن بېرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە ئۆكتىچى پىكىردىكى كىشىلەرگە قارىتا يېڭى باستۇرۇش ھەرىكىتى قوزغىغان. ئۇ ھەرىكەتتە «تىزىمغا ئالدۇرمىغان» دېگەن باھانە بىلەن بىر قىسىم دىنىي مەكتەپلەرنى پېچەتلەپ، ئۆكتىچى پىكىردىكى زاتلارنى «يوشۇرۇن تەھدىت ئاملى» دېگەن نامدا تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن د ئۇ ق 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى باياناتى ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قانۇنسىز قىلمىشىنى توختىتىشنى قاتتىق ئەيىبلەش بىلەن بىرگە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇش ھەرىكىتىنى توختىتىشقا چاقىردى. د ئۇ ق نىڭ بۇ باياناتى خەلقئارا مەتبۇئاتلارنىڭ قاتتىق دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ بايانات ئاق قاتارلىق كۆپلىگەن مەتبۇئاتلاردىن ئورۇن ئالدى.

# ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يىغىنى ھەققىدە قىسقىچە دوكلات

## (2009 ـ 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 12 – كۈنىگىچە)

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ 4 ـ قېتىملىق «كىشىلىك ھوقۇقنى ئومۇميۈزلۈك كۆزدىن كەچۈرۈش» يىغىنى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئاساسلىق كۈن ـ تەرتىبىنىڭ بىرسى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە قاراپ چىقىش بولۇپ، خىتاي ھەققىدىكى يىغىن 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ۋە 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بولۇپ ئۆتتى.

د ئۇ ق نىڭ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى

د ئۇ ق بۇ قېتىمقى «خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزدىن كەچۈرۈش» يىغىنىنى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنىڭ ب د ت دا ۋە خەلقئارا سورۇندا كۈن ـ تەرتىپكە كېلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە مۇھىم پۇرستى دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم پائالىيەت پىلانلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلىگەن ئىدى. باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا «خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزدىن كەچۈرۈش» يىغىنىنىڭ كونكرېت خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ، تۆۋەندىكى پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ قېتىمقى  خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنى ئۈچۈن، د ئۇ ق ۋە ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلەشمىسى تەرىپىدىن بىرلىكتە تەييارلانغان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدىكى مەخسۇس دوكلات ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشگە يوللاندى. بۇ دوكلات ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يۇكسەك كومىسارلىقى تور بېتىدە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ دوكلاتى بىلەن بىرگە ئېلان قىلىندى.

د ئۇ ق نىڭ تەشەببۇسى ۋە ھامكارلىشىشى بىلەن ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدىكى يەنە بىر دوكلاتمۇ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشگە سۇنۇلدى.

مەركىزى لوندوندىكى ئىسلام ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە بولۇۋاتقان بېسىملارنى ئاساسى مەزمۇن قىلغان بىر دوكلاتنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا يوللىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ۋە چېگرىسىز ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشگە يوللىغان مەخسۇس دوكلاتىدا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى مۇھىم سالماقنى ئىگىلىدى.

خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا  ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك سوئاللار ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ئاسانلىق يارىتىش مەقسىتىدە، دۆلەتلەرگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن بىر مۇراجىئەت ۋە 14 ماددىدىن تەشكىل تاپقان بىر سوئاللار تىزىمى تەييارلاپ چىقىلدى.

د ئـۇ ق 2008 ـ يىلـى 12 ـ ئاينىـڭ بېـشىدا، ھەرقايـسى دۆلەتلەردىكـى شـەرقىي تۈركـىستان تەشكىلاتلىرى ۋە د ئۇ ق رەھبەرلىرىگە جىددىي ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىـپ تۆۋەنـدىكى پائـالىيەتلەرنى ئېلىـپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

بارلىق تەشكىلاتلار 2009 ـ يىلى كىرىشى بىلەن، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىـشلار مىنىستىرلىكى كىشىلىك ھوقۇق كـومىتېتى، خىتـاي ئىـشلىرى ئىشخانىـسى، ب د ت ئىشخانىـسى ۋە پارلامېنتىنىڭ كىشىلىك ھوقـۇق كـومىتېتى ئەزالـىرى بىـلەن كۆرۈشۈشـى، ئۇلارغـا ئۇيغـۇر كىـشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى ئاڭلىتىشى ۋە ئۇلارغا د ئۇ ق نىڭ، ئۇيغـۇر ئامېرىكـا بىرلەشمىـسىنىڭ ۋە ۋاكالەتـسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتى تەكلىـپلەر ۋە سـوئاللارنى تەقـدىم قىلىـپ بـۇ دۆلەتلەرنـى كىـشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئۇيغۇرلار ھەققىدە سوئاللار سورىـشىغا قايىـل كەلتـۈرۈش ئۈچـۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى.

بارلىق تەشكىلاتلار ئـۆزلىرى تۇرۇشـلۇق دۆلەتلەردىكـى ھەرقايـسى دۆلەتلەرنـىڭ ئەلچىخانىلىرىـدىن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ، ئىمكان قەدەر ئۇلار بىـلەن كۆرۈشـۈپ، ئۇلارغىمـۇ ئوخـشاش ماتېرىيـاللارنى تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن شـۇ دۆلەتلەرنـىڭ خىتـاي ھۆكۈمىتـىدىن سـوئال سـوراش، تەكلىپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش.

يۇقىرىقى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، گېرمانىيە، تۈركىيە، گوللاندىيە، نـورۋېگىيە، ئامېرىكـا، كانـادا، ئاۋستراليە، بېلگـىيە قاتـارلىق دۆلەتلەردىكـى ئۇيغـۇر تەشـكىلاتلىرى بـۇ دۆلەتلەرنـىڭ پـارلامېنتلىرى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خىتاي ئىـشلىرى بۆلـۈمى، كىـشىلىك ھوقـۇق كـومىتېتلىرى ۋە بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىخانىلىرى بىلەن ئۇچرىششلار ئېلىپ باردى.

باش كاتىپ دولقۇن ئىيسا رىياسەتچىلىكىدىكى د ئۇ ق ئۆمىكى 1 ـ ئاينىـڭ 6 ـ كۈنىـدىن 13 ـ كۈنىگىچە بېرلىندە زىيارەتتە بولدى. (بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتۈلگەن ئىدى).

د ئۇ ق يۇقىرىقى بىر قاتار تەييارلىق خىزمەتلەردىن كېيىن، پىلان بـويىچە «خىتايـدىكى كىـشىلىك ھوقۇقنى كۆزدىن كەچۈرۈش» يىغىنى ئۈچۈن ھالقىلىق پائالىيەتلەر جەنۋەدە ئېلىـپ بېرىلـدى. د ئـۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئىيسا ۋە ۋاكالەتسىز مىللەتـلەر تەشـكىلاتىنىڭ پروگرامما مـۇدىرى Agnes خـانىم بىرلىكتە 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنـىدىن 2 ـ ئاينىـڭ 12 ـ كـۈنىگىچە جەنـۋەدە بىـر قاتـار دىپلوماتىـك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىگە ئەزا دۆلەتلەر، ياۋروپا ئىتتىپاقىغـا ئەزا دۆلەتلەر، خىتايغا قوشنا دۆلەتلەر ۋە باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا 35 دىـن ئـارتۇق دۆلەتنىڭ ب د ت دىكى جەنۋەدە تۇرۇشـلۇق ۋەكىللىـرى بىـلەن ئـايرىم ـ ئـايرىم ئۇچرىـشىش ئېلىـپ باردى.

ئۇ دۆلەتلەر: بېلگىيە، سـلوۋاكىيە، كـورىيە، ھىندىـستان، ئىـستونىيە، شۋېتـسارىيە، گرېتـسىيە، دانىيە، مالايشىيا، چېخ، فىنلانـدىيە، كانـادا، ئامېرىكـا، شۋېتـسىيە، چىلـى، ئىرلانـدىيە، گېرمـانىيە، گوللانـدىيە، يـاپونىيە، ھىنـدونېزىيە، ئەزەربەيجـان، ئافغانـستان، ئەنگلـىيە، نىجىـرىيە، پاكىـستان،

ئالجىرىيە، پورتىگالىيە، فرانسىيە، تۈركىيە، گۋئاتەمالا، ئىتالىيە، ئاۋستىرالىيە، نورۋېگىيە، ئىئوردانىيە، ئاۋستىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردۇر.

يۇقىرىقى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئۇچرىشىش ئوخشاش بولمىغان سەۋىيەدە يەنى باش ئەلچى، مۇئاۋىن باش ئەلچى، كىشىلىك ھوقۇق كونسۇلى، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىغا مەسئۇل كاتىپ قاتارلىق سەۋىيەلەردە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئۇچرىشىشلاردا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھەر تۈرلۈك ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى، كىشىلىك ھوقۇق قىرغىنچىلىقلىرى، شۇنداقلا بېيجىڭ ئولىمپىكىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بولۇپ ئۆتكەن تۇتقۇن قىلىش، باستۇرۇشلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى. بۇ قېتىمقى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنىدا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن سوئال سوراش، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. د ئۇ ق، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن تەييارلانغان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە ئائىت دوكلاتلار، سوئاللار ۋە تەلەپلەردىن تەشكىل تاپقان ماتېرىياللار تەقدىم قىلىندى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى كۆزدىن كەچۈرۈلۈۋاتقان بىر ۋاقىتتا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورتاق تەرتىپلىشىدە ب د ت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا خىتايغا قارشى كەڭ كۆلەملىك نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، سائەت 15.30 ـ 17.50 ئارىسىدا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يۇكسەك كومىسسارلىقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھەقلىرى كومىتېتى، ئايرىمچىلىققا قارشى تۇرۇش كومىتېتى، ئاياللارغا قارىتا ئايرىمچىلىققا قارشى تۇرۇش كومىتېتى، تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى، باللار ھەقلىرىنى قوغداش كومىتېتى، كۆچمەن ئىشچىلار كومىتېتى خادىملىرى بىلەن د ئۇ ق نى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز ئارا مۇزاكىرە يىغىنى بولۇپ ئۆتتى.

## خىتاي ۋەكىللىرىنىڭ پائالىيەتلىرى

خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى يىغىنغا بېيجىڭدىن 52 كىشىلىك بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى، بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى قاتارلىق ئورگانلارنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، ئالىي ئەمەلدارلىرى، تەتقىقاتچى ـ مۇتىخەسسىسلىرى بار ئىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنداق زور كۈچنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان 192 دۆلەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچرىشىشلار ئۆتكۈزۈش، زىياپەتلەر بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزلىرىنى قوللاشقا ياكى ھېچ بولمىغاندا

قارشى پىكىر قىلماسلىقتا، قايىل كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. بىز بەزى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئايرىم ئۇچرىشىش جەريانىدا شۇ ئۇچۇرغا ئېرىشتۇقكى، خىتاي ھۆكۈمىتى ب د ت دا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلاردا ئەڭ قاتتىق تەلەپ قىلغان مەسىلە، تىبەت ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق بولغان.

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خىتاي باش ئەلچىسى لى بۇ دوڭ خىتاي دۆلىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى ئوقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، پاكىستان، سىرلانكا، سەئۇدى ئەرەبىستان، كۇبا، ئالجىرىيە، ۋىنەزۇئېلا، يەمەن، ۋيېتنام قاتارلىق خىلى كۆپلىگەن 3 دۇنيا دۆلەتلىرى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ماختاشتا گوياكى بىر ـ بىرى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈشتى. بىر قىسىم دۆلەتلەر خىتاينىڭ چىشىغا تەگمەسلىك ئۈچۈن «كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان»پوزىتسىيە تۇتۇپ، سۈكۈتتا تۇرۇشنى تاللىدى. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ دىپلوماتىيەلىرى دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدىغان غەرب دۆلەتلىرى ئۈچۈن كار قىلغىنى يوق.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يىغىن جەريانىدىكى كىشىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتقان پائالىيەتلىرىدىن بىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ رېئال ۋەزىيىتى بۇرمىلانغان «شىنجاڭ ئوبدان جاي» دېگەن تېمىدا مەخسۇس ئىشلەنگەن ۋە ئىنتايىن ھەشەمەتلىك مۇقاۋىلانغان cd كاسىتىنىڭ تارقىتىلىشى بولدى. خىتاي تەرەپ ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرىگە بۇ cd كاسىتىنى تارقىتىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە سېلىۋاتقان زۇلۇم ۋە بېسىم سىياسىتىنى يوشۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى خۇددى بەخت ـ سائادەت، شادلىق ئىچىدە خاتىرجەم ياشاۋاتقان بىر مىللەت قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان.

**خۇلاسە**

جەنۋەدىكى ب د ت بىناسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى «كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئومۇمىي يۈزلۈك قەرەللىك تەكشۈرۈش» نامىدىكى بۇ يىغىن، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن بۇيانقى خىتاينىڭ 1 ـ قېتىم كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىدىن خەلقئارا جەمئىيەت ئالدىدا «ھېساب بېرىشكە» مەجبۇر بولغان يىغىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ يىغىنىدا ھەر بىر دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە قاراپ چىقىش ۋاقتى 3 سائەت ئەتراپىدا قىلىپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، خىتاي ھەققىدىكى يىغىن 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سائەت 9.00 ـ 12.00 ئارىسىدا بولۇپ ئۆتتى. ئالدى بىلەن خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، خىتاينىڭ ب د ت دىكى باش ئەلچىسى لى بۇ دۇڭ خىتاي كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ھەر بىر دۆلەتكە 2 مىنۇتلۇق پىكىر بايان قىلىش ۋاقتى بېرىلدى. 60 دۆلەت خىتاينىڭ دوكلاتىغا قارىتا ئاغزاكى پىكىرلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە قارىتا پىكىر بايان قىلىش ئۈچۈن 115 دۆلەت ئۆزىنى تىزىملاتقان بولۇپ، بۇ دۆلەتلەردىن دەسلەپتە

تىزىملاتقان 60 دۆلەت سۆز قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. قالغان 55 دۆلەت سۆز قىلىش نۆۋىتىگە ئېرىشەلمىدى.

ئاغزاكى پىكىر بىلدۈرگەن دۆلەتلەردىن ئاۋستىرالىيە، كانادا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە، شۋېتسىيە، شۋېتسارىيە، چېچىيە، ئىتالىيە، ئاۋستىرىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە بولغان تەنقىدى پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىدى.

يىغىندا سۆز قىلىش نۆۋىتىگە ئېرىشەلمىگەن دۆلەتلەردىن، دانىيە، نورۋېگىيە، لاتۋىيە، لىچتېنستېين قاتارلىق دۆلەتلەر پىكىرلىرىنى يازما شەكىلدە كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى ئارقىلىق خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىگە يوللاپ، سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە خىتاي كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە بولغان تەنقىدى قارىشىنى بىلدۈردى.

خىتاي كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە قارىتا تەنقىدى قاراشلىرىنى ۋە سوئاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقى دۆلەتلەر ئاساسلىقى خىتايدىكى تەن جازاسى، ئۆلۈم جازاسى، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى، دىنىي ئەركىنلىك، ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقى، ئاخبارات ئەركىنلىكى، پۇقرالار، ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرى ۋە ئادۋوكاتلار ھوقۇقى قاتارلىق مەسىلىلەردە خىتاي ۋەكىللىرىگە ناھايىتى كەسكىن سوئاللارنى قويدى. شۇنداقلا خىتاينى 1998 - يىلى ئىمزالىغان «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ئەركىنلىك خەلقئارا ئەھدىنامىسى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدىن بۇرۇن ئېلان قىلغان 2009 - 2010 - يىلى يولغا قويماقچى بولغان كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكەت پىلانىنىڭ قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىقلىما بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا خىتايغا ئوخشاش كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ناچار دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي سودىسى ۋە ئويۇن ئوينىشى بىلەن بۇنداق دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى مەدھىيىلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ سانى، ئۇنى تەنقىد قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ساندىن كۆپ بولۇشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىمقى يىغىندا چېخ، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، كانادا، شۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پىكىر بىلدۈرگەندە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىملىرىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ۋە ئەنگلىيە، دانىيە، شۋېتسىيە، نورۋېگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بولسا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىگە يوللىغان يازما سوئاللىرىدا ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس توختالغانلىقى ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈن زور بىر ئىلگىرىلەش بولۇپ، بۇ ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ب د ت نىڭ رەسمىي مۇنبىرىدە كەڭ دائىرىدە 1 - قېتىم تىلغا ئېلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

د ئۇ ق بىر قانچە ئايدىن بۇيان ھەرقايسى دۆلەتلەردە ۋە بۇ قېتىم جەنۋەدە ب د ت دا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە 9 دۆلەت تەرىپىدىن ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ زور ئۇتۇقى دەپ قاراش مۇمكىن.

# دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىينىڭ قارارلىرى

د ئۇ ق 2007ـ1

## د ئۇ ق نىڭ سىياسىي پائالىيەتلەر ھەققىدە قارارى

(بۇ قارار د ئۇ ق 2 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا سىياسىي كومىسسىيون تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قارار لايىھىسىگە ئاساسەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. ئاشكارىلاشقا تېگىشلىك بولمىغان ماددىلار ساقلاپ قېلىندى.)

د ئۇ ق شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئالىي سىياسىي مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ تىنچلىق پرىنسىپى بويىچە خەلقئارا قانۇن – نىزاملار ئاساسىدا ھەل قىلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، د ئۇ ق نىڭ كېلەر قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغىچە تۆۋەندىكىدەك سىياسىي قارار لايىھىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تامامىلاشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەر قاتارىدا د ئۇ ق نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا سۇندى. بۇ قارارلار، د ئۇ ق ئالدىنقى نۆۋەتتە قوبۇل قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخى ۋەزىپىنىڭ 1 ـ باسقۇچىنىڭ ئاساسەن تاماملانغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ نۆۋەتتە خەلقئارا جامائەتچىلىك تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى، كېلەر قېتىملىق د ئۇ ق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغىچە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا سىياسىي كۈن تەرتىپكە كىرگۈزۈشىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا قوبۇل قىلىندى. ئېلىنغان قارارلار د ئۇ ق غا تەۋە بولغان بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئۈچۈن يېتەكچىلىك رول ئوينىشى، ھەر بىر يەرلىك تەشكىلاتلار ئېلىنغان قارارلارنىڭ روھىغا ئاساسەن، يەرلىك شارائىتلارنى نەزەرگە ئالغان ھالدا ئۆز پائالىيەتلىرىنى يەنىمۇ بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك.

# د ئۇ ق نىڭ سىياسىي ھەرىكەت پىلانى

A: ئىچكى جەھەتتە

1. قۇرۇلتاي رەئىسى ۋە رەھبەرلىرى زىيارەتكە بارغان بارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر جامائەتلىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشتا د ئۇ ق تەركىبىدىكى بارلىق ئورگانلارنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى ۋە تەشۋىق قىلىنىشىنى كۈن تەرتىپكە ئالىدۇ ھەمدە خەلق بىلەن د ئۇ ق ئوتتۇرىسىدىكى ئورگاننىڭ باغلىنىشىنى كۈچەيتىدۇ.

2. د ئۇ ق رەئىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتى ھەر قايسى كومىسسىيونلار ئالغان قارارلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، ئومۇملىشىشى ئۈچۈن ھەيدەكچىلىك قىلىش، جامائەتنى سەپەرۋەرلىككە ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىدۇ.

3. د ئۇ ق نىڭ ھەر قايسى كومىتېتلىرىنىڭ بارلىق دۆلەتلەردىكى ۋەكىللىرىنىڭ تەيىنلىنىشى ھەمدە تەستىقلىنىشى 2007 – يىلى 3 ـ ئايدىن بۇرۇن تاماملىنىپ، جامائەتكە ئاشكارىلىنىپ بولۇشى كېرەك. د ئۇ ق رەئىسى ۋەكىللەرنىڭ بېكىتىلىشى ھەمدە بېكىتىلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ھەر قايسى كومىتېتلارغا يېقىندىن ياردەمدە بولىدۇ ۋە بۇ خىزمەتلەرنىڭ رەتكە چۈشۈشى، ئەمەللىششى ئۈچۈن د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

4. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋە د ئۇ ق تەرىپىدىن رەسمىي قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلىرى دائىرىسىدە: مۇقىملاشتۇرۇش زۆرۈر دەپ قارالغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر مەيدانى، يەر ناملىرى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نوپۇسى (شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇسى ھېسابلانغاندا، 1992 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئىستانبۇلدا چاقىرىلغان 1 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى بېكىتكەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك ئاھالىسىغا تەۋە مىللەتلەرنىڭ سانى ئاساس قىلىنىدۇ) قاتارلىق مۇھىم مەلۇماتلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەتقىقات ۋە ئۇچۇر مەركىزى باش بولۇپ ئۈستىگە ئالىدۇ. تەتقىقات ۋە ئۇچۇر مەركىزى بۇ ساھەدىكى بىلىملىك زاتلار، كەسىپ ئىگىلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر بىلەن كېڭىشىپ، 2007 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن بۇرۇن، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم ھەققىدە قارار ئالىدۇ ۋە بۇ قارارنى كېلەر قېتىملىق ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنىنىڭ تەستىقىغا سۇنىدۇ.

5. شەرقىي تۈركىستان مىللىي مارشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى د ئۇ ق نەشرىيات ـ تەشۋىقات مەركىزى ۋە د ئۇ ق ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ بىرلەشمە مەركەز مۇتەخەسسىسلەردىن كومىسسىيون تەشكىللەپ، 6 ـ ئايدىن بۇرۇن قارار قوبۇل قىلىدۇ ۋە كېلەر قېتىملىق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقىغا سۇنىدۇ.

6. د ئۇ ق تەتقىقات ۋە ئۇچۇر مەركىزى، د ئۇ ق 1 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنىڭ روھىغا بىنائەن،

تېخىمۇ كونكرېتنى ھالدا قىسقا، ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ستراتىگىيە پىلان – لايىھىسى تەييارلاپ، كېلەر قېتىملىق ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنىنىڭ تەستىقىغا سۇنىدۇ.

7. د ئۇ ق شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەشكىلات رەھبەرلىرىنى مۇتەخەسسىسلەشتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى ساھەلەر بويىچە قەدەم باسقۇچ بىلەن تەربىيىلەش پروگراممىسىنى كۈچەيتىدۇ. بۇ خىزمەتلەرنىڭ كونكرېتنى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تەشكىللىنىشى د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتى تەرىپىدىن بىر تۇتاش، پىلانلىق ۋە پروگراممىلىق ھالدا د ئۇ ق رەئىسىنىڭ نازارەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

8. د ئۇ ق شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋە خەلقئارادىكى خاتىرە كۈنلەرنى ئاساس قىلىپ، مەخسۇس پائالىيەت كالېندارى تۈزۈپ چىقىدۇ ۋە د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ بۇ كالېندار بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ھەرىكەتتە بىردەكلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ خىزمەت د ئۇ ق نەشرىيات ـ تەشۋىقات مەركىزى بىلەن ئىچكى ئىشلار كومىتېتى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ.

9. د ئۇ ق ئۆز قارمىقىدىكى ھەر قايسى تەشكىلاتلاردىن، ئۇلار پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە مەۋجۇد ئىمكانىيەتلەرگە يارىشا، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى يۈز تۇتۇۋاتقان كونكرېتنى مەسىلىلەر بويىچە ئوخشىمىغان مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى دائىرىسىدە كونكرېتنى سانلىق مەلۇماتلار ۋە ئۇچۇر توپلاش، دوكلات تەييارلاش، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇھىت مەسىلىسى، پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسى، دىنىي رەجىم مەسىلىسى ۋە مۇھاجىرلار مەسىلىسى قاتارلىق باشقا كونكرېتنى تېمىلار بويىچە، ھەر بىر تەشكىلات ئۆز ئىمكانىيىتىگە مۇناسىپ رەۋىشتە كەسپىيلەشتۈرۈلىدۇ.

10. د ئۇ ق تەركىبىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى، نەشرىيات ـ تەشۋىقات مەركىزى قاتارلىق ئورگانلار ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، شەرقىي تۈركىستان تارىخى، جۈملىدىن ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ ۋە رەتلەپ چىقىپ، ئارخىپلاشتۇرىدۇ ھەمدە سىستېمىلاشقان بىر كۇتۇپخانا ئېچىشقا تىرىشىدۇ.

# د ئۇ ق نىڭ سىياسىي ھەرىكەت پىلانى

B: تاشقىي جەھەتتە

11 . د ئۇ ق كېيىنكى قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغىچە، رەئىس رابىيە خانىمنىڭ بىۋاسىتە باشلامچىلىقىدا د ئۇ ق بىلەن دۇنيا دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى، بولۇپمۇ غەرب دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى كۈچلەندۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، دۆلەت زىيارەتلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىدۇ، پروگرام مەزمۇنلىرىنى يەنىمۇ بېيىتىدۇ ۋە كۆرۈشىدىغان رەھبەرلەرنىڭ پروتوكول دەرىجىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرىدۇ.

12 . د ئۇ ق رەئىسى ۋە د ئۇ ق مەنسۇپلىرى ئېلىپ بارغان دۆلەت زىيارەتلىرىدە، قۇرۇلتاي پروگراممىسىغا مۇناسىپ ھالدا، د ئۇ ق نىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەمدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىنى سىياسىي يوللار بىلەن ھەل قىلىشتىكى بىردىنبىر يېتەكچى ئورگان بولۇشتەك رېئاللىقنى دۇنيا جامائىتىگە قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. د ئۇ ق نىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلغۇچى بىردىنبىر سالاھىيەتلىك ئورگان ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش، بارلىق زىيارەتلەرنىڭ باش كۈن تەرتىپىگە قويۇلىدۇ.

13 . د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتى تىبەتكە ئوخشاش تەقدىرداش مىللەتلەرنىڭ سىياسىي تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ئەدلىيە ئورگانلىرىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭمۇ تىبەتكە ئوخشاش خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان مۇستەملىكە زېمىن ئىكەنلىكى ھەققىدە قانۇنىي بەلگە چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. كېرەكلىك تارىخى دەلىللەر د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەتقىقات – ئۇچۇر مەركىزى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملەردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، شۇنداقلا چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن توپلىنىدۇ. بۇ خىزمەتكە د ئۇ ق رەئىسى، د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە بۇلار ئورۇنلاشتۇرغان شەخسلەر مەسئۇل بولىدۇ.

14. ئۇيغۇر دەۋاسىنى دۇنيا سىياسىي سەھنىسىگە كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى سەۋىيەسىدىن سىياسىي مەسىلە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ سىياسىي يوللار بىلەن ھەل قىلىنىشى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئۇيغۇر ۋە چەت ئەللىكلەردىن شەكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇلار، ئالدىمىزدىكى بىر يىل ئىچىدە كونفرانس ئۆتكۈزۈپ، لايىھە تۈزۈپ، د ئۇ ق نىڭ مۇھاكىمىسىگە سۇنىدۇ. 3 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغىچە خىزمەتلەر خۇلاسىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىنىش چارە ـ تەدبىرلىرىنىڭ كونكرېتنى لايىھىسىنى قۇرۇلتاينىڭ ماقۇللىقىغا سۇنىدۇ. بۇ خىزمەتلەرگە د ئۇ ق رەئىسى شەخسەن يېتەكچىلىك قىلىدۇ. كېرەكلىك پروگراما ۋە پىلانلار ئىجرائىيە كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلىدۇ.

15 . د ئۇ ق ئامېرىكا پارلامېنتى، ياۋروپا پارلامېنتىنى ئاساس قىلغان ھالدا، دېموكراتىك دۆلەت پارلامېنتلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇد ۋەزىيىتى، ئۇيغۇر سىياسىي ھەرىكىتىنىڭ ھىمايە قىلىنىشى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتىن ئىبارەت ھەققانىي دەۋاسىنىڭ

دەستەكلىنىشى  ھەققىدە مەخسۇس قانۇن ۋە قارارلارنى چىقىرىشى ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى. بۇ پائالىيەتلەرگە د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتى بىر تۇتاش ۋە سىستېمىلىق يېتەكچىلىك قىلدى.

16 . د ئۇ ق پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا 2008 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى ۋە خەلقئارا مەتبۇئاتلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ خەلقئارالىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئولىمپىك يىغىنىدىن بۇرۇن، ئاخبارات ساھەسى ۋە مۇناسىۋەت دائىرىلەرنى شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ، ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان زىيانكەشلىكلەرنى نەق مەيداندىن تەكشۈرۈپ چىقىشقا چاقىردى. كېرەكلىك تەشۋىقات ستراتىگىيەلىرى، قەدەم باسقۇچلىرى د ئۇ ق نەشرىيات ـ تەشۋىقات مەركىزىنىڭ بىر تۇتاش پىلانى ئاساسىدا يۈرگۈزۈلدى.

17 . شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقئارا سىياسىي مەسىلىگە ئايلاندۇرۇش، ئۇيغۇرلارغا كۈچلۈك بىر سىياسىي ئىتتىپاقداش تېپىش، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى دۇنيادىكى خىتايغا قارشى دۆلەت ۋە كۈچلەر ئارىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، غەرب سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان دۆلەت ۋە مىللەت تەشكىلاتلىرى بىلەن ئورتاقلىشىپ ئىشلەش ئىمكانلىرى ئىزلىنىدى. ئۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ئىتتىپاقنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن داڭلىق ئالىملار، سىياسىيونلار ۋە تونۇلغان زاتلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئورتاق كونفرانس ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كونفرانستىن چىققان خۇلاسە دوكلاتلىرى ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرى پارلامېنت ۋە ھۆكۈمەتلىرىگە تەقدىم قىلىنىدى. ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خىتاي بىلەن ئىستراتېگىيىلىك زىتلىقى بار بولغان دۆلەتلەردە ھالقىلىق سىياسىي مەسىلىگە ئايلاندۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد توختى بۇ خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا، تەشكىللەشكە ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىغا مەسئۇل بولدى. خىزمەتلەرنىڭ تەييارلىقى  ئىككى يىل ئىچىدە تاماملىنىپ، 3 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغىچە بەلگىلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

18 . ھەر بىر دۆلەتتىكى تەشكىلاتلار، شۇ دۆلەتتىكى خىتايغا قارشى بارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ژۇرنالىستلار، سىياسىي پارتىيە مەنسۇپلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، پېنسىيىگە چىققان تەسىرى كۈچلۈك دىپلوماتلار ۋە ئاكادېمىك شەخسلەردىن تەشكىل تاپقان ئۇيغۇر دوستلىرى تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارخىپىنى تىكلەيدۇ. بۇلار د ئۇ ق نىڭ خەلقئارالىق ئالاقە ئامبىرىدا رەتلىنىپ، دائىملىق ھالدا بۇ تىزىملىكتىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچۇر ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئۇچرىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ، پائالىيەتلەرگە تەكلىپ قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ پىدائىي ھالدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا خىزمەت قىلىشىغا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ. كېيىنكى قېتىملىق قۇرۇلتايغىچە ھەر بىر تەشكىلات بۇ ھەقتە د ئۇ ق ئۇچۇر مەركىزىنى يېتەرلىك ئۇچۇر ۋە تىزىملىك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

19 . د ئۇ ق نىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، شىكايەت سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كونكرېتنى تەلەپ قىلىش، د ئۇ ق ئۈچۈن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم تەلەپ قىلىش باسقۇچىغا كىرىدۇ. د ئۇ ق رەئىسىنىڭ زىيارىتىدىن بۇرۇن، زىيارەت قىلماقچى بولغان دۆلەتنىڭ كونكرېتنى

ئەھۋالى، خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى كۆچلۈك، ئاجىز تەرەپلىرى، ھەر خىل ئىمكانىيەتلەر ۋە پۇرسەتلەر ھەققىدە، مەركۇر دۆلەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، د ئۇ ق رەئىسى زىيارىتىنىڭ كۈچلۈك ئاساس بىلەن ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ زىيارەتلەرنىڭ كونكرېتنى كۈن تەرتىپىنى بېكىتىش ۋە تەپسىلىي پروگرامما مەزمۇنىغا ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى مەسئۇل بولىدۇ.

## د ئۇ ق نىڭ سىياسىي ھەرىكەت پىلانى

C: يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ تاشقىي خىزمىتى

20 . ھەر بىر تەشكىلات ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتتىكى شەھەرلىك، ۋىلايەتلىك ۋە فېدېرال ھۆكۈمەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى تىكلەشكە، كېڭەيتىشكە ۋە ئورگانىك باغ قۇرۇشقا غەيرەت قىلىدۇ.

21 . ھەر بىر تەشكىلات ئالدى بىلەن ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىكى، تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىكى تەركىبىدىكى ھەر خىل دىۋىزىيەلەردىن مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر ۋە ئورگانلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ھەر يىلى ئەڭ ئاز ئىككى قېتىم بۇ شەخس ۋە ئورگانلار بىلەن ئۇچرىشىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئۈزلۈكسىز مەلۇمات ۋە دوكلات بىلەن تەمىنلەپ، ئۇيغۇر دەۋاسىغا ھەسسە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

22 . ھەر بىر تەشكىلات ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ پارلامېنتى، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە پارلامېنتتىكى ھەر خىل كومىسسىيون (كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيونى، دىنىي ئىشلار كومىسسىيونى، مۇھىت ۋە خىتاي ئىشلىرى كومىسسىيونى..) بىلەن ئالاقە قۇرۇپ، ئۇلارنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە يىلدا ئىككى قېتىم ئۇچرىشىش ئېلىپ بارىدۇ.

23 . ھەر بىر تەشكىلات ئۆز ئەزالىرىدىن، شۇلار تۇرۇۋاتقان رايوندىن سايلانغان مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىش، ئۇلارغا ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەلۇمات يەتكۈزۈپ بېرىش، كونكرېتنى مەسىلىلەر ھەققىدە خەت يېزىش كامپانىيەسى تەشكىللەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يۈكلەپ، ھەر بىر ئەزانىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا غەيرەت قىلىدۇ.

24 . د ئۇ ق رەھبەرلىرى، ھەرقايسى كومىتېتى، مەركەزلەر، د ئۇ ق تەركىبىدىكى بارلىق تەشكىلاتلار پائالىيەت پىلانلىرىدىن ۋە ئېلىپ بارغان ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلىرىدىن د ئۇ ق باش كاتىپلىقىنى ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىدۇ، باش كاتىپلىق بۇ مەلۇماتلارنى رەتلەپ چىقىپ د ئۇ ق رەھبەرلىرى ۋە تەشكىلاتلارنى خەۋەردار قىلىش، شۇنداقلا پائالىيەت كۈن تەرتىپىدە زۆرۈر بولغان تەڭشەشلەرنى ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

25 . بۇ قارار 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي ئىجرا قىلىنىدۇ.

رابىيە قادىر

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى

2006-يىلى 11-ئاينىڭ 27-كۈنى

گېرمانىيە – مىيۇنخېن

د ئۇ ق 2007 ـ 2

# د ئۇ ق نىڭ تەشكىلى مەسىلىلەر ھەققىدە قارارى

(بۇ قارار د ئۇ ق 2 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا تەشكىلى كومىسسىيون تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قارار لايىھىسىگە ئاساسەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى)

د ئۇ ق نىڭ ئاساسلىق قۇرۇلۇش مەقسەتلىرىدىن بىرى بولغان شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ قانۇنى ۋە مۇكەممەل سىياسىي مەركىزىنى بەرپا قىلىش پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان ھالدا، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىگە بىر مەركەزدىن رەھبەرلىك قىلىدىغان تەشكىلى قۇرۇلمىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، كۈچلەندۈرۈش ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي بىرلىكىمىزنى پارچىلاش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەر خىل سىياسىي سۈيىقەستلىرىگە، بۆزغۇنچىلىقلىرىغا تاقابىل تۇرۇش، شۇنداقلا مىللىي مۇجادىلە سېپىمىزنىڭ پاكلىقىغا، ئىشەنچىلىكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە، د ئۇ ق تۆۋەندىكى قارارنى قوبۇل قىلدى.

1 . د ئۇ ق تەركىبىدىكى بارلىق تەشكىلاتلار قۇرۇلتاي چاقىرىقلىرىغا، قارارلىرىغا قەتئىي ئەمەل قىلىشى، قۇرۇلتاي بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان پائالىيەتلەرنى شەرتسىز ئورۇنلاش بىلەن بىرگە، ئېلىپ بارغان پائالىيەتنىڭ د ئۇ ق چاقىرىقى ئاساسىدا بولغانلىقىنى تەشۋىق قىلىش.

2 . د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلاتلار د ئۇ ق قارارلىرىنى، چاقىرىق ۋە مۇراجىئەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنتېرنېت تور بەتلىرىدە، نەشىر، ئەپكارلىرىنىڭ باش بەتلىرىدە ئېلان قىلىشى ۋە بۇ ئارقىلىق بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلارنىڭ د ئۇ ق نىڭ تەشەببۇسلىرىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش.

3 . د ئۇ ق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازادلىقى، دېموكراتىيىسى ۋە ئىنسانى ھەق ـھوقۇقى ئۈچۈن چەت ئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق تەشكىلاتلارنى د ئۇ ق تەركىبىگە كىرىشكە ۋە پۈتۈن پائالىيەتلىرىنى د ئۇ ق بەلگىلىگەن پرىنسىپلار بويىچە ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىدۇ. تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ھازىرغىچە د ئۇ ق تەركىبىگە كىرمىگەن تەشكىلاتلار كېچىككەندە 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن، د ئۇ ق تەركىبىگە كىرىش ئۈچۈن يازما ئىلتىماس تاپشۇرۇشى كېرەك. د ئۇ ق تەركىبىگە كىرىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغان تەشكىلاتلار د ئۇ ق تەپتىش ھەيئىتى ۋە ئىچكى

ئىشلار كومىتېتى تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، ئىجرائىيە ھەيئەتلىرى تەرىپىدىن ماقۇللانغاندىن كېيىن، د ئۇ ق رەئىسىنىڭ تەستىقى بىلەن د ئۇ ق غا قوبۇل قىلىنىدۇ.

4 . مەۋجۇد تەشكىلاتلارنىڭ سىپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە تەشكىلى بىرلىكىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، يېڭىدىن تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. دەۋا ئېھتىياجى بىلەن يېڭىدىن تەشكىلاتلار قۇرۇشقا ئېھتىياج تۇغۇلغان دۆلەت ۋە رايونلاردا، پەقەت د ئۇ ق نىڭ ماقۇللىقى ۋە ھەمكارلىقى بىلەنلا يېڭى تەشكىلات قۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ پرىنسىپنى رەت قىلىپ، د ئۇ ق نىڭ ئىجازىتىسىز قۇرۇلغان تەشكىلاتلارنى د ئۇ ق ئېتىراپ قىلمايدۇ ۋە بۇ تەشكىلاتنى دۇنياغا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تەمسىل قىلىش سالاھىيىتى يوق، دەپ جاكارلايدۇ.

5 . ھەر قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولغۇچىلارنىڭ ۋە رەھبەرلىك قاتلىمىدا ۋەزىپە ئالغۇچىلارنىڭ سىياسىي كەچۈرمىشى ۋە سالاھىيىتى تەكشۈرۈلىدۇ.

6 . د ئۇ ق ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى قەتئىي قوغدىلىدۇ. ھەر خىل شەكىللەر بىلەن د ئۇ ق ياكى ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشقا ۋە تۆھمەت قىلىش، ھاقارەت قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى سادىر قىلغۇچى ھەققىدە جىددىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ، تەدبىر قوللىنىلىدۇ.

7. د ئۇ ق ئىچكى ئىشلار كومىتېتى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلاتلار بىلەن ئاما، تەشكىلاتلار بىلەن تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرۈش، مەۋجۇد ئۇقۇشماسلىق، كېلىشمەسلىكلەرنى ھەل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

8. شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا بولغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى دىققەتكە ئېلىپ، د ئۇ ق دا ۋە د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كىشلەرنىڭ ھەر قانداق باھانە ـ سەۋەبنى كۆرسىتىپ، خىتايغا ۋە خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى رايونلارغا، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستانغا بېرىشى قەتئىي چەكلىنىدۇ. د ئۇ ق دا ۋە د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئۆتىگەن كىشلەر ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، ئۈچ يىلغىچە ۋەتەنگە بارماسلىقى كېرەك.

9. خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرى بىلەن ئالاقە قىلغانلار، شۇنداقلا ئۇلارغا خىزمەت قىلغانلار ياكى ئالاقىسى بار دەپ گۇمان قىلىنغانلار جىددىي سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ د ئۇ ق ياكى تەشكىلاتلاردىكى ۋەزىپىسى دەرھال ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ قانۇن، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا مەلۇم قىلىنىپ، قانۇنى جازاغا تارتىلىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ.

10 . خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرى بىلەن ئالاقىسى بولغان ياكى ئالاقىسى بار، دەپ گۇمان قىلىنغان شەخسلەر بىلەن د ئۇ ق ۋە د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئالغان كىشلەرنىڭ ھېچ بىر شەكىلدە ئالاقە قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ھازىرغىچە دوستلۇق

ياكى باشقا شەكىلدە مۇناسىۋىتى بولغانلارنىڭ، مۇناسىۋىتىنى دەرھال ئۈزۈشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا چارە كۆرۈلىدۇ.

11 . ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن خىتاي دائىرىلىرى، بىخەتەرلىك ئورگانلىرى بىلەن ئالاقە قىلىپ كەلگەن، ئۇلارغا خىزمەت قىلغان ياكى شۇنىڭغا مەجبۇرلانغان، ئالدانغان، ئازدۇرۇشقا ئۇچرىغان شەخسلەر ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، د ئۇ ق رەھبەرلىكىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلسا ۋە بۇنىدىن كېيىن مىللىي دەۋايىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىيىتىنى ئىپادە قىلسا، ئۇنىڭ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن خاتالىقى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، قايتا سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ ۋە ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش شارائىتى يارىتىپ بېرىلىدۇ. ئۆزىنى تاپشۇرغانلارنىڭ مەسىلىسى قەتئىي مەخپىي تۇتۇلىدۇ.

12 . ھەر قانداق بىر سەۋەب بىلەن د ئۇ ق دىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەن ياكى د ئۇ ق تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان كىشىنىڭ، قايتا د ئۇ ق نىڭ ۋەكىلى بولۇش ۋە د ئۇ ق دىن ۋەزىپە ئېلىش سالاھىيىتى بولمايدۇ.

13 . شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلغان، د ئۇ ق نىڭ قارارلىرىنى پىداكارلىق بىلەن ئورۇنلىغان تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر ماددىي، مەنىۋى جەھەتلەردىن تەقدىرلىنىدۇ.

14 . د ئۇ ق قارارلىرىنى، چاقىرىقلىرىنى ۋە ۋەزىپىلىرىنى سەۋەبسىز ئورۇنلىمىغان تەشكىلات، قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى ۋە ۋەكىللىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى قەتئىي سۈرۈشتە قىلىنىدۇ ۋە چارە كۆرۈلىدۇ.

15 . بۇ قارار 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي ئىجرا قىلىنىدۇ.

رابىيە قادىر

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى

2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

گېرمانىيە – ميۇنخېن

د ئۇ ق 2007 ـ 3

# د ئۇ ق نىڭ فوند ھەققىدىكى قارارى

(بۇ قارار د ئۇ ق 2 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا مالىيە ـ فوند كومىسسىيونى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قارار لايىھىسىگە ئاساسەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى)

د ئۇ ق شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىگە ۋە خەلقئارا سەۋىيىدە كەسپىلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مىللىي ھەرىكىتىمىزنى ئىقتىسادى ئاساس بىلەن تەمىنلەشنى نۆۋەتتىكى مۇھىم پروگراممىلاردىن بىرى دەپ قاراپ، د ئۇ ق فوندىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى قارارنى قوبۇل قىلدى.

1 . د ئۇ ق شەرقىي تۈركىستانلىقلار ياشاۋاتقان دۆلەت ۋە رايونلاردا د ئۇ ق فوندىنىڭ مەخسۇس ۋاكالەتچىلىرىنى تەسىس قىلىدۇ. بۇ ۋاكالەتچىلەر شۇ دۆلەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن د ئۇ ق فوندى ئۈچۈن ئىقتىساد توپلاشقا مەسئۇل بولىدۇ. (تەشكىلات يوق دۆلەتلەردىكى ئىقتىساد توپلاش ئىشىغا، د ئۇ ق تەرىپىدىن مەخسۇس بەلگىلەنگەن فوندى ۋاكالەتچىسى مەسئۇل بولىدۇ).

2 . د ئۇ ق تەركىبىدىكى ھەر بىر تەشكىلات، دەسلەپكى قەدەمدە د ئۇ ق فوندىغا 300 ئېرو ياردەم يوللايدۇ. بۇ ياردەم د ئۇ ق فوندىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېلىپ بارىدىغان ئىقتىسادى ئىئانە سەپەرۋەرلىكىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە سەرپ قىلىنىدۇ.

3 . د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلاتلار ئەزا سانى ۋە شۇ دۆلەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلارنىڭ سانىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا، د ئۇ ق فوندىغا مۇۋاپىق مىقداردا يىللىق ياكى ئايلىق بەدەل پۇلى تۆلەيدۇ.

4 . مۇھاجىرەتتە ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستانلىق، جۈملىدىن ئۇيغۇر دەپ بىلگەن ۋە 18 ياشقا تولغان ھەر بىر كىشى دۇنيانىڭ نەرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر ئايدا 3 ئېرو (ياكى 4$) «ۋەتەنداشلىق بەدىلى» ( ئۇيغۇرلۇق بەدىلى) تاپشۇرىدۇ.

5 . ۋەتەنداشلىق بەدىلى (ئۇيغۇرلۇق بەدىلى) د ئۇ ق فوندىنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردە بەلگىلىگەن فوند ۋاكالەتچىلىرى ئارقىلىق توپلىنىپ، ھەر 3 ئايدا بىر قېتىم د ئۇ ق فوندىغا يوللىنىدۇ. د ئۇ ق نىڭ ۋاكالەتچىسى بولمىغان دۆلەتلەردىكى كىشىلەر، د ئۇ ق نىڭ بانكا ھېسابىغا ياكى پوچتا بىلەن د ئۇ ق ئادرېسىغا بىۋاستە يوللىسا بولىدۇ.

6 . د ئۇ ق غا ئىئانە قىلغان ياكى ۋەتەنداشلىق بەدىلى (ئۇيغۇرلۇق بەدىلى) تاپشۇرغان ھەر قانداق كىشىگە د ئۇ ق فوندى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان بىرلىككە كەلگەن سىچوت (ھۆججەت) ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. (پۇل تاپشۇرۇپ، سىچوت ئالمىغان كىشىلەر دەرھال د ئۇ ق تەپتىشىگە ياكى باش كاتىپلىققا مەسىلىنى مەلۇم قىلىشى كېرەك).

7 . د ئۇ ق دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تەشكىلات رەھبەرلىرى ۋە نوپۇزلۇق زاتلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ۋەتەنداشلىق بەدىلى (ئۇيغۇرلۇق بەدىلى) نى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىچىدىكى سودا ـ سانائەتچىلەر، بايلار ۋە شىركەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش سەپەرۋەرلىكى ئېلىپ بارىدۇ.

8 . د ئۇ ق خەلقئارا تەشكىلاتلار، فوندلار، ياردەم قۇرۇلۇشلىرى ۋە شىركەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

9 . د ئۇ ق قىسقا مۇددەت ئىچىدە، ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فونىدىنىڭ د ئۇ ق پروگراممىلىرى ئۈچۈن ئاجراتقان ئىقتىسادى ياردىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېرىشىدۇ.

10 . د ئۇ ق ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىغا ۋە خەلقئارا سودا قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن بولغان تىجارەت ۋە مۇلازىمەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

11. بۇ قارار 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي ئىجرا قىلىنىدۇ.

رابىيە قادىر

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى

2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

گېرمانىيە – مىيۇنخېن

د ئۇ ق 2007 ـ 4

# د ئۇ ق نىڭ سىياسىي ئىلتىجاچىلار ۋە مۇھاجىرلار مەسىلىسى ھەققىدە قارارى

(بۇ قارار د ئۇ ق 2 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا مۇھاجىرلار كومىسسىيونى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قارار لايىھىسىگە ئاساسەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى)

د ئۇ ق شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان سىياسىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى سەۋەبىدىن ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قېلىپ، چەت ئەللەرگە قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ۋە سىياسىي ئىلتىجاچىلارغا ياردەم قىلىشنى ئاساسلىق مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىرى دەپ قاراپ، بۇ خۇسۇستا تۆۋەندىكى قارارلارنى قوبۇل قىلدى.

1 . د ئۇ ق رەھبەرلىرى ھەر قايسى دۆلەت پارلامېنت رەھبەرلىرى، ب د ت ۋە خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، شەرقىي تۈركىستانلىق سىياسىي ئىلتىجاچىلار ۋە مۇھاجىرلار مەسىلىسىنى ئىزچىل، جىددىي ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە ئۇلارنى زۆرۈر بولغان مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2 . د ئۇ ق ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ب د ت مۇھاجىرلار ئىدارىسى ۋە ب د ت مۇھاجىرلار يۇقىرى كومىسارلىقى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ب د ت مۇھاجىرلار ئىدارىسىنىڭ سىياسىي ئىلتىجا قىلغان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئىشلىرىغا جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

3 . د ئۇ ق ئىلتىجاسى ب د ت مۇھاجىرلار ئىدارىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان، ئەمما ساقلىنىپ قويۇلۇۋاتقان مۇھاجىرلارنىڭ 3 ـ دۆلەتكە ئورۇنلىشىش ئىشلىرىنىڭ تېزلىتىلىشى ئۈچۈن، ب د ت مۇھاجىرلار يۇقىرى كومىسارلىقى ۋە مۇھاجىرلارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغان 3 ـ دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇپ، ئۇيغۇر ئىلتىجاچىلار مەسىلىسىنىڭ تېز بىر تەرەپ قىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

4 . د ئۇ ق قوشنا ئەللەرگە قېچىپ چىقىپ، يەنىلا يوشۇرۇنۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى شۇ دۆلەتلەردىكى ب د ت مۇھاجىرلار ئىدارىسىگە ئىلتىجا قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان (ب د ت مۇھاجىرلار ئىدارىسىگە تىزىمغا ئالدۇرۇش يولىنى بىلمىگەن ياكى قېچىپ يۈرگەنلىك سەۋەبلىك بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمىغان) كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش ۋە ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شۇ دۆلەتلەرگە مەخسۇس خادىم ئەۋەتىپ چارە ئىزدەيدۇ.

5 . د ئۇ ق ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ب د ت مۇھاجىرلار ئىدارىسىگە ئىلتىجا قىلغان ياكى ئىلتىجا قىلماقچى بولغان مۇھاجىرلارنىڭ ئىشلىرىغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، سىياسىي ئىلتىجا قولانمىسى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلاتلار ۋاستىسى بىلەن ۋەتەنداشلارغا تارقىتىدۇ ۋە د ئۇ ق ئىنتېرنېت سەھىپىسىدە ئېلان قىلىدۇ.

6 . د ئۇ ق ب د ت مۇھاجىرلار كومىسسارلىقى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ب د ت مۇھاجىرلار ئىدارىسىگە ئىلتىجا قىلغان ئۇيغۇر سىياسىي ئىلتىجاچىلارغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

7 . د ئۇ ق ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلار قارمىقىدا سىياسىي ئىلتىجاچىلار ۋە مۇھاجىرلارغا ياردەم قىلىش، مەسلىھەت بېرىش بۆلۈمى قۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردىكى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرى بىلەن جىددىي ئالاقە باغلاپ، مۇھاجىرلار مەسىلىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

8 . قوشنا دۆلەتلەردە سىياسىي سەۋەبتىن بىگۇناھ تۈرمىدە يېتىۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا قانۇنلار ۋە جەنۋە كېلىشىمى بويىچە ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن، شۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاشقا تىرىشىدۇ، شۇنداقلا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، تۈرمىدىكى مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ.

9 . ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئىقتىسادى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن سىياسىي ئىلتىجاچىلار ۋە مۇھاجىرلارغا، مۇۋاپىق مىقداردا قەرز ھېسابىدا ئىقتىسادى ياردەم قىلىشقا تىرىشىدۇ. د ئۇ ق نىڭ قەرز ھېسابىدىكى ئىقتىسادى ياردىمىگە ئېرىشكەن مۇھاجىرلار بىخەتەر دۆلەتكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، قەرزىنى د ئۇ ق غا قايتۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق مۇھاجىرلارغا قىلىنىدىغان ياردەمنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

10 . سىياسىي ئىلتىجا قىلغان ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئىلتىجا قىلغان دۆلەتكە كېلىپ كېچىككەندە 6 ئاي ئىچىدە د ئۇ ق غا ياكى شۇ دۆلەتتىكى د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلاتقا ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى، ئۇ تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشى ۋە تەشكىلات بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك. بۇ بەلگىلىمىنى ئورۇنلىمىغان كىشىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىياسىي ئىلتىجا ئىشلىرىغا د ئۇ ق ۋە د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلاتلار ياردەم قىلمايدۇ.

11 . خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق سىياسىي ئىلتىجاچىلار ۋە مۇھاجىرلار ئىشلىرىغا بولغان بۇزغۇنچىلىقى، ھەر خىل سۇيىقەستلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە د ئۇ ق ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇھاجىرلار ئىدارىسىگە مەخسۇس خەت يېزىپ، ئىلتىجاچى ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىگە قارار بېرىشتىن ئاۋۋال، شۇ دۆلەتتىكى د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ شۇ كىشى ھەققىدىكى پىكرىنى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

12 . ھەر قايسى دۆلەتلەرگە كېلىپ سىياسىي ئىلتىجا قىلغان ھەر بىر كىشىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ چىقىلغاندىن كېيىن، ياردەم قىلىنىدۇ.

13 . د ئۇ ق مۇھاجىرلار مەركىزىنىڭ بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشىدا، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلات تەرىپىدىن شۇ دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنىڭ ئېنىق تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ چىقىلىدۇ.

14 . بۇ قارار 2007 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي ئىجرا قىلىنىدۇ.

رابىيە قادىر

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى

2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

گېرمانىيە – مىيۇنخېن

د ئۇ ق 2007 ـ 5

## د ئۇ ق نىڭ نەشرىيات ـ تەشۋىقات ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ پائالىيەتلىرى ھەققىدە قارارى

(بۇ قارار د ئۇ ق 2 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا نەشرىيات ـ تەشۋىقات كومىسسىيونى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قارار لايىھىسىگە ئاساسەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى)

د ئۇ ق تەشۋىقاتىنىڭ شەرقى تۈركىستان مىللىي دەۋاسىدىكى رولىغا بىنائەن، تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئىچكى تەشۋىقات ۋە سىرتقى تەشۋىقات كاتېگورىيىسى بويىچە ئېلىپ بېرىش پىلانىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن، نەشرىيات ـ تەشۋىقات ساھەسىدە تۆۋەندىكىلەرنى قارار قىلدى.

1 . د ئۇ ق نىڭ ئۆز ئارا خەت ـ ئالاقىلىرىدە، د ئۇ ق ئىنتېرنېت تور بېتىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن لاتىن ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى ياكى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى ئىشلىتىلىدۇ. ئىچكى تەشۋىقاتلاردىكى رەسمىي نەشرىيات ئىشلىرىدا، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى ئىشلىتىلىدۇ.

2 . د ئۇ ق نىڭ نەشرىيات ۋە تەشۋىقات خىزمەتلىرىگە د ئۇ ق نەشرىيات ـ تەشۋىقات مەركىزى مەسئۇل بولىدۇ ۋە كونكرېت خىزمەتلىرىنى د ئۇ ق باش كاتىپلىقى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بارىدۇ.

3 . د ئۇ ق نىڭ ئىنتېرنېت تور بېتىنى مەۋجۇد سەۋىيەدىن تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھازىرقى ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە، خىتايچە ۋە نېمىسچە تىللارغا قوشۇپ، باشقا تىللاردىمۇ نەشر قىلىش ئىشىنى قەدەم باسقۇچ بىلەن ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

4 . د ئۇ ق ئۆزىنىڭ مەخسۇس نەشر ئەپكارى سۈپىتىدە، قۇرۇلتاينىڭ ئورگان ژۇرنىلىنى نەشر قىلىدۇ.

5 . د ئۇ ق ۋەتەندىكى خەلقىمىزنى دۇنيادا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت ھەقىقىي ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار قىلىش بىلەن بىرگە، مىللىي تەشۋىقاتنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن سىياسىي، تارىخىي، مەدەنىيەتلىرىمىزگە ئائىت ماتېرىياللار، شۇنداقلا ۋەتەندە نەشر قىلىش چەكلەنگەن كىتابلارنى نەشر قىلىپ تارقىتىدۇ.

6 . خەلقئارا جامائەتچىلىكنى ئۆز ۋاقتىدا شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە، ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك دوكلاتلار، مەلۇماتلار، كىتابچىلار چەت ئەل تىللىرىدا تەييارلىنىپ نەشر قىلىنىدۇ. CD، ۋىدىئو فىلىملىرى ئىشلەپ تارقىتىلىدۇ.

7. ھازىرغىچە چەت ئەللەردە د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن بولسۇن ياكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل شەكىلدە بولسۇن، ھەر يەردە نەشر قىلىنىۋاتقان گېزىت ـژۇرناللارنىڭ د ئۇ ق نەشرىيات ـ تەشۋىقات مەركىزىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىش ئېلىپ بېرىشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ تەشۋىقات

ۋاستىلىرى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ سوپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ تېخىمۇ راۋانلىششى ئۇچۇن د ئۇ ق ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ياردەمدە بولىدۇ.

8. د ئۇ ق ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي مائارىپىمىز ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى يوق قىلىش مەقسىتىدە ئۇيغۇر تىلىغا قارىتا يولغا قويۇۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىگە قارشى چىقىشقا، ئۇيغۇر تىلىنى قوغداپ قېلىشقا چاقىرىدۇ.

9 . شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ ئەبەدىلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ۋەتەن سىرتىدىكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مىللىي روھ بىلەن يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ھەر قايسى دۆلەتلەردە تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆسمۈرلەرنى تارىخ، جۇغراپىيە، تىل ـ يېزىق، دىن ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەش پروگراممىلىرى يولغا قويۇلىدۇ ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى رىغبەتلەندۈرۈش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

10 . دىنىي تەلىم – تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ ۋە دىنىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە دىنىي ئۆلىمالار ھەمدە دىنىي زاتلارنىڭ پىكىرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. دىنىي مەسىلىلەردە دىنىي زاتلارنىڭ قارىشىغا ھۆرمەت قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

11. دۇنيا ئىسلام كونفرانسى قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلار، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت، پارلامېنتلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا بولغان ھېسداشلىقىنى ۋە دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى، دىنى تەلىم ـ تەربىيە جەھەتلەردە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ.

12 . بۇ قارار 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي ئىجرا قىلىنىدۇ.

رابىيە قادىر

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى

2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

گېرمانىيە – ميۇنخېن